...ىاللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى 2003 - يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل - ئەدەبىيات

7 - يىللىقلار ئۈچۈن

1 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

义务教育课程标准实验教科书

# 语 文

七年级 上册

经新疆维吾尔自治区中小学教材
审定委员会 2003 年审查通过

(维吾尔文)

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى: 890×1240، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى: 8

2003 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2006 ـ يىل 6 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 120 000

ISBN 7 — 5370 — 4549 — 6

G · 1513 (维课) باھاسى: 5.22 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.
بېسىش ـ تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 ؛ تېلېفون: 0991—2863761



پولات قانداق تاۋلاندى



دولان مەشرىپى



مەھمۇد قەشقەرى



پىسا قىيسىق مۇنارى



تۇرپان كارىزى



پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

# مەجبۇرىيەت مائارىپى تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش - تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى

ھەيئەت مۇدىرى: ساتتار ساۋۇت

مۇئاۋىن مۇدىرى: غوپۇر ھاشىم  جاڭ چياڭ

ھەيئەت ئەزالىرى: جاۋ مىڭ  ما ۋېنخۇا

ماۋ ۋېنشىن  تاھىر ناسىر

ما شېڭشۇ  ئابلىمىت قاسىم

شياپىن  نۇرباقىت قادىر

ئەكبەر سىراجىدىن  مىجىت مۇھەممەد

جاڭ يۈجېي  ئەخمەت سالى

قابىلقاق سادىق  ماقاداس ئاقان

دىلشات خالدىن

تۈزگۈچىلەر: ئازاد مىرقاسىم  ئەھەت ئامان

يالقۇن روزى  تەلئەت قادىرى

ئابدۇلئەھەت ئابدۇرەشىت بەرقى

كامىل رەھىم  سىتىۋالدى كېرىم

ئايىبەك ئۆمەر ئۇيغۇرى

ئەلى غوجاخۇن

مۇھەررىرى: يالقۇن روزى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھامۇت ياسىن

مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل ھېيتەم

رەسسام: خالىل ئابدۇقادىر

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ھۆرىيەت يۈسۈپ

# نەشرىياتتىن

قولىمىزدىكى «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «تىل - ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى»گە ئاساسەن تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنى بىرلىكتە تۈزدۈردى. بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە، دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش ھەمدە يېڭى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى؛ بىلىم ۋە قابىلىيەت، جەريان ۋە ئۇسۇل، ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مەزمۇن جەھەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىپ ئۆگىنىش جەريانىغا باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا، دەرس ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

دەرسلىكنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانىدا، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قاراماي شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسى ۋە ئاتۇش شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار

مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوتسېنت، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، يېڭى دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. قولىمىزدىكى بۇ دەرسلىكنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئازاد رەخمۇتۇللا سۇلتان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۇرنان قاسىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن جىلىل ئابدۇراخمان، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن هامۇت ياسىن، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئابدۇقەييۇم توختىهاجى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. مىرسۇلتان ئوسمان ئەپەندى تەكلىپ بىلەن ئۇيغۇر تىلى قىسمىنى كۆرۈپ چىقتى. بىز بۇ دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان ئورۇنلارغا، ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە قىممەتلىك تەكلىپ، پىكىرلەرنى بەرگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

قولىمىزدىكى بۇ دەرسلىك مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە دەرس ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونلىرىدىكى مەكتەپلەر 7 - يىللىقلىرىنىڭ 1 - ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئىشلىتىلىدۇ. كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى نەشرىياتىمىزغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، قىممەتلىك تەكلىپ، پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2003 - يىلى ماي

## قەدىرلىك ساۋاقداش:

قولىڭىزدىكى بۇ تىل ـ ئەدەبىيات كىتابىنى كۆرۈپ خۇشال بولدىڭىزمۇ؟ ئۇ سىزنىڭ ياخشى دوستىڭىز بولۇپ قالغۇسى!

كىتاب بەتلىرىنى ۋاراقلىغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى ئەدەبىياتنىڭ رەڭدار دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتقانسىز؟ مانا، يازغۇچى جاۋ لىخۇڭ سىزگە ئەدەبىيات ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرۇپتۇ. زۇنۇن قادىرىنىڭ ئاجايىپ ئەسلىمىسى سىزگە ئالتۇندەك بالىلىق دەۋرىڭىزنى تېخىمۇ قەدىرلىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. خالىدە ئىسرائىل، جۇ زىچىڭ قاتارلىق يازغۇچىلار سىز ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ گۈزەل كارتىنىلىرىنى يېيىپ تۇرۇپتۇ. مارى • كيۇرى ۋە گالىلېيدەك ئالىملارنىڭ ئىلىم ـ پەننى سۆيۈش روھى ۋە ئىلمىي ئىدىيىسى سىزنى ئېرپان بوسۇغىسىغا تارتىپ تۇرۇپتۇ. ئاجايىپ ـ غارايىپ چۆچەكلەر سىزنى پايانسىز تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا تارتىپ تۇرۇپتۇ. ئەنە رەڭدار ئالتە سەھىپە سىزنىڭ ئەركىن ـ ئازادە زوقلىنىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بەھۇزۇر ئوقۇڭ، يېزىڭ، ئاڭلاڭ ھەم سۆزلەڭ. بىز ھاۋالە قىلغان «نادىر ئەسەرلەر» ۋە «مەخسۇس تېما» ئۆگىنىشىڭىزگە مول مەزمۇنلارنى ئاتا قىلىدۇ. ئەدەبىيات بىلەن باشقا پەنلەرنى كىرىشتۈرۈش تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىش پائالىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى زىچ بىرلەشتۈرىدۇ. تىل ـ ئەدەبىيات ئىلمى بىلەن باشقا ئىلىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىپ، قابىلىيىتىڭىزنى ئۆستۈرىدۇ. تەپەككۇرىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چەكسىز بوشلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئېھتىمال بۇلار سىز بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان يېڭى لايىھە بولۇشى مۇمكىن، لېكىن سىزنىڭ بۇلارنى ياقتۇرۇپ قالىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز. مەشھۇر پېداگوگ سوخوملىنسكى «ھەقىقىي مائارىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش يولىنى ئېچىپ بېرىدىغان مائارىپتۇر» دېگەنىدى. تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگەنگەندە ئۆز كۈچىگە تايىنىش، ئۆزى ئىزدىنىپ بايقاش ئەڭ ياخشى يولدۇر. بىز سىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىڭىز، ئىلمىي ئۆگىنىش ئىستىلىڭىز ئارقىلىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىلىمگە ئىنتىلىپ، پائال ئىزدىنىپ، مۇستەقىل، ئىجادىي ئۆگىنىپ، تىل ـ ئەدەبىيات زېمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىشىڭىزغا ئىشىنىمىز.



— تۈزگۈچىلەردىن

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلەك

## سۆيۈملۈك ئەدەبىيات

1 . سىزگە ئىشىك ئېچىلدى……………… جاۋ لىخۇڭ (2)
2 . تاغلار ……………… خالىدە ئىسرائىل (7)
3 . ئەينەك ……………………………… ئارسلان (10)
4 . «نورماندى» ناملىق پاراخوتنىڭ خەتەرگە يولۇقۇشى
……………………………………………… ھيوگو (12)

ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ

شېئىر ۋە شائىر ……………………………… (19)
تۇيۇقلار ……………………………………… (23)
جىبران نەسرلىرىدىن ئىككى پارچە ……………… (25)

يېزىقچىلىق

ئىلھام كەلگەندە يېزىش كېرەك ………………… (28)

## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

ئەدەبىياتنى سۆيىمەن ………………………… (31)

ئىككىنچى بۆلەك

## ئالتۇن دەۋر

5 . موللاقچىلىقنى ئۆگىنىش ............... زۇنۇن قادىرى (34)
6 . يازلىق لاگېردا ................................ (44)
7 . غايە ...................... ليۇ شاخې (49)
8 . مېنىڭ ئەقىدەم ................... مارى كيۇرى (53)

### ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

بالىلىقىم...................................................... (58)
تۇرمۇش ......................................................... (60)

### يېزىقچىلىق

راست گەپ قىلىش ، چىن ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ...... (62)

### ئاغزاكى ئالاقە

كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە ئوبيېكتقا ، سورۇنغا دىققەت قىلىش ،ئىشلىتىلگەن سۆز مەدەنىي ، لايىقىدا بولۇش ...... (66)

مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

«پولات قانداق تاۋلاندى» ............ .................. (68)

ئۈچىنچى بۆلەك

# ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى

9 . مەشرەپ ........................ ئابدۇكېرىم رەھمان (84)
10 . قارلىق ئويۇنى ................. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا (90)
11 . نورۇزنامە .......................... روزى سايىت (93)

## ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ

داستىخان مەيداندىكى جەڭ ................................. (97)

## يېزىقچىلىق

تورمۇشتىن «خورۇچ» ئىزدەش ........................ (103)

ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

كۆتۈپخانىغا كىرىش ................................... (106)

تۆتىنچى بۆلەك

# رەڭدار تۆت پەسىل

12 . باھار ............................ جۇ زىچىڭ (112)
13 . ياز كېچىسى ..................... تەلئەت قادىرى (116)

14 . كەچكۈز لىرىكىسى ................... قۇربان بارات (119)
15 . دېكابىردا ئۈرۈك گۈللەپتۇ ... ئابدۇرېھىم ئابدۇللا (121)


## ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ


قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى ...................... (123)
تېلى قوشىقى .............................. (126)
ئەقىدىنىڭ يىلتىزى ........................ (127)


## يېزىقچىلىق


مەنزىرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىش ۋە تەسۋىرلەش .........
.............................................. (129)


## ئاغزاكى ئالاقە


سۆزنى قاراتمىلىقتا، جەلپكارلىقتا ئىگە قىلىپ، باشقىلارنى
تەسىرلەندۇرۇش ........................ (132)


**بەشىنچى بۆلەك**

# ئىلىم - پەنگە ئېتىبار بېرىش


16 . قىيسىق مۇناردىكى تەجرىبە ......................
...................... ھېنرى توماس، دانىنا لى توماس (136)
17 . شەيئىنىڭ توغرا جاۋابى بىرلا ئەمەس ...................
...................... روگافى ئىنگن (143)
18 . تۇرپان كارىزلىرى ......... ۋەلى كېرىم كۆكئالپ (148)
19 . تەكلىماكاننى قوچاقلاپ ............ ئەسەت سۇلايمان (153)

ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ
بىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا ................................. (160)
ئەسەر تۈزىتىش مەشقى
سۆز تۈزىتىش .................................................. (161)
يېزىقچىلىق
قول ھۇنەر بۇيۇملىرىنى ياساش جەريانىنى ئاددىي
چۈشەندۈرۈش ................................................ (162)

## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت تەقلىدىي ئاخبارات ئېلان قىلىش
يىغىنى ........................................................ (164)

## مەخسۇس تېما

بۆرە ............................................................ (167)

### ئالتىنچى بۆلەك

## ئاجايىپ ـ غارايىپ خىياللار

20 . يەتتە تال بىرلىيانت ................ لېۋ تولستوي (178)
21 . زەڭگەر پادىشاھلىق...................... تۇرگېنىق (181)

22 . ئۇر توقماق ...................................... (184)
23 . پادشاھنىڭ يېڭى كىيىمى .............. ئاندېرسون (192)

## ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان .............................. (200)

## يېزىقچىلىق

تەسەۋۋۇر .................................................. (210)

## ئاغزاكى ئالاقە

ئەگىتىپ رەت قىلىش .................................. (213)

ئۇيغۇر تىلى ............................................ (215)

## قوشۇمچە I

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ساۋات .................. (229)

## قوشۇمچە II

خەت ـ چەكلەردىن كۆرسەتمە .............................. (231)

## قوشۇمچە III

خەتتاتلىق ................................................ (240)

22 . ئۇر توقماق ........................................ (184)
23 . پادشاھنىڭ يېڭى كىيىمى.............. ئاندېرسون (192)

## ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان ................................ (200)

## يېزىقچىلىق

تەسەۋۋۇر .................................................. (210)

## ئاغزاكى ئالاقە

ئەگىشىپ رەت قىلىش ........................................ (213)

ئۇيغۇر تىلى ............................................. (215)

## قوشۇمچە I

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ساۋات .................. (229)

## قوشۇمچە Ⅱ

خەت ـ چەكلەردىن كۆرسەتمە ............................ (231)

## قوشۇمچە Ⅲ

خەتتاتلىق .................................................. (240)



## بىرىنچى بۆلەك

# سۆيۈملۈك ئەدەبىيات

سىز نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغان بولغىيتىڭىز، سىز ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرەمسىز؟ بۈگۈن ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم قويۇپ ئۆگەنگەن تۇنجى سائەتلىك تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى سىزگە ئەدەبىياتنىڭ سىرلىق ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. سىز بۇ بۆلەكتە خالىدە ئىسرائىلنىڭ تىلى گۈزەل، تە-سەۋۋۇرغا باي بىر پارچە نەسرىدىن ھوزۇرلىنىسىز. شائىر ئارسلاننىڭ «ئەينەك» دېگەن شېئىرى سىز-نىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى پىكىرلىرىڭىزنى ئويغىتىدۇ. فرانسىيىلىك ئەدىب ھيوگونىڭ تەسىر-لىك ھېكايىسى سىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇ-لاردىن ئاجايىپ رەڭدار كىشىلىك تۇرمۇش كارتىنى-لىرى كۆز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ. ئۇ ئەسەرلەردىكى قويۇق ھېسسىيات، گۈزەل ئوبراز، پاساھەتلىك تىل سىزنى مەپتۇن قىلىدۇ. ......



# 1 . سىزگە ئىشىك ئېچىلدى

جاۋ لىخۇڭ[①]

دۇنيادا نۇرغۇن يېپىقلىق ئىشىك بار . ھەربىر ئىشىكنىڭ ئىچىدە سىزگە ناتونۇش بىر دۇنيا يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ . بىلىم ئىزدەش ، جاھان كېزىش دەل بۇ ئىشىكلەرنى ئېچىش جەريانىدۇر . بۇ ئىشىكلەرنى ئېچىپ يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ، بىلىمنىڭ يېڭى دۇنياسىغا قەدەم قويۇش ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چەكمەي قالمايدۇ ، شۇنداقلا ، چەكسىز شادلىققا تولدۇرىدۇ . ئاشۇ ئىشىكلەرنى ئېچىپ كۆرۈش ئىستىكى يوق كىشىلەر روھىي جەھەتتىن نامرات ، ئىرادىسى زەئىپ كىشىلەردۇر . تەبىئەت بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەر باشقىلارنى ھەيرانلىقتىن مەستخۇش قىلغاندا ، بۇنداق كىشىلەر غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ ياتقان بولىدۇ . ئىشىك سىرتىدا زېرىكىشتىن لاغايلاپ يۈرۈشىدۇ .

دۇنيادا ئاچقىلى بولمايدىغان ئىشىك يوق . سىز ۋاقىت ۋە زېھنىڭىزنى ئايىمىسىڭىزلا ، يۈرىكىڭىزدە «ئىشىك» ئىچىدىكى دۇنيانى كۆرۈش ، چۈشىنىش ئىستىكى لاۋۇلداپ تۇرسىلا ، بۇ ئىشىكلەر ئېچىلماي قالمايدۇ . كۆز ئالدىڭىزدا ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر نامايان بولىدۇ .

مۇشۇ تاقاق ئىشىكلەر ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشىك بار . ئۇنىڭ ئىسمى ئەدەبىيات .

---

① جاۋ لىخۇڭ — جۇڭگو بۈگۈنكى زامان يازغۇچىسى . ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى «جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن زۇرۇر ئوقۇشلۇق • ئەدەبىيات تومى»دىن ئېلىنغان .

ئەدەبىيات ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ نازۇك ھېسسىياتلىرىنىڭ ئەڭ تەسىرلىك ۋە مول مەزمۇنلۇق ئىنزھارى، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ ئوبرازلىق قايتا ئىپادىلىنىش شەكلى. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ماھىيەتتە دەل شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر. بىر دەۋرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى شۇ دەۋرنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى، يۈرەك ساداسىدۇر، رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىسى، شۇنداقلا دەۋر روھىنىڭ ۋە كىشىلەر ھېسسىياتىنىڭ جەۋھىرى. مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ غايىۋى تەلپۈنۈشى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭغا ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىيات دۇردانىلىرى ۋە پاراسەت جەۋھەرلىرى مۇجەسسەم قىلىنغان، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق تەبىئەتنى چۈشىنىشىمىز، جەمئىيەتنى چۈشىنىشىمىز، تارىخنى چۈشىنىشىمىز ۋە تۇرمۇشنى چۈشىنىشىمىز چوڭقۇرلىشىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئادەمگە بولغان تەسىرى يوشۇرۇن بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش بىرخىل مەدەنىيەت جۇغلاش، ئەقىل جۇغلاش، ھېسسىيات جۇغلاش، بىلىم جۇغلاش جەريانىدۇر. كۆپلىگەن ئېسىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئادەمنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، ھېسسىياتىنى بېيىتىدۇ. ئەدەبىياتتىن خەۋىرى يوق ھالەتتە مەدەنىيەتلىك، يۇقىرى ساپالىق ئادەم بولۇشنى خىيال قىلىش بىمەنىلىكتۇر. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئەسلا ئوقۇمايدىغان ئادەم «ماگىستىر»، «دوكتور» ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋاندىكى ئادەم بولسىمۇ، ئۇ پەقەت «ئالىي ئەقىلگە ئىگە ياۋايى ئادەم» دىن ئىبارەت. چۈنكى، ئەدەبىياتقا يېقىنلىشىش، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش مەلۇماتلىق ئادەملەرنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش، تەربىيىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ھېسسىياتىنى موللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. بۇ، ھەممىگە ئايان بىر ھەقىقەت.

مەن بۇرۇن «ئەدەبىياتقا سۆز» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە يازغانىدىم. مەن بۇ پارچىدا دىئالوگ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئەدەبىيات توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. تۆۋەندە مەن بۇ پارچىنى كۆپچىلىككە تەقدىم قىلىمەن. ناۋادا ئۇ ئۆسمۈر كىتابخانلارنىڭ

ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىيالىسا، بۇ مېنىڭ بەختىمدۇر.

سەن — بىپايان زېمىن، چەكسىز ئاسمان. سەن — كۆككە تاقاشقان تاغ، دولقۇنلۇق دېڭىز - ئوكيان. سەن رەڭدار قەلىمىڭ بىلەن دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولغان بارلىق گۈزەللىكنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ چىقىسەن. ئەڭ ئۇلۇغ نەرسىلەردىن ئەڭ ئاددىي نەرسىلەرگىچە، ئەڭ ھەيۋەتلىك نەرسىلەردىن ئەڭ كىچىك نەرسىلەرگىچە نەزەرىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قىزغىن داغدۇغىلاردىن ئۇلۇغۋار سۈكۈناتلارغىچە سەندە ئەڭ جانلىق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كىشىلەر ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپ سەن ئارقىلىق دۇنيانى سەيلە قىلالايدۇ.

سەن كىشىلەرگە كىشىلىك ھاياتنىڭ نەقەدەر رەڭگارەڭ ۋە ئەگرى - توقايلىقىنى ئېيتىپ بېرىسەن. سەن ئۆز سەھنەڭدە ھەر خىل ئادەملەرنى رول ئالغۇزۇپ، ئۇلارغا يۇرەكنى لەرزىگە سالىدىغان كومېدىيە ۋە تراگېدىيىلەرنى ئوينىتىسەن. نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان كىشىلەرنى تىلغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارغا ھېسسىياتلىق ھالدا تارىخنى سۆزلىتىش سالىسەن. ئەڭ تونۇش زامانداشلىرىڭنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارغا ئادەم بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ قېلىشى مۇمكىن بولغان مۇمكىنچىلىكلەرنى سۆزلىتىسەن. ئادەملەر سەندە ئەكس ئەتكەن خۇشاللىق ۋە قايغۇ، بەخت ۋە پاجىئەلەرنىڭ تەسىرىدە بەزىدە شادلىنىپ كۈلسە، بەزىدە ئازابلىنىپ ئاچچىق ياش تۆكىدۇ.

سەن — ئۇزاق ئۆتمۈش، شۇنداقلا ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن تۈنۈگۈن. سەن — چېكى يوق كەلگۈسى. نېپىز ۋاراقلاردىن پۈتكەن كىتاب ئەگەر بىر يەلكەنلىك كېمىگە تەمسىل قىلىنسا، سەن ئوقۇرمەنلىرىڭنى شۇ كېمىگە سېلىپ، چەكسىز ۋاقىت ئېقىنلىرىدا ئەركىن - ئازادە سەيلە قىلدۇرىسەن. قىرغاقتىكى مەنزىرىلەر ئادەمنى چەكسىز زوقلاندۇرىدۇ. سەن رېئاللىقنىڭ ئەكس ساداسى. سەن ئارزۇ - ئارماننىڭ پاللىدە چاقنىشى. بىز كۆرۈپ تۇرغان ئادەتتىكى تۇرمۇش بىلەن يۈكسەك غايىۋى دۇنيا سېنىڭ قۇچىقىڭدا گىرەلىشىدۇ.

سەن بەزىدە ئۇزاق بىر تارىخنى ئەكس ئەتتۈرسەڭ، بەزىدە ئۇنتۇل-

غۇسىز كىچىك بىر دەقىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىسەن. ئاۋادا سەن راستچىل، سەمىمىي بولۇپ، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرسەڭ، ئۆزگىرىشچان تەقدىرنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ بېرەلىسەڭ، كىشىلەر قۇدرىتىڭدىن ھاياجانغا چۆمۈپ، ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرۇشىدۇ. سەن كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چەككۈچى سېھىرلىك قول. سەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ياڭرىغان ئەكس سادا. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ نەسىرلىك ئاۋاز. ئىنسان قەلبى گويا بىر دېڭىز، بۇ دېڭىزنىڭ ساداسى شۇقەدەر كۈچلۈك ۋە ئۇلۇغۋاركى، ھېچكىم توسىيالمايدۇ، ھېچقانداق ئاۋاز ئۇنى دورىيالمايدۇ.

سەن بىر سەمىمىي ۋە ۋاپادار دوست. سېنى سۆيگەنلەرگە ئۈن - تىنسىز ئۆزۈڭنى تەقدىم قىلىسەن. ئۇلارنى بىپايان گۈزەل دۇنياغا باشلاپ كىرىپ، دۇنيادىكى ئەڭ جەزبىدار مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىسەن، ئۇلارغا كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇتىسەن. كىمكى سەن بىلەن دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلسا، قەلبىڭنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇنىڭغا كەڭرى ئېچىپ بېرىسەن. ئۇلار سېنى تاشلاپ كەتمىسىلا، ئۇلارغا مەڭگۈ ئاسىيلىق قىلمايسەن. تاشلاپ كەتمەيسەن.

سەن بىر سىرلىق ئىشىك. سېنى ئېچىشنى نىيەت قىلغانلارنىڭ ھېچقايسىسىنى نائۈمىد قالدۇرمايسەن. سېنى شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ پەلەمپىيى قىلىشنى خىيال قىلغانلارغا ھەرگىز ئېچىلمايسەن.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستتىكى «ئەدەبىيات» دېگەن ئۈزۈندىدە ئەدەبىيات تۆت جەھەتتىن تەسۋىرلەنگەن، لۇغەتلەردىكى ئەدەبىياتقا دائىر چۈشەندۈرۈشلەرنى ئوقۇپ ۋە ئۇنى ئادەتتە ئوقۇغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئالغان تەسىراتىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆڭلىڭىزدىكى ئەدەبىياتنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

2. تېكىستتە: «ئۆز سەھنەڭدە ھەر خىل ئادەملەرنى رول ئالغۇزۇپ، ئۇلارغا يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان كومېدىيە ۋە تراگېدىيىلەرنى ئوينىتى-

سەن» دېيىلگەن. سىز ئۆزىڭىز ئوقۇغان ياكى كۆرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاشۇنداق رول ئالغان ئوخشاش بولمىغان ئادەملەردىن بىر نەچچىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

* 3①. بۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنىڭ ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب، ئوخشىتىشنى جايىدا تاللىغانلىقىدا. ياخشى بىر كىتابنى «كۆزنەك»، «پەلەمپەي»، «ئوزۇق»، «دوست» دېگەنلەرگە ئوخشاتقانلارمۇ بار. ئەسەرلەرگە مەلۇم بىر ئوخشىتىش ئاساسىدا قويۇلغان ماۋزۇلارنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىڭىزدا تېپىپ چىقىپ، ئۇ ماۋزۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ياخشى قويۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

4. ئەسەردىكى «ئەدەبىيات ئىنسانىيەتنىڭ نازۇك ھېسسىياتلىرىنىڭ ئەڭ تەسىرلىك ۋە مول مەزمۇنلۇق ئىزھارى ...... ئۇنىڭغا ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىيات دۇردانىلىرى ۋە پاراسەت جەۋھەرلىرى مۇجەسسەم قىلىنغان» دېگەن بۆلەكنى يادلىۋېلىڭ. ئەسەردىكى سىز ناھايىتى ياخشى يېزىلىپتۇ، دەپ قارىغان جۈملىلەرنى خاتىرە دەپتىرىڭىزگە ئىملا قائىدىسى بويىچە رەتلىك، چىرايلىق كۆچۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ.

① «ئىزدىنىش ۋە مەشىق» تىكى يۇلتۇز بەلگىسى (*) قويۇلغان مەسىلىنى تاللاپ ئىشلىسىمۇ بولىدۇ.

# 2 . تاغلار

خالىدە ئىسرائىل[①]

بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ ، ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن تاغلار ئارىسىدا كېتىۋاتىمىز .

تاغمۇتاغلاردىن ئېگىز ،
ئارغۇ[②] بۇلاقنىڭ تاغلىرى .
.................

قەدىمكى كارۋانلارنىڭ ناخشىلىرىدا كۈيلەنگەن ئەنە شۇ ئېگىز چوققىلار ئۆز باغرىنى يېرىپ موكىدەك ئۆتۈشۈپ يۈرگەن زامانىۋى ماشىنا ـ ئاپتوبۇسلارغا سۈكۈت ئىچىدە تىكىلىپ تۇرۇشىدۇ . باش ئۇستىڭىزدىلا ئېسىلىپ تۇرغان بۇ تاغلار گويا جاھاننىڭ بارچە سىر ـ ھەيۋىسىنى ، ئاجايىپ ـ غارايىپ رەڭ ۋە كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈۋالغاندەك . زەن قويۇپ قارايدىغان بولسىڭىز ، ھەربىر چوققىدا بىر تونۇش ئوبرازنى كۆرىسىز . بىرلىرى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ، كۆزلىرىنى

---

① خالىدە ئىسرائىل 1952 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان . تونۇلغان يازغۇچى . ئۇنىڭ «تىمتاس شەھەر» ، «ئوربىتا» ، «قۇملۇقنىڭ چۈشى» ، «ھاڭگىت كۆلى» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلىرى بار .

② ئارغۇ ئىبارىسىنى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىككى تاغنىڭ ئارىسى دەپ ئىزاھلىغان . ئارغۇ بۇلاق تاغلىرى ئۇرۇمچى ـ قەشقەر تاشيولىنىڭ توقسۇن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بۆلىكى كېسىپ ئۆتىدىغان مەشھۇر تاغ . تاغ يولى ئۈستىدە بۇلاق بولغاچقا بۇ تاغ «ئارغۇ بۇلاق» دەپ ئاتالغان .

يۇمۇپ ، ھەسرەت ئىچىدە ئۆرە تۇرغان قىرى بوۋايغا ئوخشىسا ، گاھى بىرلىرى بېشىغا ئوتۇغات[1] تاقىغان ، ئۈچىسىغا ئالتۇن ھەللىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن خانىشقا ، يەنە بىرلىرى يوغان گۇرزە تۇتۇۋالغان زەبەردەس پالۋانلارغا ئوخشايدۇ . يەنىمۇ يىراقتا نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز ، كۆككە تەلپۈنۈۋاتقان بۇركۈت ، بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان ئانا ، قاتارلىشىپ بىر-بىرىگە ئارتىلىپ ياتقان لەكمىلەك - لەكمىلەك ئەجدىھا ، شىر ، يولۋاسلار كۆز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ . ··· گويا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر بىر تىلسىماتنىڭ كارامىتىدىن بىر دەقىقە ئىچىدە تۇرغان يېرىدە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك ، ئاخىر بىر كۈنى تىلسىمات يېشىلىپ ، ئەسلىگە كەلگەندە : «ئۇھ ، ئەجەب قاتتىق ئۇخلاپتىمەنا ! » دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يوللىرىغا راۋان بولىدىغاندەك ......

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل بۇ لىرىك نەسرىدە مول تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ، كۆز ئالدىمىزدىكى ئىرماش ـ چىرماش تاغ مەنزىرىسىنى خىلمۇخىل تەسۋىرلىگەن. شۇڭا، يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى تاغلارنىڭ ھەر خىل ئوبرازى، كۆرۈنۈشلىرى ئىختىيارسىز ھالدا دىققىتىڭىزنى تارتىپ، سىزنى ھەيۋەتلىك تاغلار دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. سىزنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ. ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭدا بەھەيۋەت تاغلار ناھايىتى كۆپ. تاغلار ھەقىقەتەنمۇ بىر تىلسىملىق دۇنيا. ئۇنداقتا، سىلەر تۆۋەندىكى مەسىلىلەر بويىچە ئىزدىنىپ كۆرۈڭلار:

1) سىزمۇ تاغلارنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىز ئۇ چاغدا قانداق ھېسسىياتتا بولغان؟ سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز بىلەن ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىدا قانداق پەرق بارلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

---

[1] ئوتۇغات — (1) دوپپىنىڭ ئالدىغا تاقىلىدىغان زەر يۆپۈك ؛ (2) ئەمەلدارلارنىڭ باش كىيىمىگە تاقىلىدىغان مەنسەپ بەلگىسى .

2) يازغۇچى ئەسەردە تاغلارنى نېمىلەرگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن؟ سىزنىڭچە، بۇ خىل ئوخشىتىشلار مۇۋاپىقمۇ؟ ئەگەر سىز يازغۇچىنىڭ ئورنىدا بولسىڭىز، تاغلارنى يەنە نېمىلەرگە ئوخشاتقان بولاتتىڭىز؟

2. تېكىستتە، سىز ئەمەلىي تۇرمۇشىڭىزدا ئانچە كۆپ ئۇچراتمايدىغان بەزى سۆزلەر ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، موكا، سۇكۇت، سۇر ـ ھەيۋە، مۇجەسسەم، ئۇبراز، ھەل، گۇرزە، زەبەردەس، لەكمىڭ ـ لەكمىڭ، تىلسىمات، كارامىتى، دەقىقە.

سىلەر بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىر ـ بىرىڭلاردىن، ئاتا ـ ئاناڭلاردىن سوراپ ياكى ئىزاھلىق لۇغەتلەردىن پايدىلىنىپ بىلىۋېلىڭلار ھەم بىر ـ بىرىڭلارغا دەپ بېرىڭلار.

* 3. ئاپتور ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق يازىدۇ: «گويا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر بىر تىلسىماتنىڭ كارامىتىدىن بىر دەقىقە ئىچىدە تۇرغان يېرىدە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك، ئاخىر بىر كۈن تىلسىمات يېشىلىپ، ئەسلىگە كەلگەنلىرى «ئۇھ، ئەجەب قاتتىق ئۇخلاپتىمەنا» دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يوللىرىغا راۋان بولىدىغاندەك ...»

سىز يۇقىرىقى پارچىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بالىلىق خىياللىرىڭىزنى قاناتلاندۇرۇپ، ئاخىر بىر كۈن تىلسىمات يېشىلىپ، ئاشۇ «مويسىپىت بوۋاي، خانىش، زەبەردەس پالۋان»لارنى ئويغاندى دەپ ئويلاپ بېقىڭ. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ دەسلەپ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى قىلغانلىقى ھەققىدە ئويلىغانلىرىڭىزنى يېزىپ بېقىڭ.

# 3 . ئەينەك

## ئارسلان[1]

قورقما ئەينەكتىن ، ئۆچ كۆرمىگىن ھەم ،
گۇناھى ئەمەستۇر كۆرسەتسە ئەينەن .
كۈن ـ كۈنلەپ يۈزۈڭنى كۆرمىسەڭمۇ گەر ،
كۆرىدۇ خالايىق مىڭ قېتىم جەزمەن .

چىرايىڭ سەت بولسا ، كۆرمە ئەينەكتىن ،
بىلگىن ئۇ ھەقىقەت دوستى ـ جارچىسى .
غەزەپتىن ئۇرساڭمۇ تاشقا ، سەن رەنجىپ ،
كۆرسىتەر ئەكسىڭنى ھەربىر پارچىسى .

### ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. شائىرلار تۇرمۇشتا ھەركۈنى دېگۈدەك خىلمۇخىل ئادەم ۋە شەيئىلەر، تۇرلۇك ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن چوڭقۇر تەسىراتقا ۋە ئىلھامغا ئىگە بولىدۇ. بۇ شېئىردا شائىر بىز ھەركۈنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاددىي ئەينەكنى تەسۋىرلىگەن. سىلەر، بۇ قىسقىغىنا بىر پارچە

① ئارسلان— 1946 ـ يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . 1996 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تەسىرگە ئىگە شائىر . «يۇلتۇزلار يۇرتى» ، «ئاھ ، مېنىڭ خەلقىم» ، «ئاتۇش سۈرەتلىرى» ، «زېمىن ئەركىسى» ناملىق شېئىر ـ داستانلىرى مەشھۇر .

شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا تەبىئىي هالدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى سوئالنىڭ تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى بايقايسىلەر. ئۇنداقتا، سىلەر بۇ سوئال توغرىسىدا ئىزدىنىپ بېقىشنى خالامسىلەر؟

1) بۇ شېئىردىكى ئەينەك نېمىگە سىمۋول قىلىنغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭلار.

2) ئادەتتە قانداق ئادەملەر ئەينەكتىن قورقىدۇ، قانداق ئادەملەر ئەينەكتىن قورقمايدۇ؟

2. سىز بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تۇرمۇشتا ياسالمىلىق قىلىپ ياشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى هېس قىلدىڭىزمۇ؟ ئۆزىڭىزدىكى ئەيىب ـ نۇقسانلارنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىڭىزدىن ئىزدىمەي، باشقىلاردىن كۆرۈپ ياشاشنىڭ چاكىنىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ سىز تۇرمۇشتا قانداق ياسالمىلىقلارغا ۋە چاكىنىلىقلارغا دۇچ كەلگەن؟ سۆزلەپ بېقىشنى خالامسىز؟

* 3. شېئىردا ئىشلىتىلگەن پىكىرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن بىرقانچىنى تويلاپ كېلىڭلار.

# 4 . «نورماندى» ناملىق پاراخوتنىڭ خەتەرگە يولۇقۇشى

هيوگو[1]

1870 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ، كېچە . كاپىتان خارۋېر ھەر قېتىمقىدەك جەنۇبىي ئامپتوندىن غەربىي گېرنسىي ئارىلىغا قاراپ يولغا چىققانىدى . قاراڭغۇلۇق قوينىغا چۆككەن دېڭىزنى نېپىز بىر قەۋەت تۇمان قاپلىغانىدى . كاپىتان «نورماندى» ناملىق بۇ پاراخوتنى ئېھتىيات بىلەن ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى ، يولۇچىلار شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى .

«نورماندى» ناملىق بۇ پاراخوت ئېنگلىز دېڭىزى بوغۇزىدىكى ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ چىرايلىق پوچتا پاراخوتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئالتە يۈز توننا يۈك كۆتۈرەلەيتتى . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى يۈز يىگىرمە چى[2] ، كەڭلىكى يىگىرمە بەش چى كېلەتتى . دېڭىزچىلار ئۇنى ئەڭ «ياش» پاراخوت دەپ ئاتىشاتتى . چۈنكى ئۇ 1863 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ ، ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەنىدى .

تۇمان بارغانسېرى قويۇقلىشىشقا باشلىدى . پاراخوت جەنۇبىي ئامپتون دەرياسىدىن چىقىپ پايانسىز دېڭىزغا بۆسۈپ كىر-

---

① هيوگو— (1802 — 1885 ) فرانسىيە يازغۇچىسى . فرانسىيە رومانتىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى . ئۇنىڭ «پارىژدىكى بۇۋى مەريەم چىركاۋى» ، «پاجىئەلىك دۇنيا» (ئۇيغۇرچە نەشرىدە «خارلانغانلار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ) ، «93 ـ يىل» قاتارلىق ۋەكىللىك رومانلىرى بار .

② چى — بىر چى 33 سانتىمېتىرغا تەڭ .

مىلى[1] دېگىز بەش ئون ئالاھازەل تىزمىسىغا تاغ ئىكويى . دى قالغانىدى . پاراخوت بىر خىلدا ئىلگىرىلەۋاتاتتى . تاڭ سەھەر سائەت تۆتلەر ئىدى .

شۇنداقتىمۇ تۈن قاراڭغۇلۇقى تېخى تارقىمىغان بولۇپ، پاراخوت ماچتىسىنىڭ ئۇچىنى ئاران ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. «نورماندى»غا ئوخشاش بۇ خىلدىكى ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنىڭ كېچىدە يورۇشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

توساتتىن، قويۇق تۇمان ئارىسىدا تاغ چوققىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى. كاپىتان سىنچىلاپ قارىۋىدى، قاپقارا پاراخوت بېشىنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىنى بۆسۈپ، ئۆزى تەرەپكە دولقۇن يېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ چاقپەلەك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان «مارى» ناملىق چوڭ پاراخوت بولۇپ، ئودېسسادىن بەش يۈز توننا بۇغداي بېسىپ يولغا چىققانىدى. ئۇ ئۇستىگە بېسىلغان ئېغىر يۈكنى ئېلىپ شىددەت بىلەن ئۇدۇل «نورماندى» ناملىق پاراخوتقا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

ئىككى پاراخوتنىڭ بىر ـ بىرىگە قاتتىق سوقۇلۇشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى. بۇ بالايىئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭغا قويۇق تۇمان ئارىسىدىن نۇرغۇن پاراخوت يوپيورۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. كىشىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە دېڭىزغا چۆشۈپ بېلىقلارغا يەم بولۇپ كېتەتتى.

شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان «مارى» ناملىق پاراخوت «نورماندى» ناملىق پاراخوتنىڭ بېقىنىغا كېلىپ سوقۇلۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭ بىر تۆشۈك ئېچىۋەتتى.

قاتتىق سوقۇلۇشتىن زەخمەت يېگەن «مارى» ناملىق پارا-

---

① مىل — ئېنگلىزچە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر مىل 1.609344 كىلومېتىرغا تەڭ.

خوتمۇ توختاپ قالدى .

«نورماندى» ناملىق پاراخوتتا يىگىرمە بەش نەپەر دېڭىزچى ، بىر كۆتكۈچى ئايال ، ئوتتۇز بىر نەپەر يولۇچى بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئون ئىككى ئايال بار ئىدى . پاراخوت دەھشەتلىك زىلزىلىدىن قاتتىق چايقىلىشقا باشلىدى . كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېرىم يالىڭاچ ئەرلەر ، ئاياللار ، بالىلار ھەممىسى پالۇبىغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى . ئۇلار چىرقىرىغىنىچە ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرەيتتى ، داد ـ پەرياد ئۇراتتى . ھەممە كىشى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەنىدى . دېڭىز سۈيى پاراخوتنىڭ ئىچىگە شارقىراپ قۇيۇلۇۋاتاتتى . دېڭىز سۈيىنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن پاراخوت ئوچىقىدىن چارسىلدىغان ، پىژىلدىغان ئاۋازلار چىقاتتى .

پاراخوتتا پالۇبا بىلەن تېشىلگەن يەرنى ئايرىۋەتكۈدەك بىرەر پارچە نەرسىمۇ يوق ئىدى ، قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىمۇ يېتىشمەيتتى .

كاپىتان خارۋېر قوماندانلىق سۇپىسىدا تۇرۇپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى :

— ھەممىڭلار تىنچلىنىڭلار ! گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار ! قۇتقۇزۇش قولۋاقلىرىنى پەسكە چۈشۈرۈڭلار . ئاياللار ، بالىلار ئەڭ ئالدىدا چىقسۇن . دېڭىزچىلار ئەڭ ئاخىردا چىقىڭلار . ئاتمىش ئادەمنى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇش لازىم !

ئەمەلىيەتتە بۇ پاراخوتتا ئاتمىش بىر ئادەم بار ئىدى . شۇ دەقىقىدە ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدى .

دېڭىزچىلار دەرھال قۇتقۇزۇش قولۋاقلىرىنى يېشىپ پەسكە چۈشۈردى ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى ، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ ، قىستىلىشىپ ، قولۋاقلارنى ئۆرۈۋەتكىلى قىل قالدى . باش ياردەمچى ئوئاكېلىپي بىلەن ئۈچ سەركار①

① سەركار — باشلامچى ، ئىش بېشى دېگەن مەنىدە .

چۈچۈپ كەتكەن كىشىلەرنى تىنچلاندۇرۇپ ، ئۇلارنى تەرتىپ بىلەن قۇتقۇزۇش كېمىسىگە چىقارماقچى بولۇپ كۆچەيتتى . ئەمما ، تۇيۇقسىز كەلگەن بالا ـ قازادىن ئېلىشىپ قالايلا دېگەن كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغۇدەك رەغدى يوق ئىدى . دېمىسىمۇ ، تېخى نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا كىشىلەر شېـ ـرىن ئۇيقۇ قوينىدا ئىدى ، مانا ئەمدى هايات ـ ماماتى قىلنىڭ ئۇستىدە تۇرسا ، ئۇلار ئەقلى ـ هوشىنى يوقاتماي مۇمكىنمۇ !

دەل شۇ پەيتتە ، كاپىتاننىڭ كۆچلۈك ئاۋازى داد ـ پەرياد ئاۋازلىرىنى بېسىپ چۈشتى . كېچە قاراڭغۇلۇقىدا قىسقا ، ئەمما يۇرەككە تېگىدىغان سۆزلىشىش ئاڭلاندى .

— مېخانىنىڭ لوككېر قەيەردە ؟

— كاپىتان ، مېنى چاقىردىڭىزمۇ ؟

— ئوچاق قانداق بولدى ؟

— سۇ كىرىپ كەتتى .

— ئوتىچۇ ؟

— ئۆچتى .

— ماشىنىچۇ ؟

— توختاپ قالدى .

كاپىتان يەنە چاقىردى :

— باش ياردەمچى ئوئاكېلېي !

— مانا مەن ! — دەپ جاۋاب بەردى باش ياردەمچى .

— پاراخوت چۆكۈپ كېتىشكە يەنە قانچە مىنۇت بار ؟

— يىگىرمە مىنۇت .

— ۋاقىت يەتكۈدەك ، ـ دېدى كاپىتان ، — بىرمۇ ئادەم قالماي هەممىسى قۇتقۇزۇش قولۋىقىغا چىقسۇن . باش ياردەمچى ئوئاكېلېي ، تاپانچىڭىز بارمۇ ؟

— بار ! كاپىتان .

— قايسى ئەر نومۇس قىلماي ئاياللارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋاڵـ سا ، ئېتىۋېتىڭ !

ھەممە ئادەم جىمىپ قالدى . ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى . بىر ئۇلۇغ روھ ئۆزلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېپقالغان- دى .

«مارى» ناملىق پاراخوتتىكىلەرمۇ قۇتقۇزۇش قولۋاقلىرى- نى چۈشۈرۈپ ، بالا - قازاغا يولۇققان كىشىلەرنى توشۇۋاتاتتى .

قۇتقۇزۇش خىزمىتى رەتلىك كېتىۋاتاتتى . ھېچقانداق تالا- ش - تارتىش ياكى جېدەل - ماجىرا يۈز بەرمىدى . دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنداق ، قەيەردە رەزىل شەخسىيەتچىلەر بار بولسا ، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ باشقىلارنى قۇتقۇزىدىغان مەرد - مەرdan- لەرمۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ .

خارۋېر يەنىلا ئۆزىنىڭ كاپىتانلىق ئورنىدا مەزمۇت تۇ- رۇپ ، ھەممىگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى . كىچىككىنە بىر ئىش ياكى بىرەر ئادەممۇ ئۇنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى ، ئۇ زەررىچە بىخەستەلىك قىلمايتتى . ئەس - ھوشىنى يوقۇتۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەيۋاتقان ئادەملەر ئالدىدا ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك تەمكىن تۇتۇۋاتاتتىكى ، خۇددى بالا - قازاغا ئۇچرىغان ئادەملەر- گىلا ئەمەس ، بەلكى بالا - قازاغىمۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقاندەك ، ھەتتا ھالاكەتكە ئۇچرىغان پاراخوتمۇ ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى .

بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە ۋارقىرىدى :

— كلېيمىننى قۇتقۇزۇپ چىقىڭلار !

كلېيمىن پراكتىكانت ماتروس بولۇپ ، تېخى بىر بالا ئى- دى . پاراخوت چوڭقۇر دېڭىز تەكتىگە ئاستا - ئاستا چۆكمەكتە . كىشىلەر سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ ، «نورماندى» ناملىق پاراخوتتىن «مارى» ناملىق پاراخوتقا چىقماقتا .

— تېز بولۇڭلار ! كاپىتان يەنە خىتاب قىلدى .

يىگىرمە مىنۇت توشتى ، پاراخوت پۈتۈنلەي چۆكۈپ كەت- تى . باشتا پاراخوتنىڭ بېشى ، ھەش - پەش دېگۈچە گەۋدىسى

قوشۇلۇپ پاراخوت قۇيرۇقى چۆكتى .
كاپىتان خارۋېر يەنىلا ئۆز ئورنىدا مەزمۇت تۇراتتى . ئۇ بىرەر قول ئىشارىسىمۇ ، بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى ، تىك تۇرغىنىچە پاراخوت بىلەن بىللە دېڭىزغا غەرق بولدى . كىشىلەر شۇملۇق پۇراپ تۇرىدىغان نېپىز بىر قەۋەت تۇمان ئىچىدە بۇ قارا رەڭلىك ھەيكەلنىڭ دېڭىز قوينىغا كىرىپ كەتكىنىگە قاراپ تۇردى .
كاپىتان خارۋېرنىڭ ھاياتى مانا مۇشۇنداق ئاياغلاشتى .
ئېنگلىز دېڭىزى بوغۇزىدىكى ھېچقانداق دېڭىزچى ئۇنىڭدەك ئۇلۇغلانمىغانىدى .
ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ ، ئادىمىيلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلگەنىدى . ئۆلۈم ئالدىدا ئۇ قەھرىمانلاردىن بولۇش ھوقۇقىنى ئىشلەتتى .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. بۇ ھېكايىدە ئىككى «تېپىشماق» بار. شۇنى تېپىڭلار، ناۋادا ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چۈشسە، مۇنازىرىلىشىپ كۆرۈڭلار.
1) كاپىتان خارۋېر: «ئاتمىش ئادەمنى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇش لازىم» دەيدۇ. ئەسەردە: «ئەمەلىيەتتە بۇ پاراخوتتا ئاتمىش بىر ئادەم بار ئىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدى» دېيىلگەن.
كاپىتان ئۆزىنى راستىنلا ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟
2) «كاپىتان خارۋېر يەنىلا ئۆز ئورنىدا مەزمۇت تۇراتتى. ئۇ بىرەر قول ئىشارىسىمۇ، بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى، تىك تۇرغىنىچە پاراخوت بىلەن بىللە دېڭىزغا غەرق بولدى.»
كاپىتان چۆكۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئامالسىزمىدى؟
2. تۆۋەندىكى تالاپەت ئالدىدا كاپىتان ئۆزىنى قانداق تۇتتى

ۋە قانداق قۇربان بولدى؟ سىز بۇ تەسىرلىك ھېكايىنى باشقىلارغا ئاشۇن-داق تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

3. بىر كېمە تېشىلىپ كېتىپ، ئىچىگە سۇ توشۇپ كەتتى. كېمىنىڭ كۆتۈرۈش كۈچى ئۈستىدىكى بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بىلەن ئۇلارنىڭ بالاغەتكە يېتەي دەپ قالغان ئوغلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئۈچىلىسى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ يىراقتىن بىر كېمە ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىراق ئۇلار ئۇ كېمىدىكىلەرنىڭ قۇتقۇلدۇرۇۋېلىشىنى كۈتۈپ جىم ئولتۇرسا بولمايتتى.

شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ ھەم ئۇنى تەسۋىر-لەپ بېرىڭ، شۇنداقلا ئۇنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ.

4. ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئۇن ئالتىنچى ئابزاستىكى «قىسقا، ئەمما يۈرەككە تېگىدىغان» دىئالوگنى يادقا ئوقۇڭلار. تەلەپپۇزغا، ئىنتوناتسىيىگە دىققەت قىلىڭلار.

5. سىلەر بۇ ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بۇ ھېكايە ھەققىدە يەنە قانداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئويلىدىڭلار؟ ئىزدىنىپ بېقىڭلار.



**ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ**

بۇ سەھىپىگە بېرىلگەن ئەسەرلەر سىزنىڭ تىل تۇيغۇڭىزنى يېتىلدۈرۈپ، ھېسسىياتىڭىزنى تاۋلايدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەرلەرنى يادلىۋېلىش ھەم ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۇيلىشىڭ.

## شېئىر ۋە شائىر

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر[1]

شېئىر — مارجان ئەمەس، يىپقا تىزىپ قويسا تۈرۈۋېرىدىغان ياكى «لاي ـ لاي» ئەمەس، قولاقنى تۇتۇپ ئېيتسا بولىۋېرىدىغان ۋە ياكى ماتا ئەمەس، دۇكان قۇرۇپ توقۇسىلا چىقىۋېرىدىغان.

شېئىر — كەشتە ئەمەس، رەڭدار مەشۈت[2] بىلەن لاتىغا تىكىپ قويىدىغان ياكى سۈرەت ئەمەس، قەغەزگە سىزىپ قويسىلا بولىۋېرىدىغان.

شېئىر ھەم ھۆسنى، ھەم پۇرىقى، ھەم تىكىنى، ھەم يوپۇرمىقى بار گۈلگە ئوخشاپ كېتىدۇكى، ھۆسنى بىلەن دىلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلار؛ پۇرىقى بىلەن جانغا راھەت ۋە ھوزۇر بەخش ئېتەر؛ ئىشق ئەھلى ئۇنى قولاقا قىسار ياكى گۈلدەستە ياساپ جانانىغا تۇتار؛ ياۋا توڭگۇز

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر — 1923 ـ يىلى قومۇلدا تۇغۇلغان. 1995 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان. 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا زور ئابرۇيغا ئىگە شائىر ۋە يازغۇچى. مول بىلىمگە ئىگە ئەدەبىياتشۇناس. «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «قەشقەر كېچىسى»، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»، «قارا ھىجران» قاتارلىق كاتتا ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

② مەشۈت — يىپەك غوزىكىدىن چىقىرىدىغان يىپ.

تومشۇقىنى تەگكۈزسە، تىكىنى ئۇنىڭ بۆرنىغا سانجىلار، ھەتتا بۆرنىنى قانىتار.

شېئىر— ئاسماندىكى يۇلتۇز ئەمەس، كېچىسى پارقىراپ كۆرۈنگەن بىلەن نە ئىسسىقى، نە يورۇقى تەگمەيدىغان. شېئىر— خۇددى بىر مەشئەلدۇركى، كېچە زۇلمىتىدە ئىنسانغا يول كۆرسەتكۈچى ياكى بىر گۈلخاندۇركى، پايانسىز دەشتلەرنى يورۇتۇپ، سوغدىن تىترىگەن تەنلەرگە ئارام بەرگۈچى.

شېئىر— چۆلدىكى ئالۋۇن[1] ئەمەس، گاھى كۆل، گاھى دەريا، گاھى شەھەر، گاھى گىياھ بولۇپ كۆرۈنگەن بىلەن قوغلاپ يەتكىلى بولمايدىغان.

شېئىر— بىر قاينام بۇلاققا ئوخشايدۇكى، تەشنالارغا ئارام، دەردمەنلەرگە داۋا، بىمارلارغا شىپا، غەمكىنلەرگە شادلىق، ئاجىزلارغا ئۈمىد ۋە كۈچ بەخش ئەتكۈچى.

شېئىر ھاپىز[2]نىڭ ناخشىسى ئەمەسكى، ئاڭلىغانسېرى كىشىنى ئۈگدەك باسىدىغان. شېئىر— بىر گۈلدۈرمامادۇركى، ئۇنىڭ ئاۋازى جاھاننى تىترىتىپ، خامۇش كۆڭۈللەرنى ئويغاتقاي؛ كىشىنى سەگەك قىلىپ جەڭگە ئۈندىگەي، ئەبەدىي ھاياتقا چاقىرغاي!

شائىر— قاغا ئەمەس، كۆرۈنگەن دەرەخكە قونۇۋېلىپ قاقىلداۋېرىدىغان. شائىر— خۇددى تاڭ توخۇسىدۇركى، كېچىچە تاڭنى چىللاپ تىنماس؛ تاڭ ئاتقاندا، ئەلنى ئىشقا، ھاياتقا، ئەمگەك ۋە ئىجادقا ئۈندەر. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ «ئالتۇن خوراز» ھەققىدە قىسسە- رىۋايەتلەر توقۇشى، شەھەر دەرۋازىلىرى بىلەن قەسىر- ئەيۋان مۇنارلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، ھالبۇكى، جاھان جاھان بولغاندىن بۇيان، ھېچكىم تېخى قاغىنىڭ ھەيكىلىنى ئورناتقىنى يوق.

شائىر— شاتۇتى ئەمەس، نېمىنى ئۆگەتسە شۇنى دورايدىغان ياكى ئۆمۈر بويى دوراشتىن بۆلەكنى بىلمەيدىغان.

---

① ئالۋۇن— ئېزىتقۇ.
② ھاپىز— قەدىمىي قوشاقلارنى ئاھاڭلىق ئوقۇيدىغان ئادەم.

شائىر — چىن مەنىسى بىلەن بۇلبۇلدۇر . بۇلبۇل ھېچقاچان باشقا قۇشلارنى دورىمايدۇ ، باشقا قۇشلارمۇ بۇلبۇلنى ھەرگىز دورىيالمايدۇ . چۈنكى ، بۇلبۇلنىڭ ئۆز تىلى ، ئۆز سۆيگۈسى ، ئۆز تەپەككۇرى ۋە ئۆز تۇيغۇسى بار .

شائىر — كېپىنەك ئەمەس ، كۆرۈنگەن گۈلنىڭ ھەممىسىگە پەرقسىز قونۇپ ، ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئىزلەشنىلا بىلىدىغان . شائىر — چىراغ پەرۋانىسىدۇركى ، ھالاك بولۇشنى بىلىپ تۇرۇپ ، ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغۇچى . ...

شائىر — شاھ ۋە سۇلتانلارنىڭ نازۇ نېمەتكە تولغان داستىخانلىرى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرىدىغان ياكى زاھىتلار① نىڭ ئېتىكىدە خورۇلداپ ياتىدىغان مۈشۈك ئەمەس ، بەلكى پايانسىز دەشتلەردە ئەركىن كېزىپ يۈرىدىغان تاماسىز ئارسلاندۇركى ، ئۇنىڭ بىر ھۆركىرىشى بىلەن تاغۇ تاشلار زىلزىلىگە كېلىپ ، تۈلكە ـ بۆرىلەر ھوشىنى يىغقاي . «پادىشاھ نىكولاي ئۇستەلگە بىر مۇشت ئۇرغاندا ، پۈتۈن ئوردا ئىچى تىترەپ كېتەتتى ؛ لېۋ تولستوي ئۇستەلگە بىر ئۇرسا ، پۈتكۈل روسىيە زىلزىلىگە كېلەتتى» دېگەن رىۋايەت مۇبالىغە بولمىسا كېرەك . چۈنكى ، لېۋ تولستوي شېئىر يازمىغان بىلەن چىن شائىر ئىدى .

شائىر پەقەت خەلق بىلەن ، پەقەت خەلق بىلەنلا شائىردۇر ۋە مەڭگۈ ئۆلمەستۇر .

شائىر بۇ نەسرىي شېئىرىدا قايناق ھېسسىيات، گۈزەل تىل، ئوبرازلىق ئوخشىتىش،ئارقىلىق شېئىرنىڭ ماھىيەتلىك مەنىسىنى ۋە ئاجايىپ رولىنى ناھايىتى جانلىق ئىزاھلايدۇ. ھەقىقىي شائىرنىڭ غەيۇر ئوبرازىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما بىلىشىمىز كېرەككى، شۇنچە قۇدرەتلىك بولغان شېئىر ئۇنداق سىرلىق نەرسە ئەمەس. ئۇ «ھەم ھۆسنى، ھەم يۈرىكى، ھەم تىنىقى، ھەم يوپيۇرمە-

---

① زاھىت — دۇنيانىڭ ھوزۇر ھالاۋەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ ، تىرىكچىلىك ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ۋاز كېچىپ ، رېئال دۇنيانى تەرك ئېتىپ ، ئاخىرەتنىلا ئويلاپ ، قار ـ ئۆڭكۈرلەردە ئىستىقامەت بىلەنلا كۈننى ئۆتكۈزىدىغان ئادەم .

قى بار گۈل». ھەقىقىي شائىرمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلىق شەخس ئەمەس. «شائىر ـ چىن مەنىسى بىلەن بۇلبۇلدۇر. بۇلبۇل ھېچقاچان باشقا قۇشلارنى دورىمايدۇ، باشقا قۇشلارمۇ بۇلبۇلنى ھەرگىز دوريىيالمايدۇ. چۈنكى، بۇلبۇلنىڭ ئۆز تىلى، ئۆز سۆيگۈسى، ئۆز تەپەككۇرى ۋە ئۆز تۇيغۇسى بار.» ھەقىقىي «شائىر پەقەت خەلق بىلەن، پەقەت خەلق بىلەنلا شائىردۇر ۋە مەڭگۈ ئۆلمەستۇر»

نەسرىي شېئىرنى ئوقۇش جەريانىدا سېلىشتۇرۇشنىڭ رولىغا ۋە بەدىئىي ئۇنۇمىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلار. دېكلاماتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا چوڭقۇرلاپ كىرىڭلار.

# تۇيۇق[1] لار

مۇھەممەتئىبلى زۇنۇن[2]

بورانقۇش[3] باشقا ، زاغ[4] باشقا ،
چۇشەر نى - نى ئەلەم باشقا .
بوۋايلار باشلىغان ئىشنى ،
چىقارغىن ئەمدى بىر باشقا .

* * *

چايانىنىڭ ئادىتى چاقماق ،
نومۇسسىزلىق - ئادەم چاقماق .
چىقىمخور كۆكسىنى يارغىن ،
بولۇپ گۆلدۈرلىگەن چاقماق .

* *

① تۇيۇق— پەقەت تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن بىر كۇپلىتلىق ، مۇستەقىل ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ، 1 . ، 2 . ، 4 . مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيىداش بولۇپ كېلىدىغان ، قاپىيىسى شەكىلداش سۆزلەردىن تۈزۈلىدىغان شېئىر شەكلى . ئۇ ئەرەب تىلىدا مۇختەسسلات دەپ ئاتىلىدۇ .
② مۇھەممەتئىبلى زۇنۇن— 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان . تونۇلغان شائىر ، دراماتورگ ۋە يازغۇچى . «قوش مەسچىت» ، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ، «قوچاقلا ، ئۇ سېنىڭ داداڭ» ، «مۇناپىقتىلاڭ ئۆلۈمى» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى .
③ بورانقۇش — جۇغى قارلىغاچقا ئوخشايدىغان ، تۇمشۇقى ئىلمەك ، قاناتلىرى قارا ، پۇتىدا ئۆزۈش پەردىسى بار ، تىرنىقى قارا ، دائىم دېڭىز ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ بېلىق ۋە راك ئوۋلايدىغان قۇش .
① زاغ — قاغا .

دىلىڭ بولسا غۇبارسىز[1] ئاق ،
ئىزىڭ قالماس گىياھسىز ئاق .
بولۇپ ئەلنىڭ ۋاپادارى ،
ئوتىدا كۆي ، سۇيىدە ئاق .

يۇقىرىدىكى تۆيۈقلارنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن ئىخچام، تىلى تولىمۇ يەڭگىل، چۈشىنىشلىك ھەم قويۇق ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولۇپ، سىزگە ئۆزگىچە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلەر سىزگە كىشىلىك ھاياتتا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە قانداق ئەقىدە ـ پرىنسىپلار بىلەن ياشاشنىڭ ئالىيجانابلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شېئىردىكى ئاھاڭداش سۆزلەر ھەرخىل مەنىلەردە كېلىپ ئۆزگىچە بەدىئىي ئۈنۈم ياراتقان. سىلەر شېئىردىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ قانداق مەنىلەردە كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

① غۇبارسىز — پاك .

# جىبران نەسرلىرىدىن ئىككى پارچە[1]

## باھاچى

بىر كۈنى كەچتە دېڭىز بويىغا ئاتلىق ساياھەتكە كەلگەن بىر ئادەم يول بويىدىكى بىر مېھمانخانىغا چۈشتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ سەمىمىيىتىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا ئىشىنىپ، ئېتىنى دەرۋازا ئالدىدىكى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ يېتىپ قالدى.

تۈن نىسپىدە بىر ئوغرى ئۇنىڭ ئېتىنى ئوغرىلاپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئېتىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلگەن ساياھەتچى ھەسرەت چېكىپ قاقشاپ كەتتى. مۇشۇنداق يەردىمۇ ئوغرى بارلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى.

شۇ چاغدا بىر توپ ساياھەتچىلەر ئۇنى ئورىۋېلىپ پاراڭ باشلىدى:

— نېمانچە ئەخمەق ئادەم بۇ، ئاتنى ئاتخانىنىڭ سىرتىغىمۇ باغلاپ قويغان بارمۇ؟ - دېدى بىرى.

— تېخىمۇ دۆتلۈك قىلىپ ئېتىڭىزنى چۈشەپمۇ قويماپسىز، - دېدى يەنە بىرى.

— دېڭىز بويىغا ئاتلىق ساياھەتكە كېلىشتىن ئارتۇق ھاماقەتلىك يوق، - دېدى ئۈچىنچىسى.

— ئاتلىق يۈرىدىغان ئادەم ھورۇن، يول مېڭىشقىمۇ ئېرىنىدىغان

---

[1] جىبران— (تولۇق ئىسمى: جىبران خىلىل جىبران) 1883 - يىلى لىۋاندا تۇغۇلغان. 1931 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ئەرەبلەر ئارىسىدىن چىققان تەسىرگە ئىگە مۇتەپەككۇر. ھېكايە، شېئىر، نەسر ۋە رەسساملىقتا دۇنياۋى ئېتىراپقا ئېرىشكەن ئەدىب، سەنئەتكار.

لەقۋا ئادەمدۇر ، ـ دېدى تۆتىنچىسى .

ساياھەتچى چۆچۈپ كەتتى ۋە ۋارقىراپ كەتتى :

— خالايىق ، ئېتىمنىڭ يوقالغانلىقى توپەيلىدىن ھەممىڭلار تۇشمۇ-تۇشتىن مېنى ئەيىبلەۋاتىسىلەر . ئەجىبا ، نومۇسسىز ئوغرىنى ئەيىبلەيدىغانلار يوقمۇ؟ !

## قىممەت ئۆلچىمى

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان دېھقان تاسادىپىي ئېسىل بىر مەرمەر ھەيكەلنى قېزىۋالدى ـ دە ، ئۇنى ئاپىرىپ خىلمۇخىل ئەنتىۋارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىغا ساتتى . يىغىپ ساقلىغۇچى بۇ ئېسىل ھەيكەلنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالدى .

دېھقان قايتىپ كېتىۋېتىپ يولدا قاراپ ئويلانغىنىچە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى : «بۇ پۇل ئىنسان ھاياتىنى قالتىس ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە سازاۋەر قىلىدۇ ! مەرمەر ھەيكەل ئۆلۈك نەرسە ، ئۇ يەر ئاستىدا مىڭ يىللاپ ياتقان ، ئۇنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان . نېمە ئۈچۈن بىراۋ ئۇنى شۇنچە جىق پۇلغا سېتىۋالىدۇ ؟ »

ئەمما يىغىپ ساقلىغۇچى ھەيكەلگە قاراپ زوقلىنىۋاتاتتى . ئۇمۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى : «نېمىدېگەن گۈزەل ، نېمە دېگەن جانلىق ، نېمە دېگەن ئۇلۇغ ھەم ئېسىل بۇيۇم ـ ھە ؟ بىراق ئۇ ئۇزاق يىللىق شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغاندى ! نېمە ئۈچۈن بىراۋ بۇنىڭ-دىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنى ئۆلۈك ، ھېس ـ تۇيغۇسىز پۇلغا ئاتىدۇ ؟ »

جىبراننىڭ بۇ ئىككى پارچە نەسرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ئىخچام، ئۆز ئىچىگە سىڭدۈرگەن ھېكمىتى ناھايىتى چوڭقۇر، كە-شىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ.

«باھاچى»نى ئوقۇغاندا، سىز ھەر خىل ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە يولۇققاندا بايان قىلغان پىكرىڭىزنىڭ قانۇن نۇقتىسىدىن ياكى ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئەقىلغا سىغىدىغان ياكى سىغمايدىغانلىقىنى ئويلىنىشقا تەبىئىي ھالدا مەجبۇر بولىسىز.

«قىممەت ئۆلچىمى»نى ئوقۇغاندا، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئادەت ـ ئېھتىياجلىرى ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە ئاساسەن قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭمۇ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىسىز، ھەم ھايات مۇساپىڭىزدە قايسى خىلدىكى قىممەت قارىشىنى ئۆلچەم قىلىپ ياشاش لازىملىقىنى ئويلاشقا مەجبۇر بولىسىز.

يېزىقچىلىق

# ئىلھام كەلگەندە يېزىش كېرەك

بەزى ساۋاقداشلار بىرەر پارچە ئەسەر يېزىلىك دېسە، نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قوشۇمىسىنى تۈرگەن، قەلىمىنىڭ ئۇچىنى چىشلىگەن ھالدا ئولتۇرۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئاندىن زورمۇزور قەلەم تەۋرىتىشكە باشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىر ياخشى ئەسەر قۇرۇقتىن قۇرۇق بارلىققا كەلمەيدۇ. ئۇ، كۆچلۈك ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى. ياخشى يېزىلغان بىر پارچە ئەسەر يازغۇچى قەلبىنىڭ لەرزىگە كېلىشىدىن، ھېسسىياتىنىڭ ئۇخچەـ شىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭا، ئەسەر يازغاندا ئورۇنسىز زورۇقماي، ئىلھامى كەلگەندە ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ تۇرۇپ يېزىش كېرەك.

ئىچ ـ ئىچىدىن قايناش دېگىنىمىز، ئىلھامى كېلىش دېگەن گەپ. ئىلھام كەلگەندىلا ئاندىن كىشىدە يېزىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ، تولۇپ تاشقان قايناق ھېسسىيات قوزغىلىدۇ، مول ماتېرىيالغىمۇ ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل سەپەر ئۈستىدە ھەيۋەتلىك ئارغۇ بۇلاق تاغلىرى ئارىسىدا كېتىۋېتىپ كۆز ئالدىدىكى ئاجايىپ تاغ مەنزىرىلىرىـ دىن ھاياجانغا چۆمۈپ، تاغ ھەققىدە خىلمۇخىل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىدۇ. يازغۇچى جاۋ لىخۇڭمۇ تالاي ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، نۇرغۇن ئەـ سەرلەرنى يازغاندىن كېيىن ئەدەبىياتقا نىسبەتەن چوڭقۇر ھەم چىن

تەسىراتقا ئىگە بولغان ۋە مۇشۇ تەسىراتلار ئاساسىدا «سىزگە ئىشىك ئېچىلدى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان .

«ئىلھام» قەيەردىن كېلىدۇ ؟ ئەلۋەتتە تۇرمۇشتىن كېلىدۇ . ھەممىمىز مەزمۇنغا باي رەڭگارەڭ دۇنيادا ياشايمىز ، بىز پەقەت كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا نەزەر سالساق ، كۆڭۈل رۇجەكلىرىمىزنى چوڭ ئېچىپ ئۇنى باغاشلىساق ، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن ئۇنى ھېس قىلساق ، چوقۇم مول ھوسۇلغا ئېرىشىمىز . بەزى ساۋاقداشلار ، تۇرمۇش تولىمۇ مەنىسىز ، ئۇنىڭدىن يازغۇدەك ھېچقانداق ئىلھامغا ئىگە بولغىلى بولمايدۇ ، دەپ ھېس قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ھەربىر ئادەمدە تولىمۇ مول مەزمۇنلۇق ئىلھام بۇلىقى بولىدۇ . كۈندە يۈز بېرىۋاتقان دۇنيا ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى دېمەيلا قويايلى ، كوچا - كويلاردا ، مەكتىپىڭىزدە ، ئائىلىڭىزدە ، قوشنا - قولۇملىرىڭىز ئارىسىدىمۇ سىزنىڭ يۈرەك تارىڭىزنى چەككۈدەك نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . ھەر خىل - ھەر ياڭزا تۇرمۇشقا نىسبەتەن ، بىزنىڭ ئىچكى دۇنيارىمىزدىمۇ مول ، مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ . بىز بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلىشىمىز ، ھېس قىلغانلىرىمىزنى تىل - يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىشىمىز كېرەك .

1 . بىر ئوقۇغۇچى بىرەر يېڭى مەكتەپ ياكى يېڭى سىنىپقا كۆچۈپ ، يېڭى ساۋاقداشلار ، يېڭى مۇئەللىملەر بىلەن تونۇشقاندا ، ئۆگىنىش ، تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولۇشى ، نۇرغۇن ئىشلار يۈرەك تارىنى تىترىتىشى ، يېڭى تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۆزىگە خاس تونۇشقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن . ئاشۇ ھېسسىيات ، ئاشۇ تونۇشلارغا ئاساسەن ئۆز تەسىراتىڭىزنى يېزىپ چىقىڭ .

2 . ئاتا - ئانىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىلەمسىز ؟ ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە سىز قانداق ئويلاردا بولدىڭىز ھەم قانداق قىلدىڭىز ؟ مۇشۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ ، ژانىرى چەكلەنمەيدۇ .

3 . دەرستىن سىرتقى ئەدەبىي پائالىيەت گۇرۇپپىسى «مەكتەپ

قىلىنغان پائالىيەت ئېلىپ بېرىش كېرەك .

1 . «ئەدەبىياتنى سۆيىمەن» دېگەن تېمىدا كىتاب ئوقۇش ھەپتىلىكى ئۆتكۈزۈش . بارلىق ساۋاقداشلار بۇ ھەپتىلىكتە ئىككى پارچە ئەدەبىي كىتاب ئوقۇش كېرەك . كىتابلارنى ئۆزى تاللىسا بولىدۇ . ئاندىن ئوقۇشتىن ئالغان تەسىراتىنى يېزىپ ، ساۋاقداشلار ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش كېرەك .

2 . گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك . بۇنىڭدا بىرەر پارچە شېئىر ، قىسقا ھېكايە ياكى بىرەر پارچە قىسقا نەسر يازسىمۇ بولىدۇ .

3 . «ئەدەبىياتنى سۆيىمەن» تېمىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ ، ئۆزۈڭلارنىڭ ئەدەبىياتنى نېمە ئۈچۈن سۆيىدىغانلىقىڭلارنى ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سىلەرگە قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

4 . «ئەدەبىياتنى سۆيىمەن» دېگەن تېمىدا ھەرقايسى گۇرۇپپىلار ئارا بىرلىشىپ كىچىك بىر پارچە : «ئەدەبىيات قولىيازما گېزىتى» تۈزۈپ چىقىڭلار . ئۇ گېزىتكە : «ئۈچقۇن» ، «ئۆسمۈرلەر ئەدەبىياتى» ، «بىخ» ، «ئەدەبىيات يۇلتۇزى» ، «يېڭى كۆزنەك» كە ئوخشاش قويۇق ئەدەبىي تۈسكە ئىگە نام بېرىڭلار . كاللاڭلارنى كۆپرەك ئىشلىتىپ ، «مەن ۋە داڭلىق ئەسەرلەر» ، «داڭلىق ئەدىبلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» ، «ئەدەبىياتتىكى يېڭى يۇلتۇزلار» غا ئوخشاش كۆپ خىل ستونلارنى لايىھەلەپ چىقىڭلار . ئەسەرنىڭ ھەجمى قىسقىراق ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات چىن بولسۇن . تەھرىرلىك قىلغاندا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ بېرىشكە ، گۈزەل - سەنئەت ئوقۇتقۇچىسىنى بەت لايىھىسىنى تۈزۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىڭلار .

خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسىنى بىر پارچە «خەنزۇچە يۇمۇر» يېزىپ بېرىشكە ، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىنى قىزىقارلىق ماتېماتىكا ھېكايىلىرى بىلەن تەمىنلەشكە تەكلىپ قىلىڭلار ، ئاندىن سىنىپلار ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ ، ياخشى چىققان ئەدەبىي گېزىت بىلەن ياخشى تەھرىرنى باھالاپ چىقىڭلار .

## ئىككىنچى بۆلەك

# ئالتۇن دەۋر

ھەربىر ئادەم ئالتۇندەك ئۈسمۈرلۈك دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمەي قالمايدۇ. بۇ بۆلەكتە بېرىلگەن تېكىستلەرنىڭ بەزىلىرىدە بالىلىق مەزگىلىدىكى قىزىقارلىق، ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار تەسۋىرلەنگەن بولسا، بەزىلىرىدە ئەخلاق ۋە پسىخىكا جەھەتتىكى يېتىلىشتە كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەر ئىپادىلەنگەن، بەزىلىرىدە غايىنىڭ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتى كۆرسىتىلگەن، يەنە بەزىلىرىدە ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئوقۇش ھاياتى تەسۋىرلىنىپ، قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى بايان قىلىنغان. قىممەتلىك يېرى شۇكى، ھەممە تېكىستتە راست ئىش، راست ۋەقەلەر يېزىلىپ، ھەققىي ھېسسىيات ئىپادە قىلىنغان. بۇ تېكىستلەرنى ئوقۇغاندا تەسىرلىك سۆز - جۈملىلەردىن يۈرەك تارىلىرىڭىز چېكىلمەي قالمايدۇ. قەلبىڭىزنى لەرزىگە سالغان كۈچلۈك تەسىراتلار، چوڭقۇر ئويغا سالغان ھېكمەتلىك پىكىرلەر سىزنى ھاياتنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ئالتۇن پەسلىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىغا كەلتۈرىدۇ.



# 5 . موللاقچىلىقنى ئۆگىنىش

زۇنۇن قادىرى[1]

مەن هاشىم هاجى دارۋازىنىڭ شاگىرتلىرى ئورۇندىغان دار ئويۇنلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ، دار ئويناشقا ھەم موللاق ئېتىشقا قىزىقىپ ، ھەر كۈنى شۇلارنى دوراپ ئويناشقا باشلىدىم . موللاق ئېتىش ئۇسۇللىرىنى سوراپ بىلىۋېلىش ئۈچۈن دارۋازلار تۇرىدىغان جاينى ئىزدەپ تاپتىم . ئۇلار قازانچى مەھەللىسىدە ۋاقىتلىق ئىجارىگە ئالغان چوڭ بىر ھويلىدا تۇرىدىكەن . مەن توختاخۇننى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالدىم . ياز كۈنلىرى ئۇنىڭغا ھەر كۈنى يەل ـ يېمىش ، قوغۇن ـ تاۋۇز ئاپىرىپ بېرەتتىم . ئۇ مۇلايىم ، شېرىن سۆز ، كۆڭلى كەڭ بالا بولغاچقا ماڭا ئويۇن قائىدىلىرىنى زېرىكمەي چۈشەندۈرەتتى ، ئېرىنمەي ئويناپ كۆرسىتىپ بېرەتتى . ئۆزىمۇ ھويلىغا ئېسىپ قويۇلغان چىغرىق[2] بالدىقىدا مەشىق قىلىپ تۇرىدىكەن . مەن توختاخۇننى بىر كۈن كۆرمىسەم چىدىمايدىغان بولۇپ قالدىم . كۈندىلا باراي دىسەم دادامنىڭ : «نەگە يوقالدىڭ» دەپ سوراققا تارتىشىدىن قورقاتتىم ، شۇڭا كۈن ئارىلاپ ياكى ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر بېرىپ تۇراتتىم . شۇنداق قىلىپ ، مەنمۇ دەرەخكە ئارغامچا باغلاپ ، چەنزە[3] بىلەن ئاچا قۇرۇپ ، قولۇمدا تەڭشەك تۇتۇپ دار ئويۇننى مەشىق قىلىشقا باشلىدىم . دەسلەپتە ئۆگزە بويى

---

① زۇنۇن قادىرى— 1912 ـ يىلى دۆربىلجىندە تۇغۇلغان . 1989 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇ 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئۇستاز يازغۇچى ۋە دراماتورگ . «غۇنچەم» ، «گۈلنىسا» ، «ماغدۇر كەتكەندە» ، «ئىككى بارمىقىم بىلەن» ، «چېنىقىش» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى .

② چىغرىق— (1) پاختىنى چىگىتىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورۇلما (2) قۇدۇقتىن سۇ تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان غالتەكسىمان قۇرۇلما (3) دارنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىغا ئورنىتىلغان ۋە دارۋازلار موللاق ئېتىپ ئويۇن كۆرسىتىدىغان شوتىسىمان قۇرۇلما .

③ چەنزە— بادرا

يەرگە مېڭىپ چىققىچە ئۈچ - تۆت قېتىم يىقىلىپ چۈشتۈم . بۇ مېنىڭ بىرىنچىدىن ، قورققانلىقىم ، ئىككىنچىدىن ، تەڭشەكنى توغرىلاپ تۇتالمىغانلىقىمدىن بولغان ئىكەن . چۈنكى تەڭشەك ئارغامچىدا ئىككى تەرەپكە ئېغىپ كەتمەي تىك تۇرۇشتا ماشىنىنىڭ رولىغا ئوخشاش ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىدى . مەن كېيىن جۇۋاز[①] چىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ، ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى قۇمنى ياغلىققا چىگىپ تەڭشەكنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئېسىپ قويدۇم . بۇ ئۇسۇلنىڭ پۇتنى ئارغامچىغا چىڭراق دەسسىتىپ تۇرۇشتا ياردىمى بار ئىكەن . ئاخىرى مەن ئارغامچىدا مېڭىپ دەرەخكە چىقىشنى ئۆگەندىم . ئارغامچىدا كېتىۋېتىپ ئىككى پۇتنى ئىككى ياققا تاشلاپ ئارغامچىغا مىنىپ تۇرۇشنى قىلىپ باققان ئىدىم ، كاسسىلىرىم سۇرۇلۇپ ئاغرىپ كەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىك بىر ياستۇقنى چاتىرىقىمغا تېڭىۋېلىپ ئارغامچىغا مىنىشنى ئۆگەندىم ، كېيىن ئارغامچا ئۈستىدىن ئىككى پۇتۇمنى جۈپلەپ ، ئىككى ياققا ئېتىشنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم . شۇ چاغدا ئۆگزە بويى يەردىن يىقىلىپ ، پېشانەم يېرىلدى . نامسىز بارمىقىم قاتلىشىپ بىرىنچى ئۇگىسىدىن چىقىپ كەتتى . بارمىقىمنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى دادامغىمۇ دېمەستىن ياكى ئورنىغىمۇ چۈشۈرگۈزمەستىن يۈرۈۋەردىم ، چۈنكى مەن بۇ ئويۇنلارنى دادامغا ئوقتۇرماي مەشىق قىلىپ يۈرگەن ئىدىم . بارمىقىم ئاغرىپ يۈرۈپ ئاخىر دوناي[②] بولۇپ ساقايدى .

دار ئويۇنى ئۆگىنىمەن دەپ خېلى پەشۋا يېگەندىن كېيىن ، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ موللاق ئېتىشنى مەشىق قىلىشقا باشلىدىم . مەن بۇ ئويۇننى ئاۋۋال ئىككى قول بىلەن چاقپەلەك بولۇپ پىرقىراشنى ئۆگىنىشتىن باشلىدىم ، ئاندىن كېيىن بېشىمنى يەرگە ، پۇتۇمنى ئاسمانغا قىلىپ تۇرۇشنى ۋە بېشىمنى تۆۋەن ، پۇتۇمنى تامغا قىلىپ قول بىلەن يەرگە تىرەپ تۇرۇشنى خېلى كۆپ مەشىق قىلدىم ، شۇنىڭدىن كېيىن ، پۇتۇمنى ئۈستۈن قىلىپ قولۇم بىلەن مېڭىشنى ئۆگەندىم . كېيىنچە ئوڭدامغا بېلىمنى ئېگىپ قول ۋە پۇتۇمنى يەرگە تىرەپ تۆت پۇتلۇق

① جۇۋاز — مايلىق دان ۋە چىگىت قاتارلىقلاردىن ماي چىقىرىدىغان قۇرۇلما .
② دوناي — قىڭغىر ، ئەگرى .

بولۇپ تۇرۇشنى ئۆگەندىم . بۇ شەكىلنى كۆپ مەشىق قىلىپ ، مەلۇم ۋاقىت چېنىققاندىن كېيىن ، ئاۋۋال بەش - ئالتە ياشلىق بىر بالىنى قورسىقىمغا چىقىرىپ خېلى ۋاقىت تۇرغۇزدۇم ، ئۇنىڭدىن كېيىن قورسىقىمغا بىر بالىنى ، مەيدەمگە يەنە بىر بالىنى چىقىرىپ تۇرغۇزۇپ كۆردۇم . بۇنىڭغا بىر ئاز كۆنۈككەندىن كېيىن ئالدىچە ۋە كەينىچە ئېگىلىپ موللاق ئېتىپ پىرقىراشنى ئۆگەندىم . بارا - بارا ئورۇندۇققا چىقىپ دەسسەپ تۇرۇپ ئارقىچە ئېگىلىپ چۈشۈپ ، ئىككى ئالقىنىم بىلەن يەرنى تىرەپ تۇرىدىغان بولدۇم . كېيىن بۇ شەكىلنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئۈچ جايغا ئۈچ تال يارماق[1] نى ياكى ئۈچ تال سوقىچاق تاشنى تىك قويۇپ ، ئىككىسىنى قولۇم بىلەن ، يەنە بىرىنى بولسا چىشىم بىلەن چىشلىۋېلىپ ئۈستەل ئۈستىدە ئۆرە تۇرىدىغان بولدۇم .

يۇقىرىقىدەك بىرقانچە موللاق شەكىللىرىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ، كوچىلاردىكى ئادەم ئاۋۇن جايلارغا بېرىپ ئۇلارغا موللاق ئويۇنى كۆرسىتىدىغان بولدۇم ، ئادەم يىغىش ئۈچۈن دۇمباق چېلىش كېرەك ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇنىڭغا موللاق ئېتىشنى بىللە مەشىق قىلىپ يۈرگەن مەھەللىمىزدىكى قاسساپنىڭ ئوغلى ھەيدەرنى تاللىۋالدىم . ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ دۇمباق كەرمەكچى بولدۇق . دەسلەپتە بىر ئۆشكە تېرىسىنى تېپىپ قىغقا كۆمۈپ قويدۇق . بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىپ قارىساق ، ئۇنىڭ تۈكلىرى تامامەن يۇلۇنما بولۇپ چۈشتى . ئۇنى كونا بىر ئەلگەكنىڭ قاسقىنىغا كېرىپ دۇمباق ياسىدۇق . كېلىشكىنىمىز بويىچە دۇمباقنى ھەيدەر چالىدىغان بولدى . خالايىق يىغىلغاندا مەن موللاق ئاتىمەن ، ھەيدەر موللاق ئاتقاندا دۇمباقنى مەن چالىمەن . كۆپچىلىك تولاراق مېنىڭ ئويناپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلاتتى . چۈنكى ھەيدەر مەنچىلىك ئەپچىل ئويناليالمايتتى . ئويۇن كۆرسەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بىز ھەق تەلەپ قىلمايتتۇق . چۈنكى بىز دارۋازلارنى دوراپ ئويناش ئۈچۈن ، يەنى ئۆزىمىز ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىمىزدىن ئويۇن ئۈچۈن ئويۇن كۆرسەتتۇق . بەزىدە بولسا باشقا

---

[1] يارماق — قەدىمكى دەۋرلەردە ئىشلىتىلگەن مىتال پۇل .

مەھەللىنىڭ بالىلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئوينايتتۇق .

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن سۇ دەرۋازىنىڭ تاشقىرىسىدىكى سامسىپەزنىڭ بالىسى ئېلىچاق بىلەن بەسلىشىپ قالدىم . بەسلىشىش شەرتى بويىچە بىز دەرۋازىدىن 100 مېتىرچە نېرىدىكى چوڭ ئۆستەڭنىڭ لېۋىگە پۇتىمىزنى ئاسمانغا قىلىپ بارماقچى بولدۇق . پەللىگە بارغىچە يۆتكىگەن قولىمىزنىڭ ئالىقىنىنى قورسىقىمىزغا ئۇرۇپ ماڭىمىز . كىم ئۆستەڭ لېۋىگە بۇرۇن بارسا شۇ ئۇن سامسا ئۇتتىدىغان بولدى . غالىپلار تەرەپ بولغان كىشىلەر بولسا ئەللىكتىن سامسا تىكىشتى . بىز كۆڭلەكلىرىمىزنى سېلىۋېتىپ ئىشتانچاق بولۇۋالدۇق . شۇ كۈنى مەن بار كۈچۈم بىلەن غەيرەت قىلىپ ئېلىچاقتىن ئۇن نەچچە قەدەم بۇرۇن پەللىگە يېتىپ بېرىپ ، ئۇن سامسا ئۇتۇۋالدىم . ئەمما ئالىقانلىرىم قىيىندىلارغا تېگىپ نەچچە يېرىدىن قان چىقىپ كەتتى . پۇتۇن بەدىنىمدىن تەر قۇيۇلۇپ چۆپ - چۆپ ھۆل بولۇپ كەتتىم . كۆپچىلىك چۇرقىرىشىپ مېنى ئالقىشلىدى . ئارىدىن بىر تەلۋە يىگىت چىقىپ : «بەربىر ئۇستى - بېشىڭ ھۆل بولدى . ئەمدى بىراقلا سۇغا چۆمۈلۈپ چىق» دەپ مېنى كۆتۈرۈپ ئۆستەڭگە تاشلىۋەتتى . ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالغىچە ئىككى - ئۈچ قېتىم سۇغا پېشىمچە كىرىپ كېتىپ ئاران سۇدىن چىقىۋالدىم .

ھېلىقى تەلۋە مەن بىلەن سامسىخانىغا بېرىپ : «سېنى سەگىتىپ قويدۇم—ھە» دەپ ، مەن ئۇتۇۋالغان ئۇن سامسىنى بىللە يېدى . نېرىقى ئۆستەڭدە بولسا ماڭا دو چىقىقان كىشى ئۇتۇۋالغان ئەللىك سامسىنى بەش - ئالتە كىشى بىللە ئولتۇرۇپ يەۋاتاتتى . بۇ تەلۋە ئۇلارنىڭمۇ قېشىغا بېرىپ ، ئىككى - ئۈچ سامسىنى يەپ ، بىر سامسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

مەن ھاردۇقۇمنى ئېلىپ ئەمدى ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرۇشۇمغا ھېلىقى يۈزى قېلىن تەلۋە قازانچىلىق ساۋۇر دېگەن بىر بالىنى باشلاپ كەلدى .

— ھە موللاقچى ، مانا ئەمدى بۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ كۆر ، — دېدى ئالدىمنى توسۇپ .



— قولۇم ئاغرىپ كەتتى، ئەمدى ئوينىمايمەن، — دېدىم مەن.

— بىگىسى بار ئوغۇل بالا هال ئېيتمايدۇ، يۈر، — دەپ قولۇمدىن تارتتى هېلىقى تەلۋە، — بۇ دېگەن قازانچىدىن چىققان قالتىس موللاقچى. ئەگەر بۇ سەندىن قېلىپ قالسا قۇلىقىمنى كېسىۋېتىمەن.

ئۇ مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، ئىككى قولى بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سۆرەپ، سۇ دەرۋازا ئالدىغا ئېلىپ باردى.

شۇ چاغدا، مەھەللىدىكى بالىلار ئارىسىدا موللاق ئويۇنى ئەۋج ئېلىپ موللاقچىلار كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى. ساۋۇر مانا شۇنداق بالىلارنىڭ بىرى بولۇپ، قازانچى مەھەللىسى بويىچە ئۇستا موللاقچى دەپ داڭق چىقارغان. ئەگەر مەن ئۇنىمۇ يەڭسەم «قالتىس ئۇستا موللاقچى بولىمەنغۇ» دېگەن ئويدا ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ ئويناشقا ماقۇل بولدۇم.

مەن ئۆيدىن ئاش ۋاقتى بىلەن چىقىپ كەتكەن ئىدىم. نامازدىگەر بولغۇچە ئۆيگە كەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن دادام مېنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇ مېنىڭ سۇ دەرۋازا ئۆپچۆرىسىدە ئادەم توپلاپ موللاق ئويۇنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىمنى كىشىلەردىن ئاڭلاپ، مەن ئويناۋاتقان جايغا ئاتلىق ئىزدەپ كەپتۇ. قارىسا مەن كىيىمنى سېلىۋېتىپ بېشىم تۆۋەن، پۇتۇم ئۈستۈن هالدا قولۇم بىلەن مېڭىپ يۈرگەن. دادام شۇ يەردىن ئاتلىق ماڭغانچە كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ قامچا بىلەن قورسىقىمغا راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. مەن چۆچۈپ كېتىپ، چىرقىراپ، يىغلىغان پېتى قاچتىم. دادام كەينىمدىن ئاتلىق قوغلىدى. مەن سېپىل ياقىلاپ ناغرىچى تەرەپكە بۇرۇلۇپ خانىقانىڭ ئارقىسىغا كەلگەندە، دادام ماڭا يېتىشىپ ئاتتىن چۈشتى، مەن يوشۇرۇنغۇدەك جاي تاپالماي، ئالدىمدىكى ئېرىقتىكى سۇغا چۈشتۇم ـ دە، ئۆمىلىگەن پېتىم كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىپ يېتىۋالدىم. دادام كۆۋرۈك ئاستىغا ئېڭىشىپ: «چىق ماياققا، يېنىپ چىقساڭ هېچنېمە قىلمايمەن، بولمىسا موللاق ئاتقان پۇت ـ قولۇڭنى چېقىۋېتىمەن» دەپ توۋلىدى. مەن ئۈن چىقارماي، ئوغرى مۇشۇكتەك كۆزلىرىمنى پارقىرىتىپ، شۈمشەيگەن پېتى كۆۋرۈكنىڭ يورۇق چۈشۈپ تۇرغان چېتىگە قاراپ تۇردۇم. مەن چىقمى-

غاندىن كېيىن دادام نەدىندۇر ئۆزۈن بىر چەنزە تېپىپ كەلدى . ئۇ
مېنى شۇ چەنزە بىلەن چىقارماقچى بولۇپ ، ئۇنى كۆۋرۈك ئاستىغا
تىقتى . دادام چەنزىنى تارتىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغىچە مەن كۆۋرۈكنىڭ
يەنە بىر چېتىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ ناغرىچى تەرەپكە قاچتىم . ئۇ يەردىن
ئايدۆڭ تەرەپكە كەتتىم . دادام كەينىمدىن ئاتلىق قوغلاپ كېلىۋاتاتتى .
ئۇ يېتىشەي دەپ قالغاندا ، شـــبە كوچـــــــدىكى ئات ماڭمايدىغان
ئەگرى ـ بۈگرى ئۆستەڭ قىرى بىلەن يۈگۈرۈپ ، تام شورلىرىدىن
ئاتلاپ ئۆتۈپ دادامنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا ياۋاشنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدىم .
ھېلىمۇ ياخشى ، ئۇلار دەرۋازىنى ئىلماپتىكەن ، سامانلىققا كىرىپ مۆكۈ-
ۋالدىم . دادام بولسا چوڭ يول بىلەن يۈرۈپ «ھەقىچان ئۇ مۇشۇ يەرگە
كەلدى » دەپ ئويلاپ ، تاغامنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ، گۇناھىمنى سۆزلەپ
بېرىپ مېنى سۈرۈشتە قىپتۇ . تاغام كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتسا ، دادام :
— جەزمەن مۇشۇ ھويلىغا كىردى ، يوشۇرما ، — دەپ تاغامغا
كايىپتۇ . تاغام :
— سىز ماڭا ئاچچىقلانماڭ ، بۇ يەرگە كىرسە مەن نېمىشقا يوشۇرد-
مەن . سىز سەل ئاچچىقىڭىزنى بېسىپ ئۆيدە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ . مەن
ئەتراپنى ئىزدەپ باقاي ، — دەپ دادامنى تىنچلاندۇرۇپتۇ . كېيىن تاغام
مېنى ئىزدەپ سامانلىقتىن تاپتى .
مەن تاغامغا ئېسىلىپ يىغلاپ :
— مېنى بۈگۈن قۇتقۇزۇڭ ، بولمىسا دادام ئۇرۇپ پۇت ـ قولۇمنى
چېقىۋېتىدۇ ، — دەپ يالۋۇردۇم .
— ئەمىسە ، مۇشۇ يەردە سامانغا كۆمۈلۈپ يېتىپ تۇر . مەن بىر
ئامال قىلىپ سېنى ئېلىپ قالاي ، — دەپ سامانلىقتىن چىقىپ كەتتى .
تاغام بەك ياۋاش ، مىس ـ مىس ئادەم ئىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى
بوش ، سىلىق ئاھاڭدا قىلاتتى ، لېكىن تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن ھەرقان-
داق ئادەمنى ئېرىتەتتى . بىرەر كىشى ئۇنى تىللىسا ، ئۇ رەڭگىنى
ھېچقانداق ئۆزگەرتمەي :
— بۇرادەر ، ئىمان ئېيتقان ئاغزىڭىزنى بۇلغىماڭ ، خۇدا تەلىپى-
ڭىزگە يەتكۈزسۇن ، ـ دەپ قوياتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كىشىلەر

«ئابدۇللا ياۋاش» دەپ ئاتايتتى. دادام بولسا بىر ئېغىز گەپنىمۇ كۆتۈرەلمەي مۇشت ئېتىشقا تەييار ئىدى، شۇڭا ئۇنى ھەممە خەق «قادىر توڭ» دەيتتى. دېمەك، بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بۇ ئىككى قېرىنداش مىجەزدە ئىككى دۇنيا ئىدى. مانا بۈگۈن دادام ئۇنى تىللاپ:

— ھۇ مۇناپىق، ھارامزادە، — دەپ ھاقارەتلىدى. مېنى سۆرەپ ئالدىغا ئېلىپ كەلمىگىنى ھەم مېنى قامچىلاشقا يول قويماي تۇتۇۋالغىنى ئۈچۈن، دادام ئۇنى بىرنەچچە قامچا ئۇردى. شۇنداق بولسىمۇ تاغام:

— بالا كىچىك، نادان بولغىنى ئۈچۈن شوخلۇق قىلىدۇ، ئاتىنىڭ تېيىمۇ قىيغىتىدۇ، ئۆشكىنىڭ ئوغلىقىمۇ سەكرەيدۇ ئەمەسمۇ، سادىغاڭ كېتەي ئاكا! بۇ قېتىم مەن بالىنى تىلىۋالاي، ئەتىگىچە ئوبدان نەسىھەت قىلىپ ئاپىرىپ قوياي، — دېگەندەك بىرمۇنچە شېرىن سۆزلەر بىلەن دادامنى ئېرىتىپ، مېنى ئېلىپ قالدى.

تاغام ۋەدىسى بويىچە ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن شوخلۇق قىلماسلىق ھەققىدە نۇرغۇن نەسىھەت قىلدى ۋە ئەتىسى تۈنۈگۈنكى قالايمىقانچىلىقتا يوقىتىپ قويغان كۆڭلىكىم ئورنىغا يېڭى كۆڭلەك ئېلىپ كىيگۈزۈپ ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن دادامدىن قورقۇپ ئۈچ كۈنگىچە جىم يۈردۈم. تۆتىنچى كۈنى ھەيدەر بىلەن مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ مورىنىڭ ئاغزىغا كېسەك تىزدۇق، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بېشىمنى قويۇپ، پۇتۇمنى ئۈستۈن قىلىپ بىرنەچچە مىنۇت تۇردۇم، ئاخىرىدا تامنى تۇتۇپ، پۇتۇمنى جۈپلەپ تىك تۇردۇم. بۇ خەۋەر يەنە دادامغا يېتىپ بېرىپتۇ. دادام شۇ كۈنى ماڭا گەپ قىلمىدى، لېكىن ئەتىسى بامداتتىن كىرىپ مېنى ئۇخلاۋاتقان ئورنۇمدىن تارتىپ چىقىرىپ، تاسما چۇلۇۋۇر[①] بىلەن بىرنەچچىنى ئۇردى ۋە پولنىڭ ئاستىغا سولاپ قويدى. ئۇ، ئۆيدىكىلەرگە ماڭا ھېچنەرسە بەرمەسلىكنى جېكىپ ئۆزى ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بازارغا چىقىپ كەتتى.

مەن ئاچلىقتىن، تاسما تېگىپ تىلىنىپ كەتكەن بەدىنىمنىڭ ئازابى-

① چۇلۇۋۇر — ئۇلاغنى باغلاش ۋە يېتىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يۇڭدىن ئېشىلگەن تانا.

دىن زارلىنىپ زەي يەردە ياتاتتىم . تام ـ تورۇسنى تور باغلاپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن چاشقانلارنىڭ كىتىرلاشلىرى ۋە چىرىلداشـ لىرى ، پاقىلارنىڭ يېنىمدىلا سەكرەپ كۆركىراشلىرى سۈرلۈك ئاڭلىـ نىپ تۇراتتى . ئاكام تاغامنىڭ مېنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىنى ئىلتىماس قىلىپ سىڭلىمنى تاغامنىڭكىگە ئەۋەتىۋېتىپتۇ . ئۆزى چۈشتە ئۆيدە ئەتـ كەن چۆچۈرىدىن بىر ئاپقۇر كۆتۈرۈپ كېلىپ ، پولنىڭ ھاۋا كىرىدىغان تۆشۈكىدىن مېنى چاقىردى :
— زۇنۇن ، پولنىڭ ئاستىغا چۈشىدىغان جايغا دادام قۇلۇپ سېلىپ قويۇپتۇ . تۆشۈكتىن بولسا ئاپقۇر پاتمايدىكەن ، ماۋۇ يەردىن قولۇڭنى سوز .
مەن ھاۋا كىرىدىغان تۆشۈكتىن ئاكام قوشۇق بىلەن بىر ـ بىرلەپ سۇنۇپ بەرگەن چۆچۈرىنى ئىچىپ قورسىقىمنى چالا تويغۇزۇپ جىمىپ قالدىم . كەچقۇرۇنلۇقى تاغام كېلىپ ، يەنە دادامنىڭ توڭنى يۇمشاق ، شېرىن سۆزلىرى بىلەن ئېرىتىپ مېنى ئازاد قىلدى .
مەن قەدىرلىك ، كۆيۈمچان يۇۋاش تاغامنىڭ ماڭا قىلغان ياردەملىـ رىنى ئۇنتۇماي ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بالىلىرىنى ھاپاش قىلىپ بېقىپ ، خىزمىتىنى قىلىپ بەردىم ، شۇنداق قىلىپ ، قېرىنداشلار ئارىـ سىدىكى يېقىنلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى .

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1. ئەسەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، يازغۇچى چىن ھېسسىيات بىلەن ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلىرىنى ئەسلىگەندە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئىسسىق بىر ئېقىم ئۇرغۇپ چىقىدۇ. موللاقچىلىقنى ئۆگىنىش جەرياـ نىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىنتايىن جانلىق، قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرـ لەيدۇ. بېشىدىن ئۆتكەن ھەربىر ئىشنى، دوچ كەلگەن ھەربىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ ھەققىي، چىن ھېسسىياتى بىلەن يازىدۇ. بۇنىڭدىن قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدىـ ڭىز؟ سىز ئاپتورنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭ پىششىپ يېتىلىشىدىكى «خېمىرتۇرۇچ» نى ئىزدەپ تاپالامسىز؟

2. يازغۇچى بۇ ئەسلىمىسىدە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە موللاقچىلىقنى ئۆگىنىمەن دەپ ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى ۋە تارتقان ئازابلىرىنى يازغان. كېيىنكى كۈنلەردە موللاقچى بولۇپ ئەمەس، بەلكى يازغۇچى بولۇپ داڭق چىقارغان زۇنۇن قادىر ئەپەندى ئۈچۈن، باللىق چاغلىرىدىكى ئاشۇ ھەۋەسلىرى بىھۇدە ئىش بولغانمۇ، قانداق؟ ئۆز قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

3. ياخشى ئەسەرلەردە ھېسسىيات ھەمىشە بىرقانچە ئىبىل جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سىزنىڭچە بۇ ئەسەردىكى قايسى جۈملىلەر ئەڭ ئىبىل، ئەڭ ھېسسىياتلىق چىقىپتۇ؟ قايسى جۈملىلەر يۈرەك تارىڭىزنى بەكرەك چېكىپ، تەسەۋۋۇرىڭىزنى قاناتلاندۇرالىدى؟ سىز ئۆزىڭىز ياقتۇرغان جۈملىلەرنى كىتاب ئوقۇش خاتىرىڭىزگە كۆچۈرۈۋېلىڭ.

4. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «خاتىرىلەر» ناملىق ئەسلىمە كىتابىنى ئوقۇپ چىقىڭلار ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىكى («موللاقچىلىقنى ئۆگىنىش» تىن باشقا) قايسى خاتىرىنىڭ سىلەرگە ئەڭ ياققانلىقى ھەققىدە سىنىپ بويىچە بىر قېتىم سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇڭلار ھەم پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار.

5. تېكىستنى ئوقۇغاندا، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى بىلىۋېلىڭلار ھەم ئىملاسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، قانداق پەرق بارلىقىنى كۆزىتىڭلار:

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|
| پى:قىراش | پىرقىرا — پىرقىراش |
| پا:قىرىتىپ | پارقىرا — پارقىرىتىپ |
| چۇ:قىرىشىپ | چۇرقىرا — چۇرقىرىشىپ |
| چى:قىرىشىپ | چىرقىرا — چىرقىرىشىپ |
| كۈ:كىراشلىرى | كۈركىراش — كۈركىراشلىرى |
| قوسىقىمغا | قورساق — قورسىقىمغا |
| موللاخچى | موللاقچى |
| توختاخۇن | توختى ئاخۇن |

# 6 . يازلىق لاگېردا ①

يەنشەن تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى لوجياگو جىلغىسىنى ھەقىقىي جىلغا دېيىشكە بولىدۇ . 20 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى بۇ جىلغىدا پەقەت ئالتە ئائىلىلىك دېھقان بار . بېيجىڭدىكى بىر «جاپا تارتقوزۇپ تەربىيىلەش» يازلىق لاگېر پائالىيەت ئورنى بېيجىڭدىن 100 كىلومېتىر ، پىڭگۇ ناھىيىسىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇشۇ جىلغىغا بېكىتىلدى .

لاگېر پائالىيىتىگە قاتناشقان 30 نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى ئەخلاقتا ، ئۆگىنىشتە ئەلاچى بولغان توققۇز ياشتىن 14 ياشقىچە ئۆسمۈرلەر ئىدى . لاگېر پائالىيىتى 29 - ئىيۇن باشلىنىپ ، ئۈچ كۈن داۋام قىلدى .

شەھەردىن كەلگەن بۇ ئوقۇغۇچىلارغا كۆز ئالدىدىكى ھەممىلا نەرسە يېڭىلىق ۋە ناتونۇش ئىدى .

— بۇ يەردە چېكەتكە بار ئىكەن !

— ئاپام ! نېمىدېگەن چوڭ ئىت بۇ !

— بۇ دەرەختىكىسى ياڭاقمۇ ؟

— بۇ قايسى ھايۋان ؟ نېمە ؟ ئېشەك ؟

بۇلارنى بالىلاردىن كۆرۈشكە بولمايدۇ ، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئازدۇر - كۆپتۇر يېزا تۇرمۇشىنى كۆرگەنلەر ، بىراق بۇ بالىلارنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ، ئۇلار پەقەت شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى شەھەر ئەتراپى رايونىغا بېرىپ يېزا مەنزىرىسىنى كۆرۈش ، شەھەردىكى ئاشپۇزۇللاردا سەھرا تامىقىنى تېتىپ بېقىش بىلەنلا چەكلەنگەن ، ئۇلار ھەقى-

---

① بۇ تېكىست «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 6 - سانىدىن ئېلىنىدى.

قىي يېزا تۇرمۇشىدىن خېلىلا يىراق.

لاگېر پائالىيىتىگە يەنە لوجىياگۇ جىلغىسى ۋە جىلغا ئەتراپىدىكى يەرلەردىن شەھەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن تەڭ ياشتىكى ئون نەچچە بالىمۇ قاتناشتى، ئۇلارمۇ پائالىيەتتىن بۇرۇن تەييارلىق قىلغانىدى ......

پائالىيەت تاغقا چىقىش، كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈش، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھەقىقىي سەھرا تامىقىنى يېيىش قاتارلىق رەڭگارەڭ، مول مەزمۇنلۇق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شەھەرلىك بالىلار ئورۇندىغان ساكس①، ئاككوردىيون مۇزىكىلىرى سەھرالىق بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى؛ سەھرالىق بالىلارمۇ ئۆزلىرىگە خاس تۇرلۇك نومۇرلارنى ئورۇندىدى.

شەھەرلىك بالىلار بىلەن سەھرالىق بالىلار بىرىيەردە ئولتۇرسا، ھەقىقىي پەرق مانا مەن دەپ كۆرۈنەتتى.

شەھەرلىك بالىلار بىلەن سەھرالىق بالىلار تاماقتا بىللە بولدى. ئۇلار تاماق ئۇسسدىغان مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا يەلپۈگۈچ شەكلىدە تىزىلاتتى. رەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا شەھەرلىك چوڭ بالىلار، ئاندىن شەھەرلىك كىچىك بالىلار، ئارقىسىدا سەھرالىق بالىلار تۇراتتى. سەھرالىق بالىلارغا تاماق ئەڭ كەينىدە ئۇسۇلاتتى، ئۇلاردىن كىچىكلىرى ئالدىدا، چوڭلىرى كەينىدە تۇراتتى.

شەھەرلىك بالىلار ھەممىسى دېگۇدەك بىر مومىنى ئېلىپ يەپ بولالمىسىلا ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتەتتى؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، يېزىلىق بالىلار مومىنى زورلاپ يەۋېتەتتى.

سەھرالىق بالىلار ھازىرقى زامان تېخنىكا قابىلىيىتى جەھەتتىن شەھەرلىك بالىلارغا يەتمىسىمۇ، جاپالىق مۇھىتتا چوڭ بولغان، ئۇلار تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىش قابىلىيىتىگە ۋە كۈچلۈك چىدامچانلىققا ئىگە ئىدى.

① ساكس— تولۇق ئاتىلىشى ساكسوفون. بېلگىيىلىك ساكس (Adolphe Sax) كەشىپ قىلغان، مىستىن ياسىلىدۇ. تۇرى كۆپ. ئاۋاز تۈشۈكلىرىدە كلاپانلىرى ۋە كۇنۇپكىسى، ئۈچىدا پۈۋلەيدىغان مۇشتىكى بولىدۇ.

كىچىكىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى كۆرگەن، ئۆكى- لىرىنى باققان، ئىپتىز ئىشلىرىغا ئارىلاشقان بۇ بالىلار تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىكىنى خېلى بۇرۇنلا چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇلار ھەممە ئىشتا مەنلا بولسام، دېمەيدۇ، ئۆزلىرىنى ئائىلىسىدە ئالاھىدە بېقىلىشقا تې- گىشلىك كىشى، دەپ قارىمايدۇ.

پائالىيەت ئاخىرلاشقاندا، ئوقۇتقۇچىلار بالىلاردىن: «تاماقتىن قېنىپ قالمىغانسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، شەھەرلىك بالىلار:

— تازا قېنىپ قالدۇق! ئۆيگە بارغاندا راسا بىر يېمىسەم، — دېيىشتى. سەھرالىق بالىلار:

— تاماق تازا ياخشى ئىكەن، چاغاندىكىدىنمۇ ئوبدان يېدۇق، — دېيىشتى.

قايتىدىغان كەلگەندە، ئاردىبۇس بالىلارنى قارشى ئېلىشقا چىققان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئالدىدا توختىدى، بىر بالا ماشىنىدىن چۈشە ـ چۈشمەي:

— بۇ ئەتراپتا تورتخانا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بالىلار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ جاپاغا چىداش قابىلىيىتىگە سەل قارايدۇ، ھەتتا ئۇلارنى جاپالىق مۇھىتتىن قاچۇرى- دۇ، بىراق بالىلىرى چوڭ بولغاندا، ئۇلاردا مۇھىتقا ماسلىشىش قابىلى- يىتىنىڭ كەملىكىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ كۆيۈنۈشى سە- ۋەب بولغانلىقىدىن ئېچىنىدۇ.

لاگېر پائالىيىتى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، پائالىيەت ئۇيۇشتۇرغۇ- چىلار پائالىيەتكە پۈتۈنلەي ئۆزىنىلا كۆتۈشنى ئويلايدىغان ئوتتۇز نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىغا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى، بىراق ئۇلار بالىلارنىڭ ئۆزلىرى قىياس قىلغاندىكىدىنمۇ شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى.

پائالىيەتكە قاتناشقانلار ئىچىدە ئەڭ كىچىك بىر بالا تاماق قاچىسى ئېلىۋالمىغانىكەن، باشقىلارنىڭ تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر چەتتە تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى، بويى تېرەكتەك بولۇپ قالغان چوڭ بالىلار قاچىلىرىنى تۇتقىنىچە بۇ بالىغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدى.

پائالىيەت جەريانىدا تاغقا چىقىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، شەھەرلىك باللار ئالدىدا ماڭدى، سەھرالىق باللار ئارقىدا قالدى. سەھرالىق باللاردىن نېمىشقا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇلار:

— بىز بۇ تاغقا كۈندە چىقىپ تۇرىمىز، تاغقا چىقىشتا ئۇلار بىزگە يەتمەيدۇ، بىراق ئۇلار يىراقتىن كەلگەن مېھمان ئەمەسمۇ، — دېدى.

دېمىسىمۇ شۇنداق، تېخى شەھەرلىك بەزى باللار سەھرالىق باللارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلدى.

خىزمەتچى خادىملارنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرگەن يەنە بىر ئىش: شەھەرلىك باللار پارپا توخۇ[1] نىڭ تۇخۇمىنى يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. پائالىيەت ئاخىرلىشىدىغان كۈنى چۈشتە، ئاشپەزلەر بۇ تۇخۇمدىن بىر تەخسە قورۇپتۇ. ئۇنى ئەمدىلا باللارنىڭ ئالدىغا ئەكېلىشىگە، بىر قىز جايىدا ئولتۇرغىنىچە تەخسە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىنى چاقىر-دى:

— ھەي، ئەكېلىڭە، تۇخۇمنى كۆرۈپ باقاي.

تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچى خاپا بولۇپ كەتتى ۋە ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىرىدى:

— تۇرۇڭە ئورنىڭىزدىن! ئۆيىڭىزدە ئاتا - ئانىڭىزغىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلامسىز؟

قوپال گەپ قىلغان بۇ قىز ئۈندىمىدى.

ئۈچ كۈنلۈك پائالىيەت ئاخىرلاشتى، شەھەرلىك، سەھرالىق باللار بىر - بىرىگە بولغان قاراشلىرىنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازدى. سەھرالىق باللار شەھەرلىك باللارنى «ئەقىللىق، تەشەببۇسكار، چىقىشقاق، ئىنكاسى تېز، شەخسىيەتچى، ئەدەپسىز، ئىسراپخور، ياساندۇق، باشقىلارنى ئارىغا ئېلىشنى خالىمايدىغانلار» دەپ تەرىپلىدى. شەھەرلىك باللار سەھرالىق باللارنى: «ئاددىي - ساددا، جاپاغا چىداملىق، باشقىلارغا قىزغىن، بىر نەرسىنى ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل،

[1] پارپا توخۇ — تېنى سەل كىچىك، تۇخۇمىمۇ كىچىكرەك، پۈتىنىڭ تۈۋىنكى قىسمىدا تۈكلىرى بولمىغان توخۇ.

كىچىكىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى كۆرگەن، ئۆكىلىرىنى باققان، ئېتىز ئىشلىرىغا ئارىلاشقان بۇ بالىلار تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىكىنى خېلى بۇرۇنلا چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇلار ھەممە ئىشتا مەنلا بولسام، دېمەيدۇ، ئۆزلىرىنى ئائىلىسىدە ئالاھىدە بېقىلىشقا تېگىشلىك كىشى، دەپ قارىمايدۇ.

پائالىيەت ئاخىرلاشقاندا، ئوقۇتقۇچىلار بالىلاردىن: «تاماقتىن قېنالمىغانسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، شەھەرلىك بالىلار:

— تازا قېنالدۇق! ئۆيگە بارغاندا راسا بىر يېمىسەم، — دېيىشتى. سەھرالىق بالىلار:

— تاماق تازا ياخشى ئىكەن، چاغاندىكىدىنمۇ ئوبدان يېدۇق، — دېيىشتى.

قايتىپ كەلگەندە، ئارىبۇس بالىلارنى قارشى ئېلىشقا چىققان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئالدىدا توختىۋىدى، بىر بالا ماشىنىدىن چۈشە - چۈشمەي:

— بۇ ئەتراپتا تورتخانا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بالىلار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ جاپاغا چىداش قابىلىيىتىگە سەل قارايدۇ، ھەتتا ئۇلارنى جاپالىق مۇھىتتىن قاچۇرىدۇ، بىراق بالىلىرى چوڭ بولغاندا، ئۇلاردا مۇھىتقا ماسلىشىش قابىلىيىتىنىڭ كەملىكىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ كۆيۈنۈشى سەۋەب بولغانلىقىدىن ئېچىنىدۇ.

لاگېر پائالىيىتى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، پائالىيەت ئۇيۇشتۇرغۇچىلار پائالىيەتكە پۈتۈنلەي ئۆزىنىلا كۆتۈشنى ئويلايدىغان ئوتتۇز نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىغا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى، بىراق ئۇلار بالىلارنىڭ ئۆزلىرى قىياس قىلغاندىكىدىنمۇ شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى.

پائالىيەتكە قاتناشقانلار ئىچىدە ئەڭ كىچىك بىر بالا تاماق قاچىسى ئېلىۋالمىغانىكەن، باشقىلارنىڭ تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر چەتتە تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى، بويى ئېرەكتەك بولۇپ قالغان چوڭ بالىلار قاچىلىرىنى تۇتقىنىچە بۇ بالىغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدى.

نامرات ، كەم سۆز ، جۇرئەتسىز ، ياۋاش ، ئىنكاسى ئاستا ، مەينەت» دەپ تەرىپلىدى .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. دۇنيادىكى بارلىق مۇھەببەتلەر ئىچىدە ئاتا ـ ئانا مۇھەببىتى ھەممىدىن چوڭقۇر بولىدۇ. بىراق ئاتا ـ ئانىلار ھە دېگەندىلا بالىلىرىنى جاپا تارتىشتىن قاچۇرسا، بالىلار پارنىكتىكى گۈلدەك ئاجىز بولۇپ قالماسمۇ؟ ئاتا ـ ئانىلار ئەتىگەندىن كەچكىچە بالىلىرىنىڭ تۇققۇزنى تەل قىلىپ بېرىشنىگلا كويىدا بولسا، بۇنداق بالىلار ھەممە ئىشتا ئۆزىنىلا مەركەز قىلىدىغان، ھەممىلا كىشى ماڭا كۆڭۈل بۆلسەكەن دەپ ئويلايدىغان، ھەرقانداق جايدا كۈتۈلسەمكەن، دەپ ئارزۇ قىلىدىغان تەييارتاپ، تەمەخورلاردىن بولۇپ قالماسمۇ؟ سىز ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا بىر نەزەر سېلىپ بېقىڭ ۋە تۆۋەندىكى سوئاللار بويىچە ئويلىنىپ كۆرۈڭ.

1) سىز ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىزدە مەلۇم دەرىجىدە جاپا تارتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارامسىز؟ ئۇنداقتا مۇشۇ قارىشىڭىزنى مەلۇم بىر مىسال ياكى پاكىت ئارقىلىق سۆزلەپ بېقىڭ.

2) سىز ئاتا ـ ئانىڭىزغا ياكى باشقىلارغا زىيادە يۆلىنىپ ياشاشنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئادىتىڭىزنىڭ شەكىللىنىشىگە كۆرسىتىدىغان زىيىنىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا سىز ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن ياكى باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزدىكى مۇشۇنىڭغا ئائىت بىر ـ ئىككى تىپىك مىسالنى بايان قىلىپ بېقىڭ.

3) كىشىلىك تۇرمۇشتا باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ياشاش ھەقىقەتەن بىر گۈزەل ئەخلاق. ئۇنداقتا ھەمكارلىشىپ ياشاش بىلەن مۇستەقىل ياشاش ئۆزئارا زىددىيەتلىكمۇ، مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىپ كۆرۈڭلار.

2. شەھەرلىك بالىلار بىلەن سەھرالىق بالىلارنىڭ بىلىش، ئەخلاق، ئادەت ۋە مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقلىرىنى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەبىئىي شارائىتتىكى قايسى ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرۈڭلار.

# 7 . غايە

## ليۇ شاخې[1]

*— غايە ئادەمنى ئاجايىپ مەھلىيا قىلىدىغان سۆز!*

*ئىنسانلار غايىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دۇنيا تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىدۇ؛ بىزدە غايە بولغاچقا، بەلگىلەنگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن توختىماي تىرىشىمىز. غايە دېگەن نېمە؟ بۇ شېئىرنى ئوقۇسىڭىز، غايە توغرۇلۇق يېڭىچە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىڭىز مۇمكىن.*

غايە مىسلى تاش، سوقۇلسا ئۇندا ئوت ـ ئۇچقۇن ئايان؛
غايە مىسلى ئوت، چىراغ ـ شام ئۆچسە ياندۇرغاي ھامان؛
غايە مىسلى شام ـ چىراغ، تۈنلەردە يولنى يورۇتار؛
غايە مىسلى يول، سېنى باشلاپ ماڭار سۇبھى[2] تامان.

غايە بىر قۇت، زۇلمى چەكسىز، قويىنى تار دەۋران ئارا؛
غايە گويا بىر سالاپەت، بەختىيار دەۋران ئارا.
غايە — ئۈملۈك، قۇترىغان دەمدە نىزا ـ ئەنسىزچىلىك؛
غايە — شانلىق يۈكسىلىش، ئۆم ـ بىغۇبار دەۋران ئارا.

غايە يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈنچە ـ مەرۋايىت گويا،
ئەيلىگەي مىليون ئەسىر ـ يىل ئۆتسىمۇ يارقىن جۇلا.

---

① ليۇ شاخې — 1931 ـ يىلى سىچۈەندە تۇغۇلغان. بۇ شېئىر «ليۇشاخې شېئىرلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. جاسارەت تاش تەرجىمە قىلدى.
② سۇبھى—تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان ۋاقىت، سەھەر.

ئۇ بولۇپ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۇمۇرتقىسى،
ھەر زامان ھەر كىمگە كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلغاي ئۇدا.

غايە — كومپاس، كېمە ئۇنسىز يولىدىن ئازماس دېمە؛
غايە — ئۇ ئوكيان ئارا بىزنى سىلىپ ماڭغان كېمە.
غايە گاھى كۆز قىسىپ چەكسىز ئۇپۇقنىڭ باغرىدا،
يەتكىلى بولمايدىغان ئالۋۇنغا ئوخشاش بىر نېمە.

خۇش نەزەر سالدىڭ ھاياتقا غايە بەرگەچكە مەدەت،
ئوت ئاچارسەن كاج پەلەككە باش ـ بويۇن ئەگمەي پەقەت.
يەتمىگەي يادىڭغا بالدۇر قار ـ قىرو قونغان چېچىڭ،
ئورنىشىپ كەتكەي دىلىڭغا ساددىلىق ـ پاكلىق ئەبەد.

چۈش كۆرۈپ ياتساڭ ئەگەر پۇل ـ مالغا باغلاپ ئىشتىياق،
غايە — شۇنداق چۈش ـ خىيالنى بۇزغۇچى زىل قوڭغۇراق.
غايە — سۇ، غايە — سوپۇن، پاكلار دىلىڭغا قونسا كىر؛
غايە — گاھى پايدا بەرسە، گاھ بەدەل ئالۇر بىراق.

ئەيلىسە غايە ساڭا شۆھرەت ـ شەرەپنى ئىلتىپات،
ئۇنتۇما بۇ ئۇ بەخش ئەتكەن قوشۇمچە مەھسۇلات.
ئۇ كېلەر باشلاپ تالاي رەت زېرىكىش سىڭگەن سۇكۇت،
شۇ سۇكۇتتە كۈلكە باردۇر، كۈلكىدە دەرد ـ مۇشكۇلات.

غايە ۋىجدان ئەھلىنى دائىم قىلار ئاپەتكە يار،
ئەمما ئاپەت قوينىدىن گاھى يەنە دەس تۇرغۇزار.
غايىسىزلەر بىر ئۆمۈر مەھرۇم ئۇلۇغلۇق تاجىدىن،
غايىلىكلەر ئەل ئارا مەڭگۇ «گىگانت قامەت» كە يار.

غايە روھسىز تەنگە ئەيلەر قايتىدىن روھ ــ جان ئاتا،
باشلىغاي ھەق يولغا، كىمكى تاللىسا يولنى خاتا.
بەزىلەر ئۇزسە مۇقەددەس غايىدىن دىل رىشتىنى،
ئەمما غايە ھېچكىشىدىن كەچمىگەي، بولماس خاپا.

غايىگە داغ تەگسە، نەپرەت ئىلكىدە چەكمە پىراق،
چۈنكى بۇ، شەيتان ئىرادەگىدىن ئېلىپ باققان سىناق؛
غايە چۈشسە ئوغرىنىڭ چۆنتىكىگە تۆكمە ياش،
ۋاقتىدا ئىزدەپ تېپىپ كەل، تۇر بىخودلۇقتىن يىراق.

غايىدىن قول ئۇزسە پالۋان بولغۇسى ناكەس[1] ئەبەد،
ماختىنار ئۆتمۈشتە قۇچقان شۇ زەپەر ــ شانىدىن پەقەت؛
ئۆتكۈسى خارلىقتا ناكەس غايىدىن قالسا قۇرۇق،
ياغدۇرۇپ تۇرمۇش، شارائىت ئۈستىگە قارغىش ــ لەنەت.

غايە پۈركەندى چېچەككە، مېۋىلەر شاپتۇل، گىلاس؛
غايە بىخ سۈردى، تېرەك ـ تال ئارتقۇسى كۆپكۆك لىباس[2].
سەن مىنىپ ئاتلان سەپەرگە غايىنىڭ تۇلپارىنى،
بولدى نۇرلۇق يەر ــ جاھانغا نەۋ باھار ئەييامى[3] خاس.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىڭلار، ئۆز كەچۈرمىشلىرىڭلارغا تەدبىقلاپ، شېئىر-دىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىڭلار:

---

① ناكەس— يارىماس، ۋىجدانسىز، ئىنساپسىز، باشقىلارغا ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدىغان.
② لىباس— كىيىم، ئۈستى كىيىم.
③ ئەييام— ۋاقىت، كۈنلەر

(1) شېئىردىكى «غايە — گاھى پايدا بەرسە، گاھ بەدەل ئالۇر بىراق» دېگەن مىسرادا شائىر غايە كىشىلەرنى بەزىدە غەلىبە، شەرەپكە ئېرىشتۈرسە، بەزىدە قۇربان بېرىشكە قىستايدۇ. ئاچچىق بەدەل تۆلەتكۈزىدۇ دېمەكچى. بۇ سۆزنى سىز قانداق چۈشىنىسىز؟

(2) شائىر شېئىردا: «غايە ۋىجدان ئەھلىنى دائىم قىلار ئاپەتكە يار،/ ئەمما ئاپەت قوينىدىن گاھى يەنە دەس تۇرغۇزار.»، «ئۆتكۈسى خارلىقتا ناكەس غايىدىن قالسا قۇرۇق،/ ياغدۇرۇپ تۇرمۇش، شارائىت ئۈستىگە قارغىش - لەنەت» دېگەن. سىز بۇ قاراشقا قوشۇلامسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ قاراشلىرى ھەققىدە ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىرلىشىپ بېقىڭ.

2. بىر قېتىم شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، كىمنىڭ شېئىرنى ئەڭ ياخشى دېكلاماتسىيە قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

3. بۇ شېئىردا ئوخشىتىشنىڭ قايسى تۈرى ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان؟ غايە قانداق نەرسىلەرگە ئوخشىتىلغان؟ شائىر نېمە ئۈچۈن غايىنى شۇنچە كۆپ نەرسىلەرگە ئوخشىتىدۇ؟

> غايە — يول كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق چىراغ . غايە بولمىسا ، مۇقىم نىشان بولمايدۇ ؛ نىشان بولمىسا ، تۇرمۇشمۇ بولمايدۇ .
>
> (لېف تولىستوي )
>
> ھەممە ئادەمدە مۇئەييەن غايە بولىدۇ ، بۇنداق غايە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى ۋە مۇقىملاشقان نىشانىنى بەلگىلەيدۇ . شۇڭا ، مەن ئەزەلدىن راھەت - پاراغەت قوغلىشىشنى ۋە يەپ - ئىچىشنى ياشاشنىڭ تۈپ مەقسىتى دەپ قارىمىدىم . مۇشۇنداق قاراشنى تەرغىپ قىلىدىغان ئېتىكا ئاساسىنى چوشقىنىڭ غايىسى دەپ ئاتايمەن .
>
> (ئېينىشتېين )

# 8 . مېنىڭ ئەقىدەم

## مارى كيۇرى[1]

*ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر كاتتا ئالىم ئۆزىنى شۇ قەدەر ئاددىي ئادەم دەپ قارىدى. قانداق پەزىلەتنى ھازىرلىغاندا، ھەقىقىي ئالىم بولۇپ يېتىشىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، بۇ قىسقا ماقالىنى ئوقۇپ بېقىڭ، كۆزىڭىز بىلەنلا ئەمەس، يەنە ساپ قەلبىڭىز بىلەن ئوقۇڭ، دىل رىشتىڭىز بىلەن خرۇستالدەك پاك، ئۇلۇغ قەلبكە يېقىنلىشىڭ!*

ياشاش — ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ مۇشەققەتلىك ئىش، ياشاش ئۈچۈن قەتئىي تەۋرەنمەس روھقا ئىگە بولۇشىمىز زۆرۈر. ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىمىزدە يۈكسەك ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز لازىمكى، بىزدە ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغان تۇغما قابىلىيەت بار، مەيلى قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، قىلماقچى بولغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تىرىشىڭ. شۇ چاغدا، پاك ۋىجدانىڭىز بىلەن: «بارلىق ئىقتىدارىمنى ئىشقا سالدىم» دېيەلەيسىز.

مەلۇم بىر يىلى ئەتىيازدا، سالامەتلىكىم ياخشى بولماي، بىر نەچچە ھەپتىگىچە سىرتقا چىقالماي ئۆيدە ئارام ئالدىم. مۇشۇ جەرياندا، قىزلىرىم باققان پىلە قۇرتىنىڭ غوزەكلىشى قىزىقىشىمنى قوزغىدى. پىلە قۇرتىنىڭ جاھىللىق ۋە ئىجتىھات بىلەن تىنىمسىز ئىشلىگىنىگە قاراپ، ئۆزۈمنىڭ ئۇلارغا نەقەدەر ئوخشايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مەنمۇ

---

① مارى . كيۇرى — (1867 — 1934) يەنە بىرخىل ئاتىلىشى كيۇرى خانىم . پولشالىق . ئۇ فىزىكا ۋە خىمىيە پېنىدە بولۇپ ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كاتتا ئالىم .

ئۇلارغا ئوخشاش بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمنى سەۋرچانلىق بىلەن مۇئەييەن بىر نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ كەلدىم. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم پىلە قۇرتىنىڭ مەلۇم بىر كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە غوزەك چىقارغىنىغا ئوخشاشلا مەلۇم بىر كۈچىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە بولغان.

مەن ئەللىك يىلدىن بېرى، بارلىق زېھنىي كۈچۈمنى ئىلمىي تەتقىقاتقا سەرپ قىلىپ كېلىۋاتىمەن. تەتقىقات — ھەقىقەت يولىدىكى ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. مېنىڭ نۇرغۇن گۈزەل، شېرىن ئەسلىمە - خاتىرىلىرىم بار. ياشلىق دەۋرىمنى پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەنھا ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم؛ كېيىن ئېرىم ئىككىمىز بارلىقىمىزنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلاپ، ئاددىي قىرائەتخانا ئىچىدە جاپالىق تەتقىقاتلارنى قىلدۇق. ئاخىر دەل مۇشۇ يەردە رادىي[1]نى بايقىدۇق.

مەن ئەزەلدىن خاتىرجەم خىزمەت ۋە ئاددىي ئائىلىۋى تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ كەلدىم. مۇشۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قۇربىمنىڭ يېتىشىچە جىمجىت مۇھىت بەرپا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ خىزمىتىمگە كاشىلا قىلىشىدىن ھەم نام - شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن ئاۋارىچىلىقلاردىن خالىي بولدۇم.

ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا، بايلىققا ئەمەس، بەلكى كەسپكە ئىشتىياق باغلىغانلىقىمىزغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن. ئېرىم ئىككىمىز بىز بايقىغان نەرسىلەردىن ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىش - ئالماسلىق توغرۇلۇق پىكىرلەشكەن ۋاقتىمىزدا، ھەر ئىككىلىمىز تەتقىقاتقا قاراتقان پاك ئەقىدىمىزگە خىلاپلىق قىلىشنى راۋا كۆرمىدۇق. شۇڭا بىز رادىينىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى تەلەپ قىلماي، خېلى جىق بايلىقتىن ۋاز كەچتۇق. مەن بۇ ئىشىمىزنىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن. دەرۋەقە، ئىنسانلار ئۆز ئەجرىگە لايىق ھەق ئېلىشقا ھوقۇقلۇق. لېكىن، ئىنسانلار يەنە غايىپەرەسلەرگىمۇ موھتاج بولىدۇ. غايىپەرەسلەر كەسپكە چەكسىز ئىشتىياق باغلىغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بوش ۋاقتىمۇ، ماددىي مەنپەئەت قوغلىشىدىغان خىيالىمۇ بولمايدۇ.

---

① رادىي — بىر خىل خىمىيىۋى ئېلېمېنت

ھۆر ـ ئەركىن بىر دۆلەتتە ، ئەركىن ئالىم سالاھىيىتى بىلەن ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى ئىشلەش — مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم . مەن بۇنداق ھوقۇقنى ئەزەلدىن ماڭا مەنسۇپ بولۇپ قالار ، دەپ ئويلىمىغان ئىدىم . چۈنكى ، مەن 24 ياشقا كىرگىچە ، باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغان پولشادا تۇرغان . مەن فرانسىيىدە ياشاش جەريانىدا ئەركىنلىككە ئېرىشىش يولىدا قانچىلىك بەدەل تۆلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم .

مەن كىچىك ۋاقتىمدا ھازىرقىدەك مۇلايىم ئەمەس ئىدىم . كۆپلىگەن تاۋى نازۇك كىشىلەرنىڭ بىرەر ـ يېرىم ئېغىز قاتتىق سۆز ئاڭلىسىلا چىدىماي قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولغاچقا ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سەزگۈر مىجەزىمنى تىزگىنلەپ كەلدىم . ئېرىمنىڭ مۇلايىم ، سالماق خاراكتېرىدىن نۇرغۇن نەپكە ئېرىشتىم . ئۇ ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، تەقدىرنى تەن ئېلىشنى ئۆگىنىۋالدىم . يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ، تۇرمۇشتىكى گۈل كۆچۈرۈش ، كۆچەت تىكىشكە ئوخشاش ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلار بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇردۇم ، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش ، يۇلتۇزلارغا قاراشتىنمۇ ئانچە ـ مۇنچە ھۇزۇر ئالىمەن .

مەن ئىزچىل تۇردە دۇنيانىڭ گۈزەللىكىگە مەھلىيا بولۇپ كەلدىم ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيگەن ئىلىم ـ پەنمۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ تۇردى . مەن شۇنداق دەپ قارايمەنكى ، ئىلىم ـ پەن ئۆزىدە مۇقەددەس گۈزەللىكنى ھازىرلىغان . تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئالىم يالغۇز تېخنىكا خادىمى بولۇپلا قالماي ، يەنە سەبىي بالىدۇر ، سەبىيلەر چۆچەك ـ رىۋايەتلەرگە مەپتۇن بولغاندەك ، ئالىملارمۇ تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىگە مەپتۇن بولىدۇ . ئىلىم ـ پەننىڭ بۇنداق سېھرىي كۈچى تەجرىبىخانىدا ئۆمۈرۋايەت باش چۆكۈرۈپ خىزمەت قىلالىشىمغا تۈرتكە بولغان مۇھىم ئامىلدۇر .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار، ئاندىن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

(1) ئاپتور «ئىنسانلار يەنە غايىپەرەسلەرگىمۇ موھتاج بولىدۇ» دەپ قارىغان. «غايىپەرەس» لەرنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى قايسى؟ قايسى ئىشتىن ئاپتورنىڭ مۇشۇنداق «غايىپەرەس» لىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن سىز قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

(2) ئاپتور نېمە ئۈچۈن ئالىمنى «سەبىي بالا» دەيدۇ؟ بۇ ئاپتورنىڭ قانداق روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؟

2. تېكىستتىكى بەزى سۆزلەرنى ھېكمەتلىك سۆز، دېيىشكە بولىدۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تاللاپ خاتىرە دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈۋېلىڭلار، تەسىراتىڭلارنى يازساڭلار تېخىمۇ ياخشى. باشقىلارنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەندە قوش تىرناق بىلەن يالاڭ تىرناقنى قانداق جايدا ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

3. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتىڭلاردا «كيۇرىلار ئائىلىسى» دېگەن كىتابنى ئوقۇڭلار ھەم ئالىملارغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۆگىنىش ماتېرىيالىڭلار قاتارىدا ساقلاپ قويۇڭلار.

يازلىق مېۋە ــ چېۋىلەر بازارغا سېلىنغاندا كيۇرى خانىم ئەرزان باھالىق مېۋىلەرنى سېتىۋېلىپ، مېۋە قىيامى تەييارلايتتى، قىش كەلگەندە شۇلارنى يەيتتى. ئۇ تەجرىبىدىن باشقا، يەنە تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، بالا بېقىش، ياشىنىپ قالغان قېيناتىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ قولى ئىشچىنىڭ قولىدەك يىرىك ئىدى.

ياز، تونۇردەك ئىسسىق ئامبار ئىچىدە قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئەگىپ يۈرەتتى، كيۇرى خانىمنىڭ ئۇچىسىدىكى خىزمەت كىيىمى چاڭ ـ توزان ۋە تەردىن قاسماقلىشىپ

كەتكەنىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ، گېلى ئاچچىق ئىس تەسى-ىرىدىن ئېچىشىپ ئاغرىيتتى . ئەمما ئۇ داش قازاندىكى مەدەنلەرنى تاۋلاپ ئايرىپ چىقىشتىن زادىلا توختاپ قال-مايتتى .

ئىس - تۈتەكنىڭ ئادەمنى زەھەرلەپ قويۇشىدىن ساق-لىنىش ئۈچۈن ، قەھرىتان قىش كۈنلىرىدىمۇ دېرىزە ئو-چۇق تۇرغاچقا ، ئۇنىڭ قوللىرى مۇزلاپ ، ھەتتا تەجرىبە خاتىرىسىنى يېزىشمۇ ناھايىتى تەسكە توختايتتى .

مانا بۇ كيۇرى خانىمنىڭ خىزمەت شارائىتى ئىدى .



**ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ**

# باللىقىم

پەرھات ئابىت چوغلان①

بالىلىقتا تالنى ئات قىلىپ مىنىشمىگەنمۇ ،
بىر نان تاپساق تەڭ بۆلۈشۈپ يېيىشمىگەنمۇ .
بىلىجان تۇتۇپ سازلىقلاردا كىچىك چىلەككە ،
تەرمەچ يىغىپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشمىگەنمۇ .

بالىلىقتا تالاي تەشكەن شورىلارنى بىز ،
باغقا كىرىپ قېقىۋەتكەن غورىلارنى بىز .
ئايدىڭ كېچە مەلىلەردە مۆكۈشمەك ئويناپ ،
چۇقان سېلىپ چاڭ كەلتۈرگەن كوچىلارنى بىز .

ئۆتتى كۈنلەر ، ئۆتتى ئايلار ، ئۆتتى كۆپ يىللار ،
تىرىكچىلىك غېمى بىلەن ئاقاردى چاچلار .
ئارىمىزدىن كەتسە بىرى ، تارتىشتۇق ئاھ ،
جۇدالىقتا ئۈزاتتۇق بىز تۆكۈپ كۆز ياشلار .

---

① پەرھات ئابىت چوغلان — 1953 - يىل غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان . ئوقۇتقۇچى ، كومپوزىتور ، ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيەتلىرىدىن «باققا بارايلى» ، «يۇلتۇزلارغا سۆز» ، «مېھمان قىلىپ كۈتتۇق» ، «قازانچى» قاتارلىقلار بار . «باللىقىم» ئۇنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىجادىيىتى .

بۇ شېئىردىن چوڭلارنىڭ نەزىرىدىكى بالىلىقنىڭ تولىمۇ گۈ-
زەل، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك، غەمسىز مەزگىل ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلىسىز. ئاپتور بۇ ناخشا تېكىستىدە بالىلىق ھاياتىنى ناھايىتى
رەڭدار، مەنىلىك، ھېسسىياتلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. ھەقىقەتەنمۇ
ئىنساننىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى كېيىنكى بىر ئۆمۈر ھاياتى-
غا تەمى مەڭگۈ ئېسىتىن كەتمەيدىغان، ئۇنتۇلغۇسىز ھېسسىيات
جۇغلانمىلىرىنى ۋە كەچۈرمىشلەرنى ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا بالىلىقنى
ئەسلەش چوڭلارغا نىسبەتەن ھەم ھەسرەتلىك ھەم لەززەتلىك رو-
ھىي ھالەتتۇر. سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى بالىلىق كۈنلىرىڭىزنى
ئاشۇنداق رەڭدار ھېس قىلامسىز؟ ئاشۇنداق مول كەچۈرمىشكە ئىگە
دەپ قارامسىز؟

# تۇرمۇش

## ئۇلپەت①

ئوخشاش بىر ئېرىقتىكى سۇ . بەزىلەر ئۇنى ئالتۇن كاسىدا ، بەزىلەر ساپال قاچىدا ئۇسۇپ ئىچىدۇ . ئالتۇن كاسىسىمۇ ، ساپال قاچىسىمۇ يوق كىشىلەر بولسا قوللىرىدا ئوچۇملاپ ئىچىدۇ .

سۇدا ھېچقانداق پەرق يوق . ئۇنىڭدىكى پەرق پەقەت سۇ ئۇسىدىغان سايماندا . قەلەندەر بىلەن پادىشاھنىڭ پەرقى ئەنە شۇ ئۇسىدىغان «قاچا» دا .

پەقەت ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقان كىشىلەرلا سۇنىڭ تاتلىقلىقىنى ھېس قىلالايدۇ . قۇملۇق كېزىپ ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارغىنلىقنى يەتكۈچە تارتقان سەيياھ سۇنىڭ لەززەتلىك تەمىنى ھەقىقىي تېتىيالايدۇ .

چىڭقى چۈشنىڭ ئاپتىپىدا يەر تېرىپ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن دېھقانلار سۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ .

يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى ، ئۇلار سالقىن يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ نەپىس جاملاردا قانچە يۇتۇم سۇ ئىچسىمۇ سۇنىڭ تاتلىقلىقىنى تېتىيالمايدۇ .

بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى ئۇلار سەيياھتەك ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمىغان . دېھقاندەك قاق چۈشتە يەر تېرىپ باقمىغان . شۇڭا ئۇلار سۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالمايدۇ .

مەيلى كىم ، لۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەگەر ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇز-

---

① ئۇلپەت — (1908 — ...) ... ئۇلپەت ... مىللىتى ئۆزبېك . ... ئەدەبىياتىدا ... بىلەن «باققا بارايلى» ، ... «نە ... پەرى» دېگەن شېئىرىيكە ئائىت بولغان . ... ئاتار ... «... ئۇنىڭ ئەڭ ...

لۇقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە تاماق ۋە سۇنىڭ لەززىتىنىلا ئەمەس ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنىمۇ بىلەلمەيدۇ .

سىز بۇ پەلسەپۋى نەسردىكى «مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە، تاماق ۋە سۇنىڭ لەززىتىنىلا ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنىمۇ بىلەلمەيدۇ.» دېگەن پىكىرنى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

دېگەن پىكىر بىلەن باغلاپ، ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى بايان قىلىپ بېقىڭ.

# تۇرمۇش

## ئۇلپەت[1]

ئوخشاش بىر ئېرىقتىكى سۇ . بەزىلەر ئۇنى ئالتۇن كاسىدا ، بەزىلەر ساپال قاچىدا ئۇسۇپ ئىچىدۇ . ئالتۇن كاسىسىمۇ ، ساپال قاچىسىمۇ يوق كىشىلەر بولسا قوللىرىدا ئوچۇملاپ ئىچىدۇ .

سۇدا ھېچقانداق پەرق يوق . ئۇنىڭدىكى پەرق پەقەت سۇ ئۇسىدىغان سايماندا . قەلەندەر بىلەن پادىشاھنىڭ پەرقى ئەنە شۇ ئۇسىدىغان «قاچا» دا .

پەقەت ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقان كىشىلەرلا سۇنىڭ تاتلىقلىقىنى ھېس قىلالايدۇ . قۇملۇق كېزىپ ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارغىنلىقنى يەتكۈچە تارتقان سەيياھ سۇنىڭ لەززەتلىك تەمىنى ھەقىقىي تېتىيالايدۇ .

چىڭقى چۈشنىڭ ئاپتىپىدا يەر تېرىپ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن دېھقانلار سۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ .

يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى ، ئۇلار سالقىن يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ نەپىس جاملاردا قانچە يۇتۇم سۇ ئىچسىمۇ سۇنىڭ تاتلىقلىقىنى تېتىيالمايدۇ .

بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى ئۇلار سەيياھتەك ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمىغان . دېھقاندەك قاق چۈشتە يەر تېرىپ باقمىغان . شۇڭا ئۇلار سۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالمايدۇ .

مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەگەر ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇز-

① ئۇلپەت — (1908 — ... ) ئىسمى ئابدۇللا ... ئۇلپەت ، ... سانائىتلىق ، مىللىتى ئۆزبېك . ئەقىدىلىك ... مۇرۇز ... «ياقىقا بارايلى» ، ... «ئەنە ... » دېگەن شېئىرىغا ... ئاتارلىق ... «... ئىلقىم» ئۇنىڭ ئەڭ ... بولغان .

لۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە تاماق ۋە سۇنىڭ لەززىتىنىلا ئەمەس ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنىمۇ بىلەلمەيدۇ .

سىز بۇ پەلسەپۋى نەسردىكى «مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە، تاماق ۋە سۇنىڭ لەززىتىنىلا ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنىمۇ بىلەلمەيدۇ.» دېگەن پىكرنى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

دېگەن پىكىر بىلەن باغلاپ، ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى بايان قىلىپ بېقىڭ.

يېزىقچىلىق

# راست گەپ قىلىش، چىن ھېسسىياتنى ئىپادىلەش

ئەسەر مەقسەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. راست گەپ كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. ئەسەردە ئوقۇرمەنلەرنى تەسىرلەندۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن راست گەپ قىلىنىشى، چىن ھېسسىيات ئىپادىلىنىشى لازىم.

كۆڭۈلدە قانداق ئويلىغان بولسا، شۇنداق يېزىش يېزىقچىلىقتىكى ئاساسىي تەلەپلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. كۆڭۈلدىكى ھەقىقىي تەسىرات ۋە تونۇشنى ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن يېزىپ چىققاندىلا، يېزىلغان ئەسەر راست گەپ قىلىش، چىن ھېسسىياتنى ئىپادىلەش تەلىپىگە يېتىدۇ. «مېنىڭ ئەقىدەم» دېگەن ئەسەردە مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى يېزىپ، كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى قىلىپ، چىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. شۇڭا بۇ ئەسەر كىشىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپ، ھاياجانغا سېلىپ تەربىيە بېرەلىگەن.

چىن ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىش ئۈچۈن، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇش كېرەك. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش مەدەنىيەت جۇغلاش، بىلىم جۇغلاش، ئەقىل جۇغلاش، ھېسسىيات جۇغلاش بولىدۇ. «ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇغاندا ئادەمنىڭ بىلىمى ئېشىپلا قالماستىن، بەلكى ھېسسىياتىمۇ بېيىيدۇ.» بىلىم ئاشسا، تەربىيىلىنىش يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ھېسسىيات بېيىسا، چىن ھېسسىياتلىق ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ.

1 . مەكتەپ ھاياتىدا ، ئائىلە تۇرمۇشىدا ، بىز ئۇنتىيالمايدىغان «شۇ قېتىم» لار كۆپ بولىدۇ ؛ «شۇ قېتىم كۈلدىم» ؛ «شۇ قېتىم يىغلىۋەتتىم» ؛ «شۇ قېتىم ھەقىقەتەن پۇشايمان يېدىم» ؛ «شۇ قېتىم راست ئوڭايسىزلاندىم» . . . بۇ يەردىكى «كۈلۈش» ، «يىغلاش» ، «پۇشايمان يېيىش» ، «ئوڭايسىزلىنىش» مەلۇم بىر قېتىملىق چىن ھېسسىياتنى ياكى روھىي ھالەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ .

«شۇ قېتىم مەن — » دەپ باشلاپ ، بايان خاراكتېرلىك بىر ئاددىي ئەسەر يېزىڭ . تەلەپ :

1 ) ئەسەر ماۋزۇسىدىكى توغرا سىزىق ئۈستىگە مەلۇم ھېسسىيات ياكى روھىي ھالەتنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ـ ئىبارىلەر يېزىلىدۇ .

2 ) راست گەپ قىلىش ، چىن ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ، ھەقىقىي تەسىراتنى يېزىش لازىم .

2 . ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ، باشلانغۇچ مەكتەپتە دائىم بىللە بولغان ساۋاقداشلىرىڭىز ۋە سىزگە كۆپ يىل بىلىم بەرگەن ئوقۇتقۇچىلىرىڭىزدىن ئايرىلغاندا ، سىزدە چوقۇم ئۇلارنى چوڭقۇر سېغىنىش تۇيغۇسى بولىدۇ . «مەن ________ نى ئەسلىگىنىمدە» نى تېما قىلىپ بايان خاراكتېرلىك ئەسەر يازماقچى بولدىڭىز . تەلەپ :

1 ) ماۋزۇدىكى توغرا سىزىق ئۈستىگە سىز سېغىنغان ئوبيېكتنى ياكى مەنزىرىنى يېزىڭ .

2 ) «ئويلىغانلىرىڭىز» نى چىڭ تۇتۇپ ، راست ۋەقە (ئىشلار) لەرنى يېزىڭ ، چىن ھېسسىياتىڭىزنى بايان قىلىڭ .

3 . دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا يېزىشنى مەشىق قىلىش : ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سىنىپ ھەيئەتلىرى «ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش» تېمىسىدا تام گېزىتى چىقىرىدۇ . سىزنى تام گېزىتى ئۈچۈن قىسقا ماقالە يېزىپ «ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇشقا» تەكلىپ قىلىدۇ . تام گېزىتىنىڭ ماۋزۇ خېتىنى ، بەت شەكلىنى تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ۋەكىلى ، گۈزەل سەنئەت دەرسى ۋەكىلى ۋە ھۆسنخەتكە ھەۋەس قىلىدىغان ساۋاقداشلار بىرلىكتە لايىھەلەيدۇ .

## ئەسەر تۈزىتىش

ئەسەر تۈزەتكەندە ۋە ئۆزگەرتكەندە بەزى بەلگىلەرنى ئىشلىتىپ ، تۈزىتىلگەن جايلارنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىش كېرەك ، تۈۋەندە كۆپ قوللىنىلىدىغان بەلگىلەر تونۇشتۇرۇلدى . ئەسەر تۈزىتىش جەريانىدا ساۋاقداشلار ئۆزى ياقتۇرىدىغان ھەم ئاسان بىلگىلى بولىدىغان بەلگىلەرنى لايىھەلەپ چىقسىمۇ بولىدۇ .

ساۋاقداشلار تۈزىتىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىپ ، ئۆزىنىڭ يېقىندا يازغان ئەسىرىنى تۈزىتىپ بېقىشى ، ئاندىن بىر - بىرىگە كۆرسىتە-شىپ ، ئۆز ئارا ياخشىلاش تەكلىپلىرىنى بېرىشى كېرەك .




1 . ئالماشتۇرۇش بەلگىسى : ياكى بولىدۇ .

ھەرىلەر گۈللەر ئارىسىدا پەرۋاز قىلاتتى.




2 . قوشۇش بەلگىسى : ياكى

يېڭى ئوقۇتقۇچى كىرگەندە ھەممە قىزغىن چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدى.



3 . ئېلىۋېتىش بەلگىسى : ياكى بولىدۇ

بېشىمنىڭ ئۈستىدىكى بۇلۇتلار ئارىسىدىن تولۇن ئاي كۆرۈندى.



4 . ئەسلىگە كەلتۈرۈش بەلگىسى : ياكى

كىتاب — بىلىمنىڭ خەزىنىسى، ئەقىل — پاراسەتنىڭ گۈلىستانى.

5 . ئورۇن ئالماشتۇرۇش بەلگىسى :

تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشتە ئاڭلاشنى، يېزىشنى ئوقۇشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

6 . بوشلۇق قالدۇرش بەلگىسى : (1 – 2 ھەرپ ئورنىدىكى ئازراق بوش جاينى بىلدۈرىدۇ) .

خەت ئەستايىدىل، ئىنچىكىلىكبىلەن يېزىلسا، جۈملە راۋان بولىدۇ.

—— ئەسەر تۈزىتىشتىن قىسقىچە تەسىرات .

ئاغزاكى ئالاقه

# كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇبيېكتقا ،سورۇنغا دىققەت قىلىش، ئىشلىتىلگەن سۆز مەدەنىي، لايىقىدا بولۇش

بىر دوختۇر سەھرادىن كەلگەن بىر ساۋاتسىز بوۋايدىن «ئىچكەن دورىڭىزنىڭ ئۈنۈمى قانداقراق؟» دەپ سوراپتۇ. بوۋاي نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى دەرھال ئاڭقىرالماپتۇ. دوختۇر ئارقىدىنلا «ئىچكەن دورىڭىز پايدا قىلدىمۇ؟» دەپ سورىغان ئىكەن دەرھال چۈشىنىپتۇ. بۇ مىسال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇبيېكتقا، قارشى تەرەپنىڭ ياش قۇرامى، سالاھىيىتى، كەسپى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، تەربىيىلىنىشى، مىجەزى، روھىي ھالىتى ۋە كەيپىياتى قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىپ، مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ، سىلىق تەلەپپۇزدا گەپ قىلسىڭىز، قارشى تەرەپ ئاسان چۈشىنەلەيدۇ ۋە قوبۇل قىلالايدۇ.

كىشىلەر بىلەن مۇئەييەن سورۇندا سۆزلىشىشكە توغرا كېلىدۇ. سۆزلەشكەندە سورۇنغا دىققەت قىلىش لازىم. رەسمىي سورۇنلاردا سالماق، جىددىي بولۇش كېرەك، ئادەتتىكى سورۇنلاردا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئوچۇق گەپ قىلسا بولىدۇ؛ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا كىشىلەرنى خۇش قىلىدىغان گەپلەرنى كۆپرەك قىلىش لازىم؛ قايغۇلۇق سورۇنلاردا قىزىقچىلىق – چاقچاق قىلماسلىق كېرەك. باشقىلارنىڭ پىكرىگە ئوخشىمايدىغان پىكرنى بايان قىلغاندا، پىكرىنى باشقىلارغا تاڭماسلىق، ئۆزىنىڭ پىكرى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ سۆزىنىڭ تەلەپپۇزى سىلىق بولۇشى كېرەك.

1 . تۆۋەندىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ، سۆز ئىشلىتىشتە مەدەنىي بولۇش تەلىپى بويىچە ، تېلېفوندا سۆزلىشىشنى مەشىق قىلىڭ .

1 ) رادىئو ئىستانسىسىغا تېلېفون بېرىپ ، ئانىڭىزنىڭ 40 ياشقا كىرگەنلىكىنى قۇتلۇقلاپ ناخشا تەلەپ قىلىڭ .

2 ) يەكشەنبە كۈنى شەھىرىڭىزدە ئۆتكۈزۈلگەن «تارىم مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى»نى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن بىر دوستىڭىزنى بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا ئالاقە قىلغاندا ، دوستىڭىز ئۆگىنىش جىددىي بولغاچقا ، بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئىزهار قىلدى . سىز ئۇنى تىرىشىپ قايىل قىلىپ ، بىللە بېرىپ كېلىشكە ماقۇل قىلىڭ .

2 . مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى تەقلىد قىلىڭ (ساۋاقداشلاردىن بىرەيلەننى زىيارەت ئوبيېكتى بولۇشقا تەكلىپ قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ) .

تەلەپ : سۆزلەشكەندە ئوبيېكتقا ، سورۇنغا دىققەت قىلىش ، ئىشلىتىلگەن سۆز مەدەنىي ، جايىدا بولۇش كېرەك .

1 ) ماگىزىندا بىر خېرىدارنى زىيارەت قىلىپ ، ئۇنىڭ مەلۇم مەھسۇلاتنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى بىلىپ بېقىڭ .

2 ) ئۆزىڭىز زىيارەت ئوبيېكتى ۋە مەزمۇننى تاللاپ ، زىيارەت مەشقى قىلىڭ .



## مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

# «پولات قانداق تاۋلاندى»

ساۋاقداشلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە، تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە كىچىك - كىچىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن. بۇ سەھىپىدە بىرەر كىتابنى تولۇق ئوقۇشنى ئۆگىنىمىز.

ھازىرقى ئۆگىنىش ۋە كەلگۈسىدىكى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كىچىك ئەسەرلەرنىلا ئوقۇپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. پۈتۈن - پۈتۈن كىتابلار بىلەن ھەپىلىشىشكە توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن - پۈتۈن كىتابلارنى، بولۇپمۇ مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق، بىلىم جۇغلانمىسىنى ئاشۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ.

پۈتۈن كىتابلارنى ئوقۇش بىلەن كىچىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشنىڭ تەلىپى ۋە ئۇسۇلىدا ئوخشايدىغان جايلار بولىدۇ، ئوخشىمايدىغان جايلارمۇ بولىدۇ.

1. پۈتۈن كىتابنى پىششىق بىلىش ئۈچۈن بىر پۈتۈنلۈكنى ئىگەلەش لازىم. پۈتۈن كىتابنىڭ مەزمۇنى مول، ئۇچۇرى كەڭ؛ چېتىلىدىغان پېرسوناژلىرى كۆپ، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭا بىر پۈتۈنلۈكنى ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم.

2. كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى (ياكى چۈشەندۈرۈشى) ۋە خاتىمىسى (ئاخىرقى سۆزى) نى ئوقۇش — پۈتۈن كىتابنى ئوقۇشنىڭ كۆۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ.

3 . مۇندەرىجىسىنى ئوقۇپ ، پۈتۈن كىتابنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى بىلىش كېرەك .

4 . كىتاب ئوقۇغاندا پايدىلىنىش كىتابلىرى ياكى قوشۇمچە كىتابلارنى ئوقۇپ ، ئوقۇۋاتقان ئەسەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ، قىيىن ـ گۇمانلىق مەسىلىلەرنى يېشىش لازىم .

5 . يۈزەكى ئوقۇش بىلەن ئىنچىكىلەپ ئوقۇشنى بىرلەشتۈرۈپ ، پۈتۈن كىتابنى ئوقۇپ چىقىش ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم .

......

ئەمەلىيەتتە كىتاب ئوقۇشنىڭ مۇقىم ئۇسۇلى بولمايدۇ . ساۋاقداشلار ئوخشىمىغان مەقسىتىگە ، ئېھتىياجىغا ۋە كىتابنىڭ خاراكتېرى ، مەزمۇنى ، ئۇسلۇبى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئۆزىگە خاس ئوقۇش ئۇسۇللىرىنى تاپسىمۇ بولىدۇ . يەنى بۇ يۇقۇرىقى ئۇسۇللارنىڭ 6 ـ ، 7 ـ … لىرىنى تېپىش ئۆزلىرىگە باغلىق .

## تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

بۇ سەھىپىدە سىزگە دۇنياۋى نادىر ئەسەر ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى ئوستروۋىسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» ناملىق رومانىنى تونۇشتۇرۇلىدۇ . بۇ كىتاب خەنزۇچىغا ، جۇملىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ، قىزغىن قارشى ئېلىنىپ ، ھاياتلىق دەرسلىكى ، كىشىلىك ھاياتنىڭ يول بەلگىسى ، مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ ، ئەۋلادلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى . بۇ رومان يەنە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە ھېكايە فىلىمى قىلىپ ئىشلەندى . چەت ئەل ئەدەبىي ئەسىرىنىڭ دۆلىتىمىزدە مۇنداق چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىشى ئاز ئۇچرايدۇ . بۇ كىتابنى چوقۇم ياخشى كۆرۈسىز ، ھەمدە زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقىپ ئۇنىڭدىن كۆپ مەنپەئەت ئالىسىز .

بۇ نادىر ئەسەرنى ئوقۇغاندا ، تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىشقا

بولىدۇ :

1 . ئاربلاپ ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، پۈتۈن كىتابنى ئوقۇپ چىقىش ، ئاساسىي مەزمۇنى ، ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ؛ ئېسىل ئابزاسلارنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ئەسەردىكى پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ تىپىك ئەھمىيىتى ھەققىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىش ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى چۈشىنىش ، ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش لازىم .

2 . نەشر ئىزاھاتى ۋە خاتىمىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق كىتابنى نەشر قىلىشتىكى مەقسەتنى چۈشىنىش ، ئوقۇغان يىپ ئۇچىنى ئىگىلىۋېلىش لازىم .

3 . ئوقۇش ئېھتىياجىغا قاراپ ئىلاۋىدىكى ماتېرىياللارنى ، دەرسنىڭ سىرتىدا ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق توپلىغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئوقۇپ ، ئاپتورنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ، ئىجاد قىلىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلىش ، ئەسەرنىڭ مۇھىم ئىدىيىسىنى ۋە ئۇقتىلىق مەزمۇنىنى چۈشىنىش لازىم .

4 . كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە ھېكايە فىلىمىنى كۆرۈشكە ماسلاشتۇرۇپ ، فىلىمدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى بىلەن ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىش لازىم .

5 . ئوقۇغاچ ئۆزۈندە يېزىپ مېڭىش لازىم . ئۇنىڭغا يەنە ئىزاھ ، تەسىرات يېزىپ ماڭسىمۇ بولىدۇ .

## مۇھاكىمە

1 . بۇ نادىر ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئاپتورنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن سۆزنى نېمە ئۈچۈن كىتاب ئىسمى قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز ؟

2 . پاۋېل كورچاگىن ئوبرازىدىكى سىزنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگەن تەرەپ قايسى ؟ ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىڭ .

3 . تۆۋەندىكى ئىككى پارچىنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ ، مەسىلىلەرنى ئويلىنىپ بېقىڭ . بىلمىگەنلىرىڭىز بولسا ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مۇھاكىمە قىلىڭ . ئۆزىڭىز بىر نەچچە ئابزاسنى تاللاپ ئىنچىكىلەپ ئوقۇسىڭىزمۇ بولىدۇ . ئوقۇغاندا مۇھىم دەپ قارىغان سۆز - جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويسىڭىز ياكى چەمبەر سىزىپ قويسىڭىز بولىدۇ . ئازراق ئىزاھ يېزىپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ .

## يول ياساش

كۆز يامغۇرى كىشىلەرنىڭ يۈز - كۆزىگە ئۇرۇلاتتى . يامغۇر سۈيىگە تويۇنغان توپ - توپ قارا بۇلۇتلار بوشلۇقتا ئاستا - ئاستا ئۈزەتتى . كەچ كۈز كېلىپ قالغاچقا ، ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان ئورماندا دەرەخلەر تامامەن دېگۈدەك يالىڭاچلانغانىدى . قېرى قارىياغاچلار قوۋزاقلىرىنى بېغىر رەڭ مۇخ ئاستىغا يوشۇرۇپ غەمكىن قاراپ تۇرۇشاتتى . كىچىككىنە ۋوگزال ئورمان ئىچىگە يوشۇرۇنغانىدى . يېڭى ياسىلىۋاتقان يولنىڭ ئۇلى ۋوگزالنىڭ تاشتىن قوپۇرۇلغان يۈك سۇپىسىدىن تارتىپ ئورمانغا قاراپ سوزۇلۇپ ياتاتتى . يولنىڭ ئەتراپىدا كىشىلەر خۇددى چۈمۈلىلەردەك قىمىلدىشىپ يۈرۈشەتتى .

يېپىشقاق لاي كىشىنىڭ ئاياق ئاستىدا مىچىلداپ جانغا تېگەتتى ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە كىشىلەر كۆچەپ توپا قېزىشاتتى . لوم تۆمۈرلەر سالماق بىلەن گۈپۈلدىسە ، گۈرجەكلەر تاشلارغا تېگىپ جاراڭلايتتى .

يامغۇر خۇددى ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈلگەندەك ئۈششاق ۋە قويۇق تامچىلاپ ، توختىماي ياغاتتى . مۇزدەك يامغۇر كىيىملەردىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى . يامغۇر كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ئەجرىنى زايا قىلىپ ، ئوماچتەك قويۇق لاينى يولنىڭ ئۇلىدىن پەسكە ئېقىتىپ چۈشۈرەتتى .

كىشىلەر كىيىملىرىنىڭ سۇ ئۆتۈپ ئېغىرلىشىپ ۋە مۇزلاپ كەتكىنىگە قارىماي ، تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانغاندا ئاندىن ئىشتىن

قايتىشاتتى .

سىلىنىۋاتقان يولنىڭ ئۆلى كۈندىن - كۈنگە ئۆزىراپ ئورمانغا
ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە ئىدى .

ژوگزالغا يېقىنلا جايدا ، تاشتىن قوپۇرۇلغان بىنانىڭ قۇرۇق جازى-
سى سۆرۈنلۈك چېچىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن
بۇزغىلى ، قومارغىلى ، پارتلاتقىلى بولىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى باندىت-
لار پاك - پاكىز ئېلىپ كېتىشكەنىدى . ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئورنىدا
يوغان - يوغان تۆشۈكلەرلا قالغان ، مەشلەرنىڭ ئاغزى قاراڭغۇ ئۆڭكۈر-
گە ئوخشاپ قالغانىدى ، ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئۆگزىسىنىڭ بىر
مۇنچە يېرىدىن بادىرىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

پەقەت تۆت ئېغىز ئۆينىڭ سېمونتلانغان تېگىلا ساق قالغانىدى .
ھەر كۈنى كېچىسى تۆت يۈز ئادەم چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن
ۋە لايغا مىلەنگەن كىيىملىرى بىلەن ئەنە شۇ يەردە ياتاتتى ، ھەممەيلەن
ئىشىك ئالدىدا كىيىملىرىنى سىقىشقىنىدا ، شۇقىراپ لاي سۇ ئاقاتتى .
ئۇلار ھاۋارايىنىڭ ئوساللىقىنى ۋە پاتقاقچىلىقىنى سېسىق تىللار بىلەن
تىللىشاتتى . نېپىزغىنا پاخال سېلىنغان سېمونت ئۈستىدە قىستىلىپ
يېتىشىپ بىر - بىرىنى ئىسسىتىشقا تىرىشاتتى . كىيىملەردىن ھور
چىقاتتى ، لېكىن زادىلا قۇرۇپ باقمايتتى . يامغۇر سۈيى دېرىزىلەرگە
مىخلانغان تاغارلاردىن ئۆتۈپ يەرگە ئېقىپ چۈشەتتى . يامغۇر تامچىلىرى
خۇددى قويۇق چاچما ئوقلاردەك ئۆگزىنىڭ قاڭالتىرىغا تېگىپ داراڭلى-
غان سادا چىقىراتتى . ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن غۇرقىراپ سوغۇق
شامال كىرىپ تۇراتتى .

ئاشخانا تاختايدىن سېلىنغان كونا ئۆيگە جايلاشقانىدى ، ئەتىگەنلىكى
ھەممەيلەن مۇشۇ يەردە چاي ئىچىشىپ ئىش ئورنىغا كېتىشەتتى . چۈش-
لۈك تاماق سۇدا پىشۇرۇلغان پۇرچاق بىلەن بىر يېرىم قاداق[1]
كۆمۈردەك قاپقارا بولكا ئىدى .

شەھەر ئۇلارنى پەقەت شۇلار بىلەنلا تەمىنلىيەلەيتتى .

---

① قاداق — ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى ، مىقدارى 454 گرامغا تەڭ .









(1) يول ياسغۇچىلار

(2) كېسەل كارۋىتىدىكى پاۋېل

(3) پاۋېل كورچاگىن

(4) تونىيە

تېلېۋىزىيە تىياتىرى «پولات قانداق تاۋلاندى» دىن كۆرۈنۈشلەر

ئېگىز بويلۇق ، ئورۇق ، يۈزىگە چوڭقۇر قورۇق چۈشكەن تېخنىكا يېتەكچىسى ۋالىرىئان نىكودىموۋىچ پاتۇشكىن ياشانغان كىشى ئىدى . تېخنىك ۋاكولىنكو بولسا پاكارراق ، لېكىن قاۋۇل ، چىرايى سەت ، بۇرنى يوغان كىشى ئىدى . ھەر ئىككىسى ۋوگزال باشلىقىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى .

ۋوگزالدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش خادىمى توكارېپ ، پۈتلىرى قىسقا ، سېمىزلىكىدىن سىمابتەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان خولېۋانىڭ چاققانغىنا ئۆيىدە ياتاتتى .

قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكىلەر خىلمۇ خىل قىيىنچىلىق ، جاپا — مۇشەققەتلەرگە غايەت زور جاسارەت بىلەن بەرداشلىق بەرمەكتىدى .

يول ئۈلى كۈندىن كۈنگە ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرمەكتىدى .

قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكىلەردىن توققۇز كىشى قېچىپ كەتكەنىدى ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بەش كىشى قېچىپ كەتتى .

يول قۇرۇلۇشى باشلىنىپ بىر ھەپتىدىن ئاشقاندا تۇنجى زەربىگە ئۇچرىدى . بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ، پويىز شەھەردىن بولكا ئېلىپ كەلمىدى .

دۇباۋا توكارېپنى ئويغىتىپ ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلدى . قۇرۇلۇش ئەترىتى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ شۇجىسى توكارېپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، يوڭلۇق پۈتلىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ ، غەزەپ بىلەن قولتۇقلىرىنى قاشلىدى .

— ئۇنى چىقارغىلى تۇرۇپتۇ ـ دە ! — غۇدۇڭشىدى ئۇ ئىتتىك كىيىمنى كىيىۋېتىپ .

دوپ ـ دوغىلاق خولېۋا ئۆيگە كىرىپ كەلدى .

— ئىتتىك تېلېفونغا يۈگۈر ، ئالاھىدە بۆلۈمنى ئال ! — دېدى توكارېپ ئۇنىڭغا تاپىلاپ ، ئارقىدىن ئۇ دۇباۋاغا جېكىلىدى ، — بولكا توغرىسىدا ھېچكىمگە ئېغىز ئاچما .

نىيىتىگە يەتمىگىچە ئارام تاپمايدىغان خولېۋا تېلېفونىست بىلەن يېرىم سائەتچە ۋارقىرىشىپ ، ئاخىر ئالاھىدە بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

جوھراي بىلەن سۆزلىشىشكە مۇۋەپپەق[1] بولدى . توكارېپ ئۇنىڭ تېلېفونىست بىلەن تاكاللىشىشىغا قۇلاق سالغاچ ، تەقەززالىقتا ھە دەپ سالمىقىنى ئۇ پۇتىدىن بۇ پۇتىغا يۆتكەيتتى .

— نېمە ؟ بولكا ئەكەلمىدى ؟ بۇ كىمنىڭ ئىشى !؟ — جوھراينىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئېيتقىنا ، ئادەملەرنى ئەتە نېمە بىلەن باقىمىز ؟ — تېلېفوندا ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى توكارېپ .

جوھراي نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلىدى بولغاي ، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن جوھراينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— بولكىنى كېچىلەپ ئەۋەتىپ بېرىمىز . لېتكىنىڭ ماشىنىسىدا ئەۋەتىمەن . ئۇ يولنى بىلىدۇ . تاڭ يورۇغىچە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ .

تاڭ ئەمدىلا يورۇشىغا ، پاتقاقتا مىلىنىپ كەتكەن ماشىنا تاغار ـ تاغار بولكىلارنى ئېلىپ ۋوگزالغا كىردى . ھېرىپ تاتىرىپ كەتكەن لېتكى ماشىنىدىن ئاران چۈشتى ، چۈنكى ئۇ كېچىچە كۆز يۇممىغانىدى .

تۆمۈر يول ياساش ئۈچۈن بولغان كۈرەش بارغانسېرى قىيىنلاشماقتىدى . تۆمۈر يول باشقۇرۇش ئىدارىسى شپال[2]نىڭ تۈگىگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى . رېلىسلار بىلەن كىچىك پاراۋۇزلارنى ئىش ئورنىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن شەھەردە ماشىنا تېپىلمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك پاراۋۇزلارنى چوڭ رېمونت قىلىشقا توغرا كېلەتتى . بىرىنچى تۇركۈمدىكى تۆمۈر يول ياسىغۇچىلارنىڭ مۇددىتى توشۇش ئالدىدا تۇراتتى ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كېلىدىغانلاردىن بولسا دېرەك يوق ئىدى ؛ ھېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ئادەملەرنى يەنە ئىشقا سېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ئاكتىپلار تاختايدىن سېلىنغان كونا ئۆيدە قارا چىراغ يېقىپ قويۇپ تا يېرىم كېچىگىچە يىغىن ئېچىشتى .

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ، توكارېپ ، دۇباۋا ، كىلاۋچىكلار يەنە ئالتە ئادەمنى ئېلىپ پاراۋۇزلارنى رېمونت قىلىش ، رېلىسلارنى ئېلىپ كې-

---

[1] مۇۋەپپەق — مەقسەتكە يەتمەك ، ئېرىشمەك .
[2] شپال — رېلىسنىڭ ئاستىغا توغرىسىغا ياتقۇزۇلىدىغان ياغاچ .

لىش ئۇچۇن شەھەرگە كېتىشتى . كىلاۋچىك ناۋايلىقتىن كېلىپ چىق-
قاچقا ، ئۇنى يېمەكلىكنى تەمىنلىگۈچى تارماقلارغا نازارەتچىلىككە ئەۋە-
تىشتى . باشقىلار پۇششى - ۋودىتسىغا كېتىشتى .
يامغۇر تېخىچە ياغماقتىدى .

بۇ پارچىدە يول ياساش جەريانىدىكى جاپالىق مۇھىت تەس-
ۋىرلىنىپ، يول ياسىغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىق بىلەن كۈرەش قىلغان-
دىكى قەيسەر روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. پاۋېل ۋە ئۇنىڭ سەبداشلى-
رى ياش كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى قوغداش ئۈچۈن ئىنتايىن
جاپالىق شارائىتتا ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن.
بۇ پارچىدىكى مۇھىت تەسۋىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە
ئىگە. مۇھىتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئىپادە
قىلىنىدۇ. كەچكۈزنىڭ ئاچچىق سوغۇقى كىشىدە بىر خىل يېقىمسىز
كەيپىيات پەيدا قىلسا، كۈز يامغۇرىدىن پەيدا بولغان پاتقاق يول
ياساش مۇھىتىنى تېخىمۇ ئوساللاشتۇرىۋېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق مۇ-
ھىت يول ياسىغۇچىلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان ئىنقى-
لابىي قەھرىمانلىق روھىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن. ئىجتىمائىي
مۇھىت تەسۋىرى دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھ-
مىيەتكە ئىگە. يول ياسىغۇچىلار دۇچ كەلگەن ناچار تۇرمۇش
شارائىتى، سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىكى
مۇرەككەپ ۋە كەسكىن سىنىپىي كۈرەش دەۋر مۇھىتىدىكى جاپا -
مۇشەققەتنى گەۋدىلەندۈرگەن. يېمەك - ئىچمەك ۋە ماددىي
لازىمەتلىكلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كەملىكى، ناچار تەبىئىي ۋە ئىج-
تىمائىي مۇھىت ھەربىر ئىنقىلابچىنى سىنايدىغان سىناق تېشىغا
ئايلانغان.

**يول ياسىغۇچىلار قانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى؟ قىيىنچىلىققا نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيىنى ئىپادىلىدى؟ قانداق روھنى نامايان قىلدى؟**

# ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى[1]

پاۋېل ئۆزىمۇ سەزمەستىن قارىغايلىققا كېلىپ، ئاچالدا توختىدى، ئوڭ تەرەپتە، ئېگىز - ئېگىز ئۇچلۇق ياغاچلاردىن قىلىنغان قاشا بىلەن ئورىماندىن ئاجرىتىلغان بوشلۇقتا كونا تۈرمە، تۈرمىنىڭ كەينىدە ئاپئاق ئاقارتىلغان دوختۇرخانا بىناسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مانا مۇشۇ يەردە، مانا مۇشۇ كەڭ مەيداندا ۋالە[2] ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى دارغا ئېسىلغانىدى. پاۋېل دار قۇرۇلغان ئاشۇ جايدا بىر پەس سۈكۈتتە تۇردى، ئاندىن يار بويىغا باردى، ياردىن پەسكە چۈشۈپ، قۇربانلار كۆمۈلگەن قەبرىستانلىققا چىقتى.

كىمدۇر بىر ياخشى نىيەتلىك كىشى گويا بۇ كىچىككىنە قەبرىستان ئەتراپىنى يېشىل تام بىلەن ئوراپ چىققاندەك قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىغا ئارچىدىن قىلىنغان گۈلچەمبىرەكلەرنى قويۇپ چىقىپتۇ. يارنىڭ ئۈستىدە ئېگىز ئۆسكەن قارىغايلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ، سايىنىڭ يان باغرىدا ياپ - يېشىل ئوت - چۆپ ئۆسۈپ كېتىپتۇ.

بۇ يەر شەھەرنىڭ چېتى بولغاچقا جىمجىت ۋە غەمكىن ئىدى. قارىغايلىق سۈس شىلدىرلايتتى. باھار كېلىپ ئويغانغان يەردىن نەملىك ھىدى دىماققا ئۇرۇپ تۇراتتى. يولداشلار نامراتلىق ئۈستىگە تۇغۇلغان، تۇغۇلۇشى بىلەنلا قۇللارچە ھاياتى باشلانغان، تالاي كىشىلەرنىڭ بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن مانا مۇشۇ يەردە باتۇرلارچە قۇربان بولۇشقانىدى.

پاۋېل شەپكىسىنى ئاستا بېشىدىن ئالدى. ئۇنىڭ قەلبى نەپرەتكە، ئىنتايىن كۈچلۈك نەپرەتكە تولدى.

---

[1] بۇ پارچىدا پاۋېل كورچاگىننىڭ كىيىك كېسىلىدىن ساقايغاندىن كېيىن يېڭىۋاشتىن خىزمەت ئورنىغا ماڭغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە يېزىلغان.

[2] ۋالە — پاۋېل كورچاگىننىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى دوستى. شاروسانىڭ ھەدىسى. ئۇ يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقاندا پولشالىق ئاقلار ئارمىيىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. خورلانغان ۋە قاتتىق ئۇرۇلغاندىن كېيىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئىنسان ئۈچۈن ھايات ئەڭ قىممەتلىك . ئۇ كىشىگە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ . كىشى ئۆز ھاياتىنى شۇنداق ئۆتكۈزۈشى كېرەككى ، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىگىنىدە ، يىللار مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ دەپ يۈرىكى ئۆرتەنمەيدىغان بولسۇن ، تۇرمۇشتا چاكىنا ئىشلارنى قىلىپ قويۇپتىمەن دەپ خىجىل بولمايدىغان بولسۇن . ئۆلۈش ئالدىدا : «پۈتۈن ھاياتىمنى ۋە بارلىق زېھنىمنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ئىشقا — ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىدىم» دېيەلىسۇن . ھاياتلىقتا ئالدىراش كېرەك ، چۈنكى كۈتۈلمىگەن كېسەللىك ياكى پاجىئەلىك ھادىسىلەر ھاياتنى تۇيۇقسىز ئاخىرلاشتۇرۇشى مۇمكىن .

پاۋېل ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن قەبرىستانلىقتىن كەتتى .

پاۋېل كورچاگىن ساقايغاندىن كېيىن كىيۋقا يېنىپ كەلدى. ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ ئىنقىلابىي سەپداشلىرىنى ئەسلىدى. ئەسەردىكى «ئىنسان ئۈچۈن ھايات ئەڭ قىممەتلىك» دېگەن جۈملىدىن «ھاياتنى تۇيۇقسىز ئاخىرلاشتۇرۇشى مۇمكىن» دېگەن يەرگىچە بولغان بىر ئابزاس سۆز پاۋېل كورچاگىن ئۆمرىدە ئەمەل قىلىپ ياشىغان كىشىلىك ھايات پرىنسىپى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن كىتابنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. قارىغايلىق، تۈرمە، دوختۇرخانا، مەيدان، قەبرىستانلىقتىن ئىبارەت بۇ بىر قاتار مۇھىت تەسۋىرلىرى تەنتەنىلىك سۈكۈت ئىچىدىكى ئۇلۇغۋار كەيپىياتنى ياراتقان. بۇ دەل ئىنقىلابچىلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە مەڭگۈ زەئىپلەشمەيدىغان ئىنقىلابىي روھىغا سىمۋول قىلىنغان. بۇ بىر ئابزاس سۆز نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشىدىكى سىمۋوللاشقان قەسىمى بولۇپ قالدى.

پاۋېل كورچاگىن قانداق ئەھۋالدا ھاياتنىڭ قىممىتى ئۈستىدە ئويلاندى؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق چوڭقۇر ئويلىنىدۇ؟

# ◀ئىلاۋە ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار▶

## ئاپتور ۋە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى

نىكولاي ئوستروۋسكى (1904 — 1936) ئوكرائىنادىكى نامرات ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاران ئۈچ يىل ئوقۇيالىغان. لېكىن ئۆگىنىشكە ناھايىتى قىزىقاتتى. نۇرغۇن ئىلغار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئانتانتا دۆلەتلىرى[1]نىڭ قوراللىق مۇداخىلە[2]سىگە دۇچ كەلگەن. پاۋېل كورچاگىن 1919 ـ يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن ھەمدە قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپكە بارغان. 1920 ـ يىلى ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلىنىپ، زاۋۇتقا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئىككىنچى يىلى كۈزدە ئىتتىپاقنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ بوياكالغا كېلىپ تۆمۈر يول ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان. ناچار كىلىماتتا كېزىك ۋە رېماتىزىمغا گىرىپتار بولغان. 1924 ـ يىلى بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرگەن. ئىككىنچى يىلى سالامەتلىكى ناچار بولسىمۇ، دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ يېتىپ، سىرتتىن ئوقۇيدىغان ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن ھەمدە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان. 1927 ـ يىلى پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان پاۋېل كورچاگىن تەقدىرگە تەن بەرمەي، قەلەمنى قورال قىلىپ، داۋاملىق كۈرەش قىلغان. ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان، دۈمبە ئومۇرتقىسى قېتىپ قالغان ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا «پولات قانداق تاۋلاندى» ناملىق رومانىنى

---

[1] ئانتانتا دۆلەتلەر — 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئانتانتا دۆلەتلەر، يەنى ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە قاتارلىق 25 دۆلەت ئىلگىرى ـ كېيىن كېلىشىم تۈزۈپ گېرمانىيە، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ۋە ئاۋستىرىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ 1918 ـ يىلى غەلىبە قىلغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن يېڭىدىن قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئانتانتا دۆلەتلەر سېپىدىن چېكىنىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىغان ئۈچ قېتىملىق مۇداخىلىسىگە ئۇچرىغان.

[2] مۇداخىلە — (1)زورلۇق ۋاسىتىسى بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىش. (2) باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش ياكى ئۆزىگە قارام قىلىش (بېقىندۇرۇش) ئۈچۈن قىلىنغان قوراللىق ھۇجۇم.

يېزىشنى باشلىغان. 1932 ـ يىلىدىن باشلاپ رومانى بۆلۈپ ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتى ئۇرۇش تۈگەپ، تىنچ قۇرۇلۇش دەۋرىگە كىرگەن بولغاچقا، ئەدەبىيات كىشىلەرنى كەڭ كۆلەملىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان چاقىرىققا ئايلانغان. بۇ ئەسەر شۇ دەۋردىكى مىليونلىغان ياش كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرگەن. ئۇلار بۇ كىتابنى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھايات دەرسلىكى، دەپ قارىغان. باش پېرسوناژ پاۋېل كورچاگىن يېڭى دەۋرنىڭ قەھرىمانى سۈپىتىدە نەچچە ئەۋلاد كوممۇنىزم ئېتىقادچىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى شانلىق ئۈلگە بولۇپ قالغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئاپتورنىڭ پىداكارانە ئەمگىكىنى ۋە شانلىق نەتىجىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 1935 ـ يىلى «لېنىن ئوردېنى» بەرگەن.

ئوستروۋىسكىنىڭ ئىجادىيىتى يۈكسەك ئىدىيىۋىلىككە، جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا كوممۇنىزم غايىسى ۋە ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

## ئەسەرنىڭ قىممىتى

ئەسەردە يارىتىلغان باش پېرسوناژ پاۋېل كورچاگىن ئىنقىلابىي غايىچىلىك تۇسى ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن تولغان. يېڭى دەۋرنىڭ قەھرىمانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدا ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان روھ، تەۋرەنمەس ئېتىقاد، قەيسەر ئىرادىدىن ئىبارەت كىشىلىك خىسلەتلەر ئىپادىلەنگەن. بۇ مۇكەممەل روھىي ھالەت ئىستىقباللىق ياش ئەۋلادلارنى ياخشىلىققا، گۈزەللىككە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئېنېرگىيە بولۇپ كەلدى.

كارۋاتتا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان ئوستروۋىسكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئارقىلىق جەڭگىۋار قوشۇنغا قايتىشنى ئۈمىد قىلدى. دەۋرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئېھتىياجىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ كىشىلىك پەزىلەت توغرىسىدىكى مۇراجىئىتىگە ماسلىشىپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ياش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، زاماندىشلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار كۈرەش ھاياتىنى ۋە تەسىرلىك قۇرۇلۇش مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەپ بەردى.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلارنىڭ غايە ۋە قايناق ھېسسىياتقا بولغان ئىنتىلىشى تېخىمۇ تەخىرسىزلەشتى. ھەر مىللەت

ياش ـ ئۆسمۈرلىرىمۇ جىددىي مەنىۋى خىرىسقا ۋە غايە ھەققىدە قايتا ئويلىنىشتەك پۇرسەتكە دۇچ كەلدى. شۇبھىسىزكى، غايە، كوللېكتىۋىزم ۋە قەھرىمانلىققا قايتىدىن باھا بەرگەندە ۋە بۇ ھەقتە قايتا ئويلانغاندا ھەممە ئۆزىگە ساغلام كىشىلىك خىسلەت، غەيرەت بىلەن تىرىشىش، تەقدىم قىلىش روھى بىلەن تەلەپ قويغاندىلا گۈزەل ھايات ياراتقىلى بولىدۇ. «پاۋېل روھى» — قەيسەرلىك، قەتئىيلىك، چىدامچانلىق، تەقدىم قىلىش، باتۇرلۇق، ئالغا ئىلگىرىلەشتەك كىشىلىك خىسلەت ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى مەڭگۈلۈك مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇشى كېرەك.

## يېزىقچىلىق ۋە پائالىيەت

1 . بىرەر ساۋاقداشىڭىز ياكى ئۆزىڭىزنى سىنىپتا «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنى ئوقۇشتىن قىسقىچە تەسىرات سۆزلەشكە كۆرسىتىڭ . باشقا ساۋاقداشلار قوشۇمچە قىلسۇن .

2 . گېزىت ـ ژۇرنال ، كىتابلار ياكى ئىنتېرنېت توردىن ماتېرىيال توپلاپ ، قوشۇمچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ، «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىغا باھا يېزىش ، سىنىپتا ياخشى يېزىلغان بىر نەچچە باھانى باھالاپ چىقىش ، مەخسۇس تېمىدا تام گېزىتى چىقىرىش كېرەك .

3 . كىتابىتىكى سىزگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان بىرەر نۇقتا توغرىسىدا تەسىرات يېزىڭ . تەسىرات ئالماشتۇرۇش بويىچە سىنىپ يىغىنى ئېچىش كېرەك .

4 . دېكلاماتسىيە يىغىنى ئېچىپ ھەر بىرىڭلار كىتابتىن تاللىۋالغان ئېسىل ئۈزۈندىلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىڭلار .

5 . «ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى» دىكى «ئىنسان ئۈچۈن ھايات ئەڭ قىممەتلىك ...» دېگەن بۇ مەشھۇر ئابزاسنى يادلىۋېلىڭلار ھەممە ئۇنى كارتوچكا قىلىپ ، ئۇنىڭغا ماۋزۇ قويۇپ ئاپتورنى ، ئېلىنغان ئورۇننى

ئەسكەرتىپ قويۇڭلار. ھەمدە قۇتاڭلارغا سىلىپ، قىبلىنامە قىلىۋىلىڭ-لار.

6. شارائىت بولسا، تېلېۋىزىيە ھېكايە فىلىمىدىن بىر نەچچە قىسىمنى كۆرۈپ، فىلىمدىكى پېرسوناژلار بىلەن كىتابتىكى پېرسوناژ-لارنى سېلىشتۇرۇپ بېقىش كېرەك.

7. يېنىڭىزدا پاۋېل كورچاگىنىدەك ھەر خىل سىناقلاردىن ئۆت-كەن، قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن، قەيسەرلىك بىلەن ياشىغان، ئۆگەن-گەن، ئىشلىگەن ئادەم بولسا، ئۇنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى يېزىپ چىقىپ، گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ بېرىڭ.

## ئۈچىنچى بۆلەك

# ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى



ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىنسانىيەت رەڭگارەڭ مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ بۆلەكتە تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملار قارىماققا بىز ئۈچۈن ئاددىي بىر ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى چاقناپ تۇرغان گۆھەر.

بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇش بىلەن تەكشۈرۈپ – تەتقىق قىلىشنى بىرلەشتۈرسەك، ۋەتىنىمىز ۋە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەرخىل ئۆرپ – ئادەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىپ يەتكىلى، تەسىراتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

# 9 . مەشرەپ

ئابدۇكېرىم رەھمان[1]

مەشرەپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى ، قويۇق سەنئەت تۈسىگە ئىگە ئۇنىۋېرسال ئاممىۋى پائالىيەت . مەشرەپ-نىڭ تەشكىللىنىشى ۋە باشقۇرۇلۇشى بىرقەدەر كۆنۈككەن ئادەت ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق تەسىرىدە ئاسان ھەل بولىدۇ . مەيدان ، ئۆي ئىچى ياكى باغ ـ ھويلىلاردا گىلەم ـ كۆرپىلەر سېلىنىپ سورۇن راسلىنى-دۇ . يېمەك ـ ئىچمەكلەر تەييارلىنىدۇ . جامائەت ياش ـ قورامى ، ئابرۇيى ـ ئىناۋىتى بويىچە تەبىئىي يوسۇندا ئورۇن تۇتۇشىدۇ . مەشرەپ-لەردە ئەخلاق ۋە جامائەت ئىنتىزامى ، سەنئەت ۋە تەربىيە زىچ بىرلەشكەن بولىدۇ . شۇڭا مەشرەپ خەلقىنىڭ «سەنئەت مەكتىپى» ۋە «ئەدەب ـ ئەخلاق بۆشۈكى» دەپ تەرىپلىنىدۇ . مەشرەپ ئويۇنلىش شەكلى بويىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، تۈرىمۇ كۆپ ، نامىمۇ ھەرخىل . مەسىلەن ، ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى ، دولان مەشرىپى ، كۆك (مايسا ) مەشرىپى ، قىيىت مەشرىپى . يەرلىك مەشرەپلەرنىڭ ئىچىدە ئومۇملىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، مەزمۇنىنىڭ مولluqى ، تەشكىلىي تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغىنى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» بىلەن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ «دولان مەشرىپى» دىن

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان — 1941 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى . «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ، «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار» قاتارلىق تەتقىقات ئەسەرلىرى بار .

ئىبارەت .

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» ئېلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مەشرىپى بولۇپ ، ئۇ قاتنىشىش دائىرىسى پەقەت ئەرلەر بىلەنلا چەكلىنىدىغان مەشرەپ . «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» ئاساسەن كۈزلۈك ھوسۇل يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن باشلىنىپ ، كېلەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغىچە داۋاملىشىدۇ .

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى»نىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئاساسەن مەشرەپ بېگى (قازىبەگ) ، يىگىتتۆۋىشى ، دارىگەي بېگى ، كۆلبېگى ، پاششاپ قاتارلىق ئەمەللەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىلىرى بار .

مەشرەپ بېگى (قازىبەگ) — «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» دىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ نامى بولۇپ ، ئۇ مەشرەپنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلغۇچى ، مەشرەپتىكى دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغۇچىدۇر .

يىگىتتۆۋىشى — مەشرەپنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى بولۇپ ، مەشرەپ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ .

دارىگەي بېگى (دار بېگى) — ئاساسەن مەشرەپنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى ۋە ناخشا - ئۇسسۇل ، مۇزىكا قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل . شۇڭا دارىگەي بېگى شۇ يېزا - كەنتتىكى ناخشا - مۇزىكىغا ماھىر سەنئەتكارلار ئارىسىدىن سايلاش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ .

كۆل بېگى — مەشرەپنىڭ پۈتكۈل مالىيە - ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بولۇپ ، ئادەتتە مەشرەپكە لازىم بولىدىغان يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلارنى ھەل قىلىدۇ . مەشرەپتىكى كۈتكۈچىلىرى كۆل بېگىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش بېجىرىدۇ .

پاششاپ — مەشرەپنىڭ ئىنتىزام باشقۇرغۇچىسى بولۇپ ، ئادەتتە «ساقچى» لىق ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ ، ئۇ مىرشاپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» گە ئەزا بولغۇچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ . ئەمما بىر مەشرەپ ئەھلى ئوتتۇز - قىرىق كىشىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ . «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» گە ئەزا بولۇشنىڭ تۈزۈمى بار .

شۇڭا مەشرەپكە ئەزا بولغۇچىدىن بەلگىلىك شەرتلەرنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن مەشرەپكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغۇچى يىگىتنى دادىسى يېتىلەپ مەشرەپ سورۇنىغا ئەكىلىدۇ. پاششاپ بۇ ئەھۋالنى مەشرەپ بېگى ھەم يىگىتۋېشىغا خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ دادىسى مەشرەپ ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا ئوغلىنى مەشرەپكە ئەزا قىلىش ھەققىدە مەشرەپ بېگى ھەم يىگىتۋېشىغا ئىلتىماس قىلىدۇ: «بالىنىڭ ئۇستىخىنى بىزنىڭ، گۆشى سىلەرنىڭ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگەنسۇن، دەپ مەشرەپكە ئەكەلدىم.» دەيدۇ. يىگىتۋېشى بالىغا: «بۇ مەشرەپنىڭ تاتلىق چېيى، ئاچچىق تايىقى بار. چىدىسىڭىز كىرىشكە رۇخسەت» دەيدۇ. بالا: «چىدايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەشرەپكە قېتىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا مەشرەپ ئەھلى بۇ بالىنىڭ سورۇنغا قانداق سوۋغىلارنى ئەكەلگەنلىكىنى سورايدۇ. بالىنىڭ دادىسى «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۇللىرى» گە ئاتاپ، نەچچە تۆگە، نەچچە ئات، كالا، قوي ئەكەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە دېيىلگەن ھايۋان ناملىرى مەشرەپتە ئومۇملاشقان سىمۋوللۇق ناملار بولۇپ، تۆگە دېگىنى قوغۇن ـ تاۋۇزنى، ئات دېگىنى تۇخۇمنى، كالا ياكى قوي دېگىنى ئالمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سوۋغىلارنى پاششاپ جامائەتكە كۆرسەتكەندىن كېيىن، كۆل بېگىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەشرەپكە قوبۇل قىلىنماقچى بولغان بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئارتۇقچىلىقىنى «ئوتتۇز ئوغۇل» نىڭ ئالدىدا كۆرسىتىپ بېرىشى شەرت. ئەگەر ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى بولمىسا مەلۇم بىر ھايۋان ياكى بىرەر قۇشنىڭ سايرىشىنى دوراپ بەرسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ مەشرەپكە قېتىلغانلىقى شەرىپىگە «ئوتتۇز ئوغۇل» نى ئۆيىگە مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ.

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» مۇ باشقا يەرلىك مەشرەپلەرگە ئوخشاش ناخشا ـ ساز، ئۇسسۇل؛ چاقچاق، لاپ ئۇرۇش؛ مەشرەپ ئويۇنلىرى ۋە جازادىن ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ھەربىر باسقۇچنىڭ مەزمۇنى دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، قويۇق سەنئەت تۈسىگە ئىگە.

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» نىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ئىقتى-
سادىي جازا، يەنە بىرى سەۋەنلىك جازاسىدىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي جازا ئەيىبلەنگۈچىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە ۋە ئىقتىسادىي ئەھ-
ۋالىغا قاراپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئەڭ ئېغىر ئىقتىسادىي جازا «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈللىرى» ئۈچۈن ئۆز نۆۋىتىدىن سىرت بىر قېتىملىق «ناماقۇللۇق مەشرىپى» ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. يېنىكلىرىگە كىلەر قېتىملىق مەشرەپ ئۈچۈن مېۋە ـ چېۋە، قەنت ـ گېزەك قاتارلىقلارنى ئەكىلىش بۇيرۇلىدۇ.

سەۋەنلىك جازاسى كۆپ خىل بولۇپ، «سامسا يېقىش»، «جوۋازغا قېتىش»، «ئۆپكە قويۇش»، «سورىتىنى تامغا تارتىش»، «مونەك تۇگۇش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «كاككۇك سايرىتىش»، «پاختەك ئۇچۇرۇش»، «توشقان تەپتى»، «كاۋا چاقتى»، «دەررىگە بېسىش»، «سازايى قىلىش»، «سوغا چۆمۈلدۈرۈش»، «پىر ئوينى-
تىش»، «ئەنجۈر يېگۈزۈش»، «يۇزىگە كۈيە سۈركەش»، «باغدىن ئالما ئۈزۈش» قاتارلىق كۈلكىلىك، ھەجۋى ئويۇنلاردىن ئىبارەت. بۇ جازالار پاششاپ تەرىپىدىن ھەرىكەتلىك ئىجرا قىلىنىدۇ. «ئوتتۇز ئو-
غۇل مەشرىپى» نىڭ يۇرت ـ جامائەت ئىچىدىكى ئىناۋىتى ۋە ئابرويى يۇقىرى بولۇپ، شۇ يۇرت كىشىلىرى مۇشۇ مەشرەپ كوللېكتىپى ئەترا-
پىغا زىچ ئۇيۇشقان بولىدۇ.

خەلق ئىچىدە «مەشرەپ كۆرگەن»، «مەشرەپ كۆرمىگەن» دېگەن-
دەك سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەخلاقى ۋە خۇلۇق ـ مىجەزى-
نى باھالايدىغان ئادەت بار. ھەتتا «ئالىم بولاي دېسەڭ مەكتەپكە بار، ئادەم بولاي دېسەڭ مەشرەپكە بار» دېگەندەك ماقاللارمۇ بار.

«دولان مەشرىپى» ئاساسەن مەكىت، مارالبېشى، يوپۇرغا (تېرىم يېزىسى)، ئاۋات ناھىيىسى، شايارنىڭ تارىم بويىدىكى يېزىلىرى قاتار-
لىق ناھىيە ـ رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەنئەنى-
ۋى سەنئەت پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي نامى. دولان مەشرىپى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، پائالىيەت مەزمۇنى-

نىڭ كۆپ خىللىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

«دولان مەشرىپى» ئومۇمەن دولان مۇقاملىرىنىڭ شەنىگە ئاتاپ ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، ھەرخىل ئەدەبىي ئويۇن ۋە قىزىقچىلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. دولان مەشرەپلىرىدە بىرنەچچە دۆرە نەغمە - ئۇسسۇل قىلىنغاندىن كېيىن، سازەندىلەر ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھېرىپ - چارچاشلىرىغا ئارام بېرىش يۈزىسىدىن ھەم مەشرەپنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن يىگىت بېشى «دەررە ئويۇنى»، «پوتا ئويۇنى»، «چاي تۇتۇش ئويۇنى»، «بېيىت - قوشاق ئېيتىش» قاتارلىق ئويۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ ئويۇنلارنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىسى بولۇپ، مەشرەپ ئەھلىدىن بىرى باشلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باشلىغۇچى كىمنى خالىسا شۇ كىشى مەيدانغا چۈشۈپ ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ.

«دولان مەشرىپى»نىڭ پائالىيەتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك بولىدىغىنى — دولان مۇقامىغا تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدىغان كوللېكتىپ ئۇسسۇلدىن ئىبارەت. دولان مەشرىپىدىكى كوللېكتىپ ئۇسسۇل ھەرىكىتى قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق دەۋرىدىكى ئەمگەك جەريانىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، ئاساسەن تۆت باسقۇچلۇق ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىن تەركىب تاپقان.

«دولان مەشرىپى»دە ئوينىلىدىغان دولان ئۇسسۇلى ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە نەپىسلىكى، مۇزىكا رېتىمى بىلەن بىردەكلىكى، ئۇسسۇل مەزمۇنىنىڭ ئېنىقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

دولان ئۇسسۇلى كوللېكتىپ ئۇسسۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇسسۇلچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ. مەشرەپ مەيدانىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، بىرلا ۋاقىتتا بەش - ئالتە جۈپتىن يىگىرمە - ئوتتۇز جۈپكىچە ئەر - ئايال، ياش، قېرى دېمەي، كىم خالىسا مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناۋېرىدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. بۇ ئەسەردە مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ «سەنئەت مەكتىپى»، «ئەدەب - ئەخلاق بۆشۈكى» دەپ تەرىپلەنگەن. نىمە ئۈچۈن مەشرەپكە مۇشۇنداق تەرىپ بېرىلگەنلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، پىكىرىڭلارنى بايان قىلىپ بېقىڭلار. ئەسەردە قوش تىرناق، تىرناق ھەم قوش چېكىتلەر خېلى كۆپ ئىشلىتىلگەن. سىلەر بۇ تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار.

2. مەشرەپتە قانداق ئويۇنلار ئوينىلىدۇ؟ سىز مەشرەپ ئويۇنلىرىغا قاتنىشىپ باققانمۇ؟ قاتناشقان بولسىڭىز قايسى خىل ئويۇن تۈرى سىزنى بەكرەك قىزىقتۇرغان؟ بۇنىڭدىن كېيىن مەشرەپ ئويۇنلىرىغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ قالسىڭىز قانداق ئويۇنلارنى ئويناپ بېرەلەيسىز؟

* 3. سىنىپ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن ئاددىي بىر مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېقىڭلار. ھەممىڭلار مەشرەپنىڭ قائىدە - تەرتىپى بويىچە ئۆزۈڭلار تەييارلىغان ئويۇنلارنى كۆرسىتىڭلار.

# 10 . قارلىق ئويۇنى

ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا[①]

قارلىق ئويۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن بىرى . بۇ ئويۇن قىش پەسلى كىرىپ تۇنجى قار ياغقاندا ئوينىلىدۇ . ئەجدادلىرىمىز قارنى «قىشنىڭ زىننىتى» ، «تەڭرىنىڭ ھىممىتى» ، «يىلنىڭ ئوبدان كېلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى» دەپ ھېسابلاپ ، تۇنجى قار مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن بۇ ئويۇننى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ، ئىناق - ئۆملۈكنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن . بۇ ئويۇننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ، بىرىنچى ، چوقۇم قارلىق تاشلىغان بولۇشى شەرت . ئىككىنچى ، پەقەت تۇنجى قار شەرىپىگە يىلدا بىر قېتىم ئوينىلىشى شەرت . ئۈچىنچى ، ئويۇن قاتناشچىلىرىنىڭ سانى قارلىق تاشلاش مەسلىھىتىگە قاتناشقانلارنىڭ تەلىپى ئاساسىدا بەلگىلىنىشى شەرت . تۆتىنچى ، ئويۇندا نەغمە - ناۋا ، ناخشا - ئۇسسۇل ، لەتىپە - چاقچاق ئاساس قىلىنىشى شەرت . بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئويۇن داستىخىنىمۇ مولراق بولۇشى كېرەك . بۇ ئويۇن :

تۇنجى قارنى ياغدى دەپ ،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق .
بۇ كۆڭۈلنىڭ خوشلۇقىدىن ،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق .

---

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا 1932 - يىلى كورلىدا تۇغۇلغان . 1996 - يىلى ۋاپات بولغان . «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ناملىق مۇھىم تەتقىقات كىتابى بار .

كۆڭلىمىزنىڭ يېقىنلىقىدىن ،
يالغۇز سىزنى تاللىدۇق .
. . . . . . . . . . . . .
تاپسىڭىز گۈل كەلتۈرۈڭ ،
تاپالمىسىڭىز بىر باش پىياز .
تاپسىڭىز قوي ئۆلتۈرۈڭ ،
تاپالمىسىڭىز چۆجە ــ خوراز .

دېگەندەك قارلىق قوشىقى يېزىلغان «قارلىقنامە» نىشانلانغان ئۆيگە تاشلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ . «قارلىقنامە»دە ئالدى بىلەن قارلىق قو- شىقى ئارقىلىق قارشى تەرەپنى تۇنجى قار بىلەن مۇبارەكلەپ مۇنۇ شەرتلەر قويۇلىدۇ :

قارلىق بېسىۋالسا ، يەنى «قارلىقنامە»نى سەزمەي ، «قارلىقنامە» ئېلىپ بارغۇچىنى تۇتۇۋالالمىسا ، تەلەپ بويىچە ئوبدان قارلىق چېيى بېرىش ، ئەگەر تۇتۇۋالىسا ، «قارلىقنامە»نى ئېلىپ بارغۇچىنىڭ يۈزى- گە قارا سۈۋاپ ، جۈۋىنى تەتۈر كىيدۈرۈپ ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش . شۇنىڭ ئۈچۈن «قارلىقنامە» ئېلىپ بارغۇچى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن «قارلىقنامە»نى ئۆي ئىگىسىگە سەزدۈرمەي ئۆلتۈرغان جايىنىڭ بىر يېرىگە تىقىپ قويۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاستا خۇشلى- شىپ چىقىدۇ ــ دە ، «قارلىق بېسىۋالمىسۇن» دەپ ۋارقىراپ قويۇپ قاچىدۇ . ئۆي ئىگىسى «قارلىقنامە» نى تېپىپ ئارقىسىدىن قوغلىغىچە ، ئۇ باردىغان يېرىگە بېرىپ بولىدۇ . چۈنكى قولىدا «قارلىقنامە» يوق ھالدا «قارلىقنامە» ئېلىپ بارغۇچىنى ، يەنى قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتۇ- ۋالسا ئىناۋەتسىز بولىدۇ . قارلىق تاشلانغۇچى ئۆيدىن بىرەيلەن چوقۇم «قارلىقنامە»نى تېپىۋالغاندىن كېيىن قوغلاپ تۇتۇۋالسا ئىناۋەتلىك . ئەمەلىيەتتە بۇنداق تۇتۇۋالماق تەسرەك . شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە قارلىق تاشلانغان ئۆينىڭ ئىگىسى قارلىق چېيى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. قارلىق ئويۇنىنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي ئىگىلىۋېلىڭلار. قارلىق قوشىقىنى يادلىۋېلىڭلار.

2. سىز قارلىق ئويۇنىدىن باشقا ئۆزىڭىز ئوينىغان ۋە بىلىدىغان بىرەر يەرلىك ئويۇن تۈرىنىڭ جەريانىنى تەرتىپلىك يېزىپ چىقىڭ ۋە سىنىپ ئىچىدە ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ.

# 11 . نورۇز[1] نامە

روزى سايىت[2]

بۈگۈن نورۇز ، بۈگۈن ئۇيغۇرچە چاغاندۇر ،
بۈگۈن نورۇز — باھار ھەر ياندا جەۋلاندۇر .
بۈگۈن نورۇز — شىپاسى جانغا دەرماندۇر ،
چىچەك ـ چوكان پۇتاق ـ شاخلاردا سەيلاندۇر .
بۇ نورۇز — يىل بېشى ، قىش ئەمدى سەرساندۇر .

زېمىن ، تاغ ، سۇ … ئۆزىگە خاس «پىچىر» قىلغاي ،
قىياق ـ چىملاردىمۇ سەزگۈ — «غىچىر» قىلغاي .
قاناتلىقلارمۇ كۆيلەشتە[3] «ۋىچىر» قىلغاي ……

---

① «نورۇز بايرىمى» ئەنئەنىلىك ۋە دېھقانچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، مىللىي بايراملاردىن بىرى . «نورۇز» بايرىمى ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، ئۆزبېك ، تاتار ، تاجىك قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىگە ئورتاق بايرام .

«نورۇز» ئەسلىدە پارسچە ئاتالغۇ بولۇپ ، «نەۋ» ۋە «رۇز» دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن . «يېڭى يىل كۈنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ بايرام قەدىمدىن باشلاپ شەمسىيە (كۈن) كالېندارى بويىچە باھارنىڭ باشلىنىش كۈنى (ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) ، يەنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن باش باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ .

«نورۇز بايرىمى» ئەسلى ماھىيىتى بىلەن تەبىئەت بايرىمى بولۇپ ، بۇ ئەنئەنىۋى بايرام ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە .

«نورۇز» بايرىمىنىڭ بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى مۇنداق :

«نورۇز» كىرگەن كۈنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ، چوڭ ـ كىچىك ، ئەر ـ ئاياللار ، يۇرت ـ مەھەللىلەر بويىچە ئۆزلىرىنىڭ بايراملىق مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيىشىپ ، مەنزىرىلىك جايلارغا جەم بولۇشىدۇ ۋە شۇ سورۇندا «نورۇز» غا ئاتاپ تەييارلىغان ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ . خەلق قوشاقچىلىرى «نورۇز» نى مەدھىيىلەيدىغان شېئىر ـ قوشاقلارنى ئوقۇشىدۇ ، ۋايىز (مەddاھ) لار داستان ۋە ھېكايە ـ قىسسىلەرنى ئېيتىشىدۇ . سازەندىلەر ساز چېلىپ ، ناخشا ئېيتىدۇ ، نورۇز ئەھلى ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ . بىر تەرەپتە چەۋەندازلار ئوغلاق تارتىدۇ ، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزىدۇ . دارۋازلار ئېگىز دار ئۈستىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ . قىزلار ئېگىز دەرەخلەرگە ئىلەنگۈچ سېلىپ لەرزان پەرۋاز قىلىدۇ . «نورۇز» مۇراسىملىرىدا جامائەتتىن ئىختىيارىي يىغىش قىلىپ ، مەخسۇس نورۇز ئېشى تەييارلىنىدۇ .

② روزى سايىت 1944 ـ يىلى خوتەندە تۇغۇلغان . 2001 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . مەشھۇر خەلق شائىرى . «دېھقان دادام» ، «دېھقان كۆلكىسى» قاتارلىق شېئىرلارنىڭ ئاپتورى .

③ كۆيلەش — يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ جىنسلىرى تۇخۇم يېتىلىشنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا فىزىئولوگىيە جەھەتتىن يېتىلىشنى ، يەنى ئەركىكى بىلەن جۈپلىشىشنى تەلەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ .

هايات شۇنداق تىنىمسىز بىر ئۇچۇر قىلغاي ،
ئۇچۇركى يىل بېشى ھەر ئىشقا ئىمكاندۇر !

بوۋاقلار پاختىلىق ئىشتانىدىن ئازاد ،
بوۋايلار مەش ، ئوچاقلىق خانىدىن ئازاد .
كېلىنلەر ئوت يېقىش ئالۋانىدىن ئازاد ،
تاغار ، كەتمەن ، ساپان «زىندان» بىدىن ئازاد .
بېسىقماس ئەمدى «ھۆش - تاپ !» تاڭلا خاماندۇر .

ھېلىتىن نەۋرىلەر ئوغلاقچىلاپ تاقلاپ ،
تېرىپ كۆك — «يېڭىلىق» نى بۆكىدە ساقلاپ .
«سۆيۈنچەڭنى چىقار !» دەپ ، چوڭلىنى يوقلاپ ،
يېشىللىق تەبرى ، زوقىدا دىل توقلاپ .
قۇچاقتا ئەركىلەپ ھەر ئۆيدە مېھماندۇر[1] .

يەنە بار : شوخ ، زېرەكلەر بەكىنى[2] چاقلاپ ،
چىۋىق - تالنى كېسىپ سىرت پوستىنى ئاقلاپ .
ياساپ نەي ، پۈۋلىشىپ خۇشلۇقتا ئويناقلاپ ،
جېنى پاتماس ئىچىگە كۈلسە «قاق - قاق»لاپ ،
بۇ نورۇز شوخلۇقى — شاد ، غەلۋە ، غەلياندۇر .

كىچىك قىزلار قىلىپ چاچ قىرىق ئۆرۈم تالنى ،
سىقىپ ئوسما ، قارايتىپ قاش ، چېكىپ خالنى .
قۇلاقىغا قىسىپ غۇنچە — قىزىل ، ئالنى ،
باھاردىن رەڭ تۈزەپ دورايدۇ «ناز - ھال»نى .
بۇ دوراش بەك ئوماق ، چوڭلارمۇ ھەيراندۇر .

---

① نورۇزدا يېڭى ياشارغان بىدە كۆكىنى تېرىپ چوڭلارغا «يېڭىلىق» تۇتىدىغان ، چوڭلار بالىلارغا سۆيۈنچە بېرىدىغان ئادەت بار .
② بەكە— قەلەمتىراچ .

يىگىت، قىزلارمۇ راستلاپ كەڭ - كۇشادە سەينا،
يېشىل مەۋسۇمغا خاس مەشرەپ تۈزەر ئەينا.
قۇچار كۆكنى بۇ سۆز: بوش كەلمىگىن، ئوينا،
ھېرىش مەردلەرگە يات، سازىڭنى چال — قاينا...
بۇ نورۇزلۇق مۇھەببەت، سۆيگۈ، ئارماندۇر!

قىزىيدۇ ئەتە نورۇزدا چەۋەندازلىق،
دارۋازچىلىق، چېلىشىش ھەم سېھىر، جانبازلىق.
بوقا، قوچقار، خوراز، ئىت ... ئىچرە جەڭۋازلىق،
ساما، مەشرەپ - ئۇسسۇل، دىللاردا ھەمرازلىق.
بۇ، نورۇزغا تەئەللۇق كۇلكە - خەنداندۇر.

قىلۇر جەم ئۇشبۇ نورۇز مىڭلىغان باشنى.
بىرى داڭقان قازان، بىرى ئاسار داشنى.
گاداي، شاھ - بارچە تەڭ ئىچكەي تاماق - ئاشنى،
تىلەر قۇت، يۇرتقا بەرىكەت، بىللە يايراشنى.
قەدىمدىن ئۇشبۇ ئادەت بىزگە قالغاندۇر.

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1. سىز قانداق بايراملارنى بىلىسىز؟ نورۇز بايرىمى سىز بىلىدىغان بايراملاردىن قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ؟ شېئىر ۋە ئىزاھاتنى تەپسىلىي ئوقۇپ پەرقلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈڭ ۋە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

2. بۇ تېكىستتىكى نورۇز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتتا نورۇز بايرىمى باھارنىڭ باشلىنىش كۈنى، يەنى «كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن كۈنى ئۆتكۈزىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. سىز كۈن بىلەن تۈننىڭ بىر يىل ئىچىدە قانچە قېتىم تەڭلىشىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ قانداق ئاسترونومىيىلىك ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئىزدىنىپ بىلىۋېلىڭ ھەم ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ.

3. شېئىردىكى ئۆزىڭىز ياقتۇرغان كۇپلېتلارنى خاتىرىڭىزگە كۆچۈرۈۋېلىڭ ۋە يادلىۋېلىڭ. شېئىرنى ئوقۇغاندا ئاۋۋال تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى بىلىۋېلىڭ ۋە باشقا سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىدا يەنە قانداق ئۆزگىرىش بارلىقىنى كۆزىتىڭ:

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|
| ئازات | ئازاد |
| ئوغلاق — ئوغلاخچىلىق | ئوغلاق — ئوغلاقچىلىق |
| تاخلا — تاخلاپ | تاقلا — تاقلاپ |
| يوخلا — يوخلاپ | يوقلا — يوقلاپ |
| قۇچاخ — قۇچاختا | قۇچاق — قۇچاقتا |

* 4. مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز بايرىمى پائالىيىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىڭ، ھەممە نورۇز بايرىمى كۈنى بايرام ئەھلىنى «نورۇز بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن» ياكى «نورۇز مۇبارەك» دېگەندەك چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەبرىكلەشنى ئۇنۇتماڭ.



ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

# داستىخان مەيدانىدىكى جەڭ

ئۆتكەن زاماندا ، يەر تەۋرىگەن يىلى ، ماھى شەبانغا بىر كەم ئوتتۇز
ئىدى .

ئوچاق مەملىكىتىنىڭ قازان شەھىرىگە قاراشلىق مانتا گۆلۈڭ بېگىمـ
ىنىڭ چوڭ قىزى جۇۋاۋىخان ، كىچىك قىزى چۆچۈرىخانلار بىر يەرگە
جەم بولۇپ مەسلىھەتلىشىپ ، بارلىق غىزا ئەربابلىرىنى چاقىرىپ سۆھـ
بەت ئۆتكۈزسەك ، دېگەن نىيەت بىلەن ئۇلارغا تەكلىپنامە ئەۋەتتى .

ئۇلار داستىخان مەيدانىنى كەڭ ئېچىپ ، ئۆزلىرى تەكلىپ قىلىشـ
قان بارلىق غىزا ئەربابلىرىنىڭ تولۇق كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا ،
مەيدانغا ئەڭ بالدۇر جۇۋازچى مەھەللىسىدىكى توختى چەلپەكنىڭ بوۋىـ
سى پوشكال قازاخۇنۇم كەلدى . ئۇنىڭ كەينىدىن كۆكتاتچىلار مەھەللىـ
سىدىكى تۇرۇپ خېنىم نازۇك بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇپ پەم بىلەن
كېلىپ مېھمانلارغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن تاشقىرىقى
ئايۋاندىن ئورۇن ئالدى .

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇن بارماقنىڭ يېقىن سىردىشى ، بابكارلار
مەھەللىسىنىڭ خەۋەرچىسى لۆڭگە خېنىم ئالاھىدە ئولتۇرغان قونداق
ماكانىدىن سەكرىدى ـ دە ، بىرلا موللاق ئېتىپ ، ساھىبخانىنىڭ مۇرىسىـ
گە ھاپاش بولدى . بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھەمنەپەسلىرىدىن ئاپتۇۋا ـ چىلاپـ
چى شالدامىلار مەيدانغا چۇشۇپ لۆڭگە خېنىمغا كۆز ئىشارىسى قىلغاچ
مېھمانلار بىلەن ئۇچ قېتىمدىن كۆرۈشۈپ چىقىپ كەتتى .

ئۇنىڭدىن كېيىن يۇرتنىڭ ئۆسمۈرلىرىدىن بولغان پىيالىچاقلار

سەپ ـ سەپ بولۇپ يېتىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن «پوش ـ پوش !» دېگەن سۇرلۇك ئاۋاز ئاڭلاندى . بۇ تاشقىرىدىكى ساماۋەر پىرىمىنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان چەينەكۋاي ئىلمەك ئاغزى بىلەن نوقۇپ پىيالىچاقلارنىڭ نالە ـ پەريادىغا قارىماستىن ، ئۇلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈۋەتتى . ساماۋەر پىرىمىنىڭ غەزىپى كەلدى بولغاي ، باشقىلارنى مەنسىتمەي سەكرەپ قايىنىغىلى تۇردى .

ئۇدۇلقى كوچىدىن «پوش !» دېگەن ئاۋاز بىلەن ، پەتنۇس خېنىمنىڭ ئالقىنىدا ئولتۇرۇپ ، تونۇر ئەۋلىيالىرىنىڭ پۇشتىدىن بولغان ھەززىتى قازى كالان نان تۆرەم يېتىپ كەلدى .

پۈتۈن مەيداندىكىلەر پاراڭلىشىشىۋاتقان ۋاقىتتا سىنچاي خېنىم قەنت ـ ناۋات ، قايماق ، تۇخۇم ، شېكەر ، سۈت ، ئاقمۇش ، مىخداچىن ، قوۋزاقداچىن ۋە شۇنىڭدەك دورا ـ دەرمەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلدى . بۇنى كۆرگەن قاتلىما قازاخۇنۇم چۈۋۈلغان سەللىسىنى تۈزەپ تۆرەمنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى .

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان سامسا خېنىم ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالماي كۆزلىرىدىن ياش ئېقىتقان پېتى ، قاتلىما قازاخۇنۇمنىڭ سەللىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى . بۇ ۋاقىتتا داستىخان مەيداندىكىلەر «دۇرۇس» دېيىشىپ ، باشلىرىنى لىڭشىتىشتى .

سامسا خېنىم بىرىنچى قېتىملىق جەڭدە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتىپ ، باداشقاننى كەڭ قورۇپ ئولتۇرۇپ ، مېھمانلار ۋە ساھىبخانلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاشقازان شەھىرىدە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن يورۇپ كەتتى . سىنچاي خېنىممۇ سامسا خېنىمنىڭ سەپەر ئۈستىدە پۈتلىكاشاڭغا يولۇقۇشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يورۇپ كەتتى .

مېھمانلار ئىچىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ، شېكەرشۇن خېنىم موللاق ئاتقىنىچە بوۋىسى بىشەكشۇن ھاجىمنىڭ پاك مۇرىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ تۇرۇشىغا ، ئۆز ئەۋلادلىرىدىن بولغان كۆكچى نوچى ، چاچۇرۇك مەخسۇم ، قارا قاش خېنىملار غەزەبكە كېلىشىپ ، ئۆزلىرىنى پارە ـ پارە قىلغان پېتى كەينى ـ كەينىدىن

ھامھام دەرۋازىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

بۇلارنىڭ رەقىبلىرىدىن بولغان تاۋۇزجان قارىنىڭمۇ مۇبارەك قارا تەسۋىلىرى دانە - دانە بولۇپ ، داستىخان مەيدانىغا چېچىلىپ كەتتى ، بىر ھازاغىچە داستىخان ئەھلى ياقىلىرىنى تۇتۇپ تۇۋا قىلىشتى .

بىرىنچى قېتىملىق جەڭ ئـاياقـلاشقاندىن كېيىن ، داستىخان مەيـ-دانىغا گۆش مىرشەپلىرىدىن شورپا غوجىكام تەخسە ئۇستىدىكى چىنە ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ ، قارامۇچ تەسۋىلىرىنى يانجىپ يۇزىگە سەپكەن ھالدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يېتىپ كەلدى . ئارقىدىنلا گۆش مىرشاپ-لىرىمۇ تىرىپىرەن قىلىندى .

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇق پالۋان ئارقىلىق چۆچۈرە بۇۋىمگە ئەلچى ئەۋەتىلدى . چۆچۈرە بۇۋىمۇ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ، چىشلىرىنى ھىڭ-گايتىپ كەلدىيۇ ، ئەلچىگە تۇتۇق بەرمەي يۇرگىنىدە قوشۇق پالۋان كېلىپ ئالىقىنىغا ئالدى - دە ، خالايىققا بىر كۆرسىتىپ قويۇپ ، دەرغەزەپ بىلەن ھامھام دەرۋازىسىغا ئىتتىرىۋەتتى . دەرۋازا ئىچىدە پوستا تۇرۇۋاتقان ئاق كىيىملىك ئوتتۇز ئىككى ساقچى چۆچۈرە بۇۋىم-دىن شۇنداق ئىنتىقام ئالدىكى ، دەسسەپ - يانجىپ تاشلاپ ، قىزىل ئۆڭگەچ كوچىسى ۋە ئاشقازان شەھىرى ئارقىلىق جايى زىندانغا پالىۋەت-تى .

بۇ ماجرادىن كېيىن يۇتازا مەخسۇم قاسقان ھۇجرىسىدىن تەرلىگەن ھالدا ئالدىراشلىق بىلەن ئىغىناپ يېتىپ كەلدى ۋە تەخسىگە ئولتۇرۇۋا-لاي دېيىشىگە ، مانتا گۇڭ بېگىم قاپاقلىرىنى تۇرگەن ، قورساقلىرىنى پومپايتقان ھالدا ئاچچىقى بىلەن داستىخان مەيدانىغا يېتىپ كەلدى . بۇنى كۆرگەن لازا دارىن ، خامسەي كوجاڭ ، چەيزە شەنجاڭ ، ئاچچىقسۇ لوزۇڭلار ئايرىم - ئايرىم تەخسىگە ئولتۇرۇپ ، چوكا مىلتىقلىرىنى بەتلەپ مەيدانىغا يېتىپ كەلدى . ھەممە غىزا ئەربابلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە بۇ يېڭى مېھمانلارغا تۆردىن ئورۇن بېرىشتى .

بىر ئازدىن كېيىن خامسەي كوجاڭنىڭ كۆزى مانتا گۇڭ بەگكە چۈشۈپ قالدى . بۇلار ئىلگىرى مەنمەنچىلىك قىلىشىپ جېدەل قىلد-شىپ ، كېيىن پەسكويغا چۈشكەن بولسىمۇ ، ئەمدى يەنە ھومىيىشىشقا

باشلىدى . خامسەي كوجاڭنىڭ ئوغىسى قايناپ پۈتىنى يەرگە ئۇرۇپ ، چەيزە شەنجاڭغا مانتا گۆكى بىگىمنى كۆرسىتىپ ئۇنى چاقتى . چىقىمچە-لارنىڭ سۆزىگە ئاسان ئىشىنىپ قالىدىغان چەيزە شەنجاڭ راست- يالغىنىنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا «چوكا مىلتىقلىرىنى بەتلەپ تۇرۇپ ، ئاچچىقسۇ لوزۇڭغا مىلەپ ، قورسىقى يېرىپ تاشلانسۇن» دەپ پەرمان بەرگىنى ئۈچۈن «خوش - خوش» بىلەن هۆكۈم ئىجرا قىلىندى . ئۇنىڭدىن كېيىن مانتا گۆكى بەگنىڭ پىتنە - ئىغۋاچىسى يۇتازا مەخسۇم-نى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىشىپ ، سەللىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپ تىرە-پىرەن قىلىشقا هۆكۈم قىلىندى .

سىنچاي خېنىملار جىبدەلىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تە-رەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ سالا - سۇلهى قىلىشقا باشلىدى . بىردەمدىن كېيىن هەزرىتى شاهى سۇلتان پولۇ كەپكۇر سادالىرىنى ياڭرىتىپ ، قالتىس مەغرۇرلۇق بىلەن كىرىپ ، ئېغىزىدىن هور چىقارغان هالدا كېرىلىپ ئولتۇردى . پۈتۈن غىزا ئەربابلىرى : «پولونىڭ ئۈستىگە چىقا-لايدىغان بىرمۇ نوچى يوق» دېيىشىپ تۇرۇشىغا ، سەۋزىدىن بۇرۇن يۈز — كۆزلىرىگە ياغلارنى سۈركىۋالغان قارا پاقلان گۆشى داشقازاننىڭ تېگىدىن غەزەپ بىلەن ئىككى قېتىم قاتتىق سىلكىنىپ ئېتىلىپ كەلدى-دە ، شاهى سۇلتان پولونىڭ ئۈستىگە چىقىپ ، پۈتىنى مىنگەشتۈرۈپ گىدىيىپ ئولتۇردى . بۇ هالنى كۆرگەن داستىخاندىكى بارلىق غىزا ئەربابلىرى قاتتىق كولۇشۇپ ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى . داستى-خاندىكى غىزا ئەربابلىرى «پولۇنىڭمۇ ئۈستىگە چىقالايدىغان نوچىلار بار ئىكەن» دېيىشتى .

هەزرىتى شاهى سۇلتان پولو هەمىشە غىزا ئەربابلىرى داستىخانغا يىغىلسىلا ، بىر-بىرىدىن ئورۇن تالىشىپ جىبدەل چىقىرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، ئالدىنئالا قايسىسىنى خىزمەتكە تەيىنلەش ، قايسىسىنى جازا-لاش توغرىسىدا ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىهەتلەشكەنىكەن . ئۇ ئىلگىرى تەييارلىۋالغان ئادىل هۆكۈمنى داستىخان مەيدانىدىلا ئېلان قىلدى :

1 . مانتا گۆشنىڭ شۆپەك ئېغىزى چوڭ قىزى جوۋاۋنخان ، ۋىت — ۋىت كىچىك قىزى چۆچۈرە بۇۋىملەر قېرىن سوراقخانىسىغا هەيدەپ

كىر گۈزۈلۈپ جاجىسى بىرىلگەندىن كېيىن ، ئاچچىق ئۈچەي مەھەللە-
سى ، تاتلىق ئۈچەي كوچىسى ئارقىلىق ، تۆشۈك دەرۋازىسىدىن چىقى-
رىپ ، خالا زىندانىغا تاشلانسۇن !

2 . چۆچۈرە بۇۋىم ۋە جۇۋاۋىخان مېھمانلار ئالدىدا مەنمەنلىك
قىلىپ ، ۋاقىتتى كۆپ ئېلىپ ، باشقىلارنى ئەخمەق قىلغانلىقى ئۈچۈن
ئۇنىڭ ئورنىغا ساپ نىيەتلىك مەنچىزە خېنىم ۋە سىلىق - سىپايە ئۈگرە
خېنىم خىزمەتكە تەيىنلەنسۇن !

3 . يۇتازا مەخسۇمنىڭ مەنسەپلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ ، گۆشى ئاز-
راق بولسىمۇ مانتا گۈلگە بېگىم ھاكىملىققا تەيىنلەنسۇن !

4 . جاپاكەش گۆشگىردە پالۋاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان سامسى-
جان باتۇرنىڭ قورسىقىدا ئېلىنىنىڭ سۈنىقى بولمىغاچقا يۈز خاتىرە
قىلماي كېكىردەك غارىغا پالانسۇن !

5 . مەرھۇم تاۋۇزجان قارىم ۋە شېكەرشۇن خېنىملار ئۈچۈن مەخ-
سۇس شىرە قويۇلسۇن !

6 . كۆكچى نوچى ، بىشەكشۇن ھاجىم ، چاچۇرۇك مەخسۇملارغا
قۇمۇل ، تارىم ، پەيزاۋاتتىن ئورۇن بېرىلسۇن !

7 . بۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى خىزمەتكە تەيىنلەنگەن تائاملار ئەبە-
دىي ئۆم - ئىناق ئۆتسۇن ! قورساق شەھىرىدە «گۈلدۈر - تاراق» ،
«قاراس - قۇرۇس» مۇشتلىشىپ ئىسيان كۆتۈرىدىغان ، باشقىلارنى
بىئارام قىلىدىغان ، قالايمىقان ئۇن چىقىرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى
قاتتىق چەكلەنسۇن . بۇ ئىشلارغا پىيالە يىگىتلەر بىلەن سىنچاي خېنىم
مەسئۇل بولسۇن ! كىمدىكىم بۇگۇنكىدەك جېدەل - ماجرا چىقارغۇچى
بولسا ، ۋاقتىدا جازا بېرىلسۇن !

ھۆكۈم قىلغۇچى :ھەززىتى شاھى سۇلتان پولو .

باش مەسلىھەتچى : قارا پاقلان گۆشى ، شورپا غوجام .

ۋەزىرلىرى : ئاچچىقسۇ لوزۇڭ ، خامسەي كوجاڭ ، لازا دارىنلار .

بۇ تېكىست سىزنى شەيئىلەرنى ھەجۇىي نەزەردە كۆزىتىشكە،
بىمەنىلەشتۈرۈپ ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. سىز تۇر-

مۇشتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ھەجۋىي نەزەر بىلەن كۆزىتىشكە قانچە ئادەتلەنسىڭىز، ھېچقانداق ماھىيەتلىك باغلىنىشى بولمىغان شەيئىلەرنى بىمەنىلەشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىپ ۋەقەلەشتۇرۇشكە ئۇرۇنۇپ باقسىڭىز، ئەنە شۇ چاغدىلا ئىجادىيەت كۈچىڭىزنىڭ تەبىئىي ئۇرغۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

تېكىستتە ئىشلىتىلگەن «بىلەن، ئۈچۈن، ئارقىلىق، ۋە، -مۇ، -يۇ، -دە» دېگەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ قانداق جايدا ئىشلىتىلگەنلىكىگە، ناۋادا ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا ياردەمچى سۆزلەرنى قويغاندا مەنا جەھەتتىن قانداق ئوخشىماسلىق پەيدا بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار، مۇمكىن بولسا، ئاۋۋال «قوشۇمچە I » دە بېرىلگەن سۆزلەر ھەققىدىكى جەدۋەلدىن يۇقىرىدىكى ھەرقايسى ياردەمچى سۆزلەرنىڭ قانداق تۈرگە تەۋەلىكىنى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار.

يېزىقچىلىق

# تۇرمۇشتىن «خۇرۇچ» ئىزدەش

تاماق ئېتىشكە ھەرقانچە ئۇستا ئايالمۇ خۇرۇچ بولمىسا تاماق ئېتەلمەيدۇ. تاماق ئېتىش ئۈچۈن خۇرۇچ بولۇشى كېرەك. ئەسەر يازغاندىمۇ ئوخشاشلا «خۇرۇچ» بولمىسا بولمايدۇ. بىز دەۋاتقان «خۇرۇچ» دەل يېزىقچىلىق ماتېرىيالىدۇر.

ئەسەرنىڭ «خۇرۇچ» ى نەدىن كېلىدۇ؟ بىرىنچى، ئۇ ئائىلە تۇرمۇشى، مەكتەپ تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ئىككىنچى، باشقىلار ياكى ئىلگىرىكىلەر تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىن كېلىدۇ. ئۈچىنچى، تۇرمۇش ۋە ماتېرىيال ئاساسىدىكى تەسەۋۋۇردىن كېلىدۇ. ماتېرىيال تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. تەسەۋۋۇرنىڭ مەنبەسىمۇ تۇرمۇش. شۇڭا «خۇرۇچ» مۇ تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۇرمۇشنى يېزىقچىلىقنىڭ «خۇرۇچ» ئامبىرى دەپ قارايمىز.

تۇرمۇشتىن مول يېزىقچىلىق ماتېرىياللىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ كۆزىتىش، كۆپ پىكىر قىلىش، كۆپ توپلاش، كۆپ كۆڭۈل قويۇش كېرەك. ئەتراپتىكى ھەر خىل ئادەملەر، ھەر خىل ئىشلار، ھەر خىل مەنزىرىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتسەك، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ئەستايىدىل پىكىر قىلىدىغان بولساق نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك يېزىقچىلىق ماتېرىيالىغا ئېرىشەلەيمىز. كۈندىلىك خاتىرە ۋە كۆزىتىش خاتىرىسى يېزىش، ماتېرىيال كارتىسى ياساش شەكلى ئارقىلىق ماتېرىيال توپلاپ، يېزىقچىلىقنىڭ ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۇنداقتا، تۇرمۇشتىن «خۇرۇچ» نى قانداق ئىزدەيمىز؟

1 . ھەممە ئائىلىدە «خورۇچ» بار . ئائىلىڭىزدىكى «خورۇچ» تىن پايدىلىنىپ ئۆزىڭىز ماۋزۇ قويۇپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ .

كۆرسەتمە : ئائىلىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم - كې-چەك ، يېمەك - ئىچمەك ، يېتىپ قوپۇش قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ خالىغان بىرىنى يازسىڭىز بولىدۇ . ئائىلىڭىزدە كىملەر بار ؟ ئۇلار قانداق ئىش-لارنى باشتىن كەچۈرگەن ؟ نېمىلەرگە ئامراق ؟ قانداق ئادىتى بار ؟ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ، تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسى-ۋىتى ، قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق ؟ يېمەك - ئىچمەك ، كىيىم - كېچەك ، يۈرۈش - تۇرۇش ئەھۋالى قانداق ؟ قانداق ئۆزگى-رىشلەر بار ؟ سىز ئەقلىڭىزگە كەلگەندىن بۇيان قايسى ئىشلار ئائىلى-ڭىزدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى ؟ قايسى ئىشلار ئەڭ شادلان-دۇردى ؟ قايغۇغا سالغان ئىشچۇ ؟ ئائىلىڭىزدە «مەخپىيەت» لىك بارمۇ ؟ سىز ئائىلىڭىزدىكى نېمىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز ؟ قانداق ئارزۇيىڭىز بار ؟ بۇ قېتىملىق مەشىقتە ئائىلىڭىزدىكىلەرنى پۈتۈنلەي تونۇشتۇرۇڭ ، دېگەن تەلەپ يوق . سىز نېمىنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەپ قارىسىڭىز شۇنى يازسىڭىز بولىدۇ .

2 . تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك ھەمىشە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ . سىز «ئۇنتۇلماس گۈزەل ئەسلىمە» دېگەن تېمىدا بىر پارچە بايان خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىڭ .

كۆرسەتمە :1 ) ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت گۈزەللىكىنى يازسىڭىزمۇ ، قەلب گۈزەللىكىنى يازسىڭىزمۇ بولىدۇ . تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ھەققى-دە يازسىڭىزمۇ مەيلى .

2 ) ئەسەر كىنو كۆرۈنۈشىدەك قىسقا ، مەزمۇنلۇق يېزىلىشى كې-رەك . لېكىن قىسقىغىنا ئارىلىقتا ئادەملەر ياكى مەنزىرىلەردە ئىپادىلەن-گەن گۈزەللىكنى نىسبەتەن كونكرېت ، تەپسىلىي يېزىشىڭىز كېرەك .

3 . دەرستىن سىرتقى مەشىق . دەرستىن سىرتقى مەشىق ۋاقتىدا خەلق قوشاقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللەرنى رەتلەڭ . مۇۋاپىق پۇرسەتتە ئوقۇتقۇچىڭىز ياكى باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئۆز قارىشىڭىز-نى ئوتتۇرىغا قويۇڭ .

## ئەسەر تۈزىتىش

ئەسەر تۈزىتىشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم . بۇنىڭ ئۈچۈن :

1 . ئەستايىدىل بولۇش ، ۋاقىت سەرپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىش ، ھەر قېتىم ئەسەر يازغاندا تۈزىتىشنى مۇھىم بىر ھالقا ، دەپ قاراش كېرەك .

2 . تەكرار ئويلاپ كۆڭۈلدە پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قەلەم تەۋرىتىش كېرەك . تۈزەتمەك تەس جايلاردا كۆپرەك پىكىر يۈرگۈزۈش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ، خاتا تۈزىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك .

3 . تۈزىتىشتە قوللىنىلىدىغان بەلگىلەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ، ئورگىنال قەغىزىنىڭ پاكىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ، تولا ئۆچۈ-رۈپ ئوقۇغۇسىز قىلىۋەتمەسلىك كېرەك . ناۋادا تۈزىتىدىغان جايلار بەك كۆپ بولۇپ قالسا ، يەنە بىر قېتىم كۆچۈرۈپ چىقىش كېرەك . ئۇنىڭدىن باشقا ، مەسلىھەتلىشىپ تۈزىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم . ئۆزى مۇستەقىل تۈزىتەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ساۋاقداشلىرى ياكى ئوقۇتقۇ-چىسى بىلەن ھەمكارلاشقان ئاساستا تۈزىتىپ چىقىش كېرەك .

ئۆزىڭىز يېقىندا يازغان بىر پارچە ئەسەرنى سىناق قىلىپ تۈزىتىپ بېقىڭ . كۆرسەتمىدىن پايدىلىنىپ ، كۆڭۈلدىكىدەك تۈزىتەلمىگەن جاي-لارنى ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ياخشى تۈزىتىشكە تىرى-شىڭ .

مۇشتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ھەجۋىي نەزەر بىلەن كۆزىتىشكە قانچە ئادەتلەنسىڭىز، ھېچقانداق ماھىيەتلىك باغلىنىشى بولمىغان شەيئىلەرنى بىمەنىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىپ ۋەقەلەشتۈرۈشكە ئۈرۈنۈپ باقسىڭىز، ئەنە شۇ چاغدىلا ئىجادىيەت كۆچىڭىزنىڭ تەبىئىي ئۇرغۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

تېكىستتە ئىشلىتىلگەن «بىلەن، ئۈچۈن، ئارقىلىق، ۋە، -مۇ، -يۇ، -دە» دېگەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ قانداق جايدا ئىشلىتىلگەنلىكىگە، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا ياردەمچى سۆزلەرنى قويغاندا مەنا جەھەتتىن قانداق ئوخشىماسلىق پەيدا بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار، مۇمكىن بولسا، ئاۋۋال «قوشۇمچە I » دە بېرىلگەن سۆزلەر ھەققىدىكى جەدۋەلدىن يۇقىرىدىكى ھەرقايسى ياردەمچى سۆزلەرنىڭ قانداق تۈرگە تەۋەلىكىنى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار.

## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

# كۇتۇپخانىغا كىرىش

كۇتۇپخانا — كىتاب ساقلىنىدىغان جاي، شۇنداقلا ئۆگىنىش ئورنىدۇر. كىتاب — ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت مېۋىلىرى قاچىلانغان ئامبار. كۇتۇپخانىغا كىرىش ئارقىلىق بىلىمنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئىلىم دۇنياسىدا سەيلى قىلغىلى، مول ئوزۇقلۇقلاردىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ. ئىزدىنىش مۇشەققىتى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىش شادلىقى سىزگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. بىز كۇتۇپخانىدىن قەھرىمانلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىنى، ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلار بىلەن تونۇشالايمىز. ھەقىقەت سادىق ھەمراھىمىزغا ئايلىنىدۇ؛ كۇتۇپخانىغا كىرىش ئارقىلىق يازما ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇش، تاللاش، ئوقۇش، پايدىلىنىش قابىلىيىتىمىزنى يەنە بىر باسقۇچ يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز.

كۇتۇپخانىدىكى كىتاب دېڭىزىدا لازىملىق نەرسىلەرنى قانداق ئىزدەيمىز؟ ھودۇقماڭ، كۇتۇپخانىلاردا ئوقۇرمەنلەر بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئىشلار ھەققىدە ئىزاھات بار.

ئۇنىڭدا كۇتۇپخانىنىڭ لاھىيىلىنىشى، فۇنكسىيىسى، ئوقۇرمەنلەر بىلىۋېلىشقا، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تونۇشتۇرۇلغان.

كۇتۇپخانىلار ئادەتتە كىتاب ئارىيەت ئېلىش ئورنى، قىرائەتخانا، ئامباردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

بىز ئاۋۋال ئارىيەت ئېلىش ئورنىدا مۇندەرىجە ئاختۇرىمىز. كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىش ئاساسىدا، يېقىندا نەشر

قىلىنغان (بىرنەچچە ياكى خېلى يىللار ئىلگىرى نەشر قىلىنغان بولىشى مۇمكىن) ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان پەن ـ تېخنىكا ياكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئائىت كىتابلارنى ئىزدىسەك بولىدۇ.

مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنى ئىزدەش

گۇرۇپپىنى بىرلىك قىلىپ، بىز ئالدىنقى بۆلەكلەردە ئەسىرىنى بەرگەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسىرىنى ئىزدەپ تېپىڭلار، قېنى قايسى گۇرۇپپا ئەڭ ئاۋۋال ئۈچ پارچە كىتاب تېپىپ چىقالايدۇ.

قورال كىتابلارنى ئىزدەش

بىز ئادەتتە مەيلى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆگىنەيلى ياكى باشقا دەرسلەرنى ئۆگىنەيلى، شۇ جەرياندا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بىر قىسىم مەسىلىلەرگە يولۇقماي قالمايمىز. بۇ مەسىلىلەرنى خاتىرىلىۋېلىپ كۇتۇپخانىدىكى قورال كىتابلاردىن پايدىلىنىپ جاۋابىنى تېپىڭ.

ھەربىر ئادەم ئۆزى يولۇققان مەسىلىلەرنى ياخشى تەييارلاپ، ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق ئاختۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، كۇتۇپخانىغا بېرىپ، قورال كىتابلارنى ئاختۇرسۇن؛ قېنى كىم ئەڭ تېز ئاختۇرۇپ ئەڭ تېز جاۋاب تاپالايدۇ؟

قىرائەتخانىغا كىرىپ گېزىت ـ ژۇرناللارنى ۋاراقلاڭ. بۇ يەردە ئۆز قىزىقىشىڭىزغا ئاساسەن تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرنال تېپىپ ئوقۇيالايسىز.

گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇش جەريانىدا تىل ـ ئەدەبىيات، چەت ئەل تىلى، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت ماتېرىياللارغا دىققەت قىلىڭ. قىممەتلىك، ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان مەزمۇنلارنى خاتىرىلەپ، كىتاب ئوقۇش كارتىسى تەييارلاڭ.

كىتاب ئوقۇش كارتىسى

ئەسەردىكى ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك، دەپ قارىغان مەزمۇنلارنى كۆچۈرۈۋېلىپ، كىتاب ئوقۇش كارتىسى تەييارلاڭ. ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان مەزمۇنلارنى كۆچۈرۈۋېلىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ. بى‑

ـرىنچىسى ، ئەسلىدىكى مەزمۇنلارنى شۇ پېتى كۆچۈرۈۋېلىش ؛ ئىككىنـ
چىسى ، ئۆز گېپىگە ئايلاندۇرۇپ كۆچۈرۈۋېلىش .
كارتا تەييارلاش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە :
1 . ھەربىر ماتېرىيال نىشانلىق تەييارلىنىشى ، قايسى تۈرگە تەۋەـ
لىكى ئەسكەرتىلىشى كېرەك . مەسىلەن ، سىز يېزىقچىلىق ھەققىدىكى
ماتېرىياللارغا قىزىقسىڭىز بايان خاراكتېرلىك ئەسەر ، چۈشەندۈرۈش
خاراكتېرلىك ئەسەر ياكى شېئىر ، نەسر ، ھېكايە ، سەھنە ئەسىرى
دېگەن تۈرلەر بويىچە ماتېرىيال توپلىشىڭىز كېرەك . ھەربىر تۈردىكى
ماتېرىياللار يەنە كىچىك تۈرلەرگە ئايرىلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ .
2 . ئەڭ قىممەتلىك مەزمۇنلارنىلا كۆچۈرۈۋېلىش لازىم .
3 . كارتىغا ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى — يەنى كىتاب ئىسمى ،
ژانىرى ، ئاپتورى ، بەت نومۇرى ، نەشر قىلىنغان ئورۇن ، نەشر قىلىنغان
ۋاقىت قاتارلىقلار خاتىرىلىنىشى كېرەك . گېزىت ـ ژۇرنالدىن كۆچۈـ
رۈۋالغان ماتېرىياللاردىمۇ شۇ ئۇسۇل قوللىنىلىشى كېرەك .
4 . كارتا قۇتۇسىدا كارتىلارنىڭ مۇندەرىجىسى بولۇشى كېرەك .
مۇندەرىجە كارتىلارنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇلسا ، ئىزدەشكە پايدىلىق
بولىدۇ .
5 . كارتىلار قەرەللىك رەتلىنىپ تۇرۇشى كېرەك . بۇنداق قىلغاندا
كارتىلارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى تېخىمۇ ئىلمىي بولۇپ ، مەزمۇن تەكرارـ
لىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ .
ھازىردىن باشلاپ كارتا ياساپ ، كارتا توپلاشقا كىرىشىڭ . ھەر
مەۋسۇمدە 50 كارتا ياساڭ . كارتىنىڭ مەزمۇنى ئاسترونومىيە ، جۇغراـ
پىيە ، ئەدەبىيات ، مۇزىكا ، بىئولوگىيە ، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرگە
چېتىلسۇن .
مۇۋاپىق پۇرسەتتە سىنىپتا كىتاب ئوقۇش كارتىسى كۆرگەزمىسى
ئويۇشتۇرۇپ ، ياخشى كارتا ۋە ياخشى ، ئەستايىدىل كارتا ئىشلىگۈچىنى
باھالاپ چىقىڭلار .
باھالاش ئۆلچىمىنى كارتىنىڭ ئۆلچەملىك بولغان —
بولمىغانلىقى ، ئۇچۇر مىقدارى ، ئۇچۇر قىممىتى نۇقتىسىدىن بېكىتـ



## تۆتىنچى بۆلەك

# رەڭدار تۆت پەسىل

«باھاردا يېشىل يايلاقلارنى سەيلە قىلىمىز، يازدا زۇمرەتتەك سۇلاردا ئۈزۈپ ئوينايمىز، كۈزدە مەي باغلىغان مېۋىلەرنىڭ ھېدىدىن مەست بولىمىز، قىشتا ئاق قارنى كۈيلەپ قوشاق ئوقۇيمىز». بۇ، قەدىمكى زاماندا بىر بالا يازغان بىر كۇپلېتلىق شېئىر. تۆت پەسىل شۇنچىلىك رەڭگا رەڭ ۋە گۈزەل، لېكىن بۇ گۈزەللىكنى ھەممە كىشىنىڭ تولۇق تەسۋىرلەپ كېتەلىشى ناتايىن. گۈزەل شەيئىلەردىكى ئىچكى گۈزەللىكنى بايقاش ھەم ئۇنى گۈزەل تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش — بۇنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

# 12 . باھار

## جۇ زىچىڭ[1]

تۆت كۆز بىلەن كۈتە ــ كۈتە ، شەرق شامىلى سوقۇپ ، باھارنىڭ قەدىمىمۇ يېقىنلاشتى .

بارلىق مەۋجۇدات ، گويا ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ، لاپلا قىلىپ كۆزلىرىنى ئاچتى . قارلار يالتىرىغىلى ، سۇلار ئۇلغايغىلى ، قۇياش قىزارغىلى باشلىدى .

يۇمران ، ياپيېشىل گىياھلار توپا ئاستىدىن بىلىندۇرمەي باش كۆتۈردى ، ھويلا ــ ئارام ، ئېتىز ــ داللارغا نەزەر سالسىڭىز ، ھەممە يەر يېشىلچىلىقتا تولدى . ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم ئولتۇرۇۋالغىڭىز ، يېتىۋالغىڭىز ، ئېغىنىۋالغىڭىز ، توپ تېپىۋالغىڭىز ، بىر قانچە قېتىم يۈگۈرۈۋالغىڭىز ، بىر پەس مۆكۈ ــ مۆكۈلەڭ ئوينىۋالغىڭىز كېلەتتى . شامال لەرزان سوقاتتى ، ئوت ــ چۆپلەر كىمخابتەك يۇمشاق ئىدى .

شاپتۇل ، ئۆرۈك ، نەشپۈت دەرەخلىرى بەس ــ بەستە ھۆپپىدە چېچەك ئاچتى . چېچەكلەرنىڭ قىزىللىقى چوغدەك ، ھالى شەپەقتەك ، ئاقلىرى بەئەينى قاردەك ئىدى . چېچەكلەردىن خۇشبۇي پۇراقلار گۈپۈلدەپ تۇراتتى . كۆزىڭىزنى يۇمسىڭىز ، دەرەخلەردە گويا شاپتۇل ، ئۆرۈك ، نەشپۈتلەر غۇچچىدە تولۇپ تۇرغاندەك سېزىلەتتى . چېچەكلەر ئارىسىدا كۆرمىگىلىغان ھەسەل ھەرىلىرى غۇژۇلداپ ، چوڭ ــ كىچىك كېپىنەكلەر ئۇياقتىن ــ بۇياققا ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى . ياۋا گۈللەرمۇ ھەممىلا يەرنى

---

[1] جۇ زىچىڭ — 1898 ــ يىلى تۇغۇلۇپ ، 1948 ــ يىلى ۋاپات بولغان ، جياڭسۇنىڭ ياڭجۇ شەھىرىدىن . مەشھۇر نەسرچى ، شائىر .

قاپلىغان ؛ ئۇلار خىلمۇخىل ، ئىسمى بارلىرى ، ئىسمى يوقلىرى بولۇپ ، ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا گويا كۆزلەردەك ، يۇلتۇزلاردەك جىمىرلاپ يالت - يۇلت قىلىپ كۆز قىسىشاتتى .

«يۈزىڭىزنى سىلىماقتا مەيىن باھار شامىلى » .① دەرۋەقە ، ئۇ ئانىنىڭ ئەركىلىتىپ سىلاشلىرىدەكلا ئىللىق سىلاپ ئۆتەتتى . يېڭىلا ئاغدۇرۇلغان توپىنىڭ ھىدى ، يېشىل ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇرىقى ۋە خىلمۇخىل گۈل - چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇرىقى سىڭگەن شامال نەمخۇش ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرەتتى . قۇشلار باراقسان گۈل - چېچەكلەر ۋە يۇمران يوپۇرماقلار ئارىسىغا چاڭگا تىزاتتى . ئۇلار خۇشلۇقىدىن بىر - بىرىگە دوست تارتىشىپ ، زىل ئاۋازلىرى بىلەن يېقىملىق سايرىشىپ ، لەرزان شامالغا ، شىلدىر - شىلدىر ئېقىۋاتقان سۇغا جور بولۇشاتتى . كالىغا مىنىۋالغان پادىچى بالىنىڭ نېيىمۇ بۇنداق چاغلاردا ئەتىدىن - كەچكىچە تىنىماي ياڭرايتتى .

يامغۇر يېغىش ئادەتتىكى ئىش ئىدى . بىر ياغسا ئىككى — ئۈچ كۈن ياغاتتى . بۇنىڭغا ھەرگىز تىت - تىت بولماڭ . قاراڭ ، يامغۇر گويا قىلدەك ، كەشتە يىڭنىسىدەك ۋە بەزىدە ئىنچىكە يىپەكتەك تۆكۈلۈپ قىيپاش ياغاتتى . قاتار ئۆگزىلەر خۇددى نېپىز تۇتەك بىلەن قاپلانغاندەك كۆرۈنەتتى . دەرەخ يوپۇرماقلىرى ياپيېشىل پارقىرايتتى ، ئوت - چۆپلەرمۇ يېشىللىقى بىلەن كۆزىڭىزنى قاماشتۇراتتى . گۇگۇم چۈشكەندە چىراغ يېقىلىپ ، ئۇنىڭ گۇڭگا نۇرلىرى كېچىگە جىمجىتلىق ۋە خاتىرجەملىك تۇسى بېرەتتى . يېزىلاردا ، چىغىر يوللاردا ، تاش كۆۋرۈك يانلىرىدا كۇنلۇك كۆتۈرگەن كىشىلەر ئاستا كېتىشىپ باراتتى ، ئېتىز بېشىدا ئۇستىگە پاخالدىن توقۇلغان يامغۇرلۇق ، بېشىغا چىغ قالپاق كىيىپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە - بۇ يەردە شالاڭ جايلاشقان ئۆيلىرى يامغۇر ئىچىدە تىمتاس تۇراتتى .

بارا - بارا ئاسماندا لەگلەكلەر ، يەردە بالىلار كۆپىيىشكە باشلىدى ؛

① بۇ مىسرا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جى نەن دېگەن دەرۋىشنىڭ شېئىرىدىكى مىسرا .

شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئۆيلەردىن چوڭ ـ كىچىك ھەممىيلەن خۇددى بىر يەرگە جابدۇنغاندەك بىر ـ بىرلەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار كېرىلگەچ، سوزۇلغاچ، سەل تېتىكلىشىۋېلىپ، ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشاتتى. «يىلنىڭ ئىشى باھاردىن، كۈننىڭ ئىشى سەھەردىن باشلىنار»، دېگەندەك باھار ئەمدىلا باشلاندى، ۋاقىت بولسا يېتەرلىك، ئۈمىدمۇ زور.

باھار خۇددى بوۋاقتەك بېشىدىن ئايىغىغىچە يېڭى، ئۇ ئۆسمەكتە.

باھار خۇددى سەبىي قىزچاقتەك گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركىنىپ كۈلمەكتە، ماڭماقتا.

باھار خۇددى قاۋۇل، ساغلام ئەركەكتەك مەزمۇت قەدەم تاشلاپ بىزنى ئالغا باشلىماقتا.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. «باھار خۇددى بوۋاقتەك بېشىدىن ئايىغىغىچە يېڭى، ئۇ ئۆسمەكتە. باھار خۇددى سەبىي قىزچاقتەك گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركىنىپ كۈلمەكتە، ماڭماقتا. باھار خۇددى قاۋۇل، ساغلام ئەركەكتەك مەزمۇت قەدەم تاشلاپ بىزنى ئالغا باشلىماقتا».

جۇزىچىك نەسرىنىڭ ئاخىرىدا باھارنى ئادەمگە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ ھەم ئەسەرنى يۇقىرىقىدەك ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەگەر سىز بولسىڭىز قانداق ئاخىرلاشتۇراتتىڭىز؟ ئوخشىغۇچىلارنىڭ ئورنىغا قانداق سۆزلەرنى قوياتتىڭىز؟ سىز بۇ نەسرنى ئوقۇش جەريانىدىكى تەسىراتىڭىزغا ئاساسەن نەسرنىڭ ئاخىرىنى قايتا يېزىپ چىقالامسىز؟

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلىڭ:

1) «تۆت كۆز بىلەن كۈتە ـ كۈتە شەرق شامىلى سوقۇپ، باھارنىڭ قەدىمىمۇ يېقىنلاشتى.»

ئاپتور نېمە ئۈچۈن ئەسەردە «كۈتە ـ كۈتە» دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم تەكرارلايدۇ؟ بۇ قانداق ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ؟

2) «ياپيېشىل يۇمران گىياھلار توپا ئاستىدىن بىلىندۇرمەي

باش كۆتۈردى.»

سىز گىياھلارنىڭ بىخ چىقارغاندىكى ھالىتىنى كۆزىتىپ باققانمۇ؟ سىز گىياھلارنىڭ بىلىندۈرمەي بىخ سۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىدىن قانداق تۇيغۇغا كەلدىڭىز؟

3) «يۈزىڭىزنى سىيلىماقتا مەيىن باھار شامىلى، دەرۋەقە، ئۇ ئانىنىڭ ئەركىلىتىپ سىلاشلىرىدەكلا ئىللىق سىلاپ ئۆتەتتى»

سىزمۇ مۇشۇنداق تەسىراتتا بولۇپ باققانمۇ؟ باشقا پەسىللەرنىڭ شامىلى يۈزىڭىزگە ئۇرۇلغان ۋە بەدىنىڭىزگە تەگكەن چاغدىكى ھېسسىياتىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

3. «باھار چېچىكى»، «باھاردىكى يۇمران بىخ»، «باھار شامىلى»، «باھار يامغۇرى» دېگەن ماۋزۇلار ئىچىدىن ئۆزىڭىز قىزىققان تېمىدا بىر پارچە نەسر يېزىڭ ياكى بولمىسا مۇشۇ مەزمۇندىكى شېئىرلارنى تۈرگە ئايرىپ، شېئىر مىسرالىرىنى مەزمۇنى بويىچە رەتلەپ، «باھار دائىم يېنىمىزدا» دېگەن تېمىدا تام گېزىت ئىشلەڭلار. سىنىپتىكى گۈزەل سەنئەت گۇرۇپپىسى بۇ تېكىست ئۈچۈن كوللېكتىپ ھالدا «باھار» دېگەن تېمىدا قىستۇرما سۈرەت ئىجاد قىلسۇن.

4. تېكىستنى يادلىۋېلىڭلار. سىز نەسردىكى ئوخشىتىشقا تەۋە، دەپ قارىغان سۆز ـ جۈملىلەرنى توپلاپ ئۆزىڭىزنىڭ باھارنى كۆزىتىپ يازغان تەسىراتىڭىز ئىچىدىكى ئوخشىتىشلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىڭ.

# 13 . ياز كېچىسى

تەلئەت قادىرى[1]

ياز كېچىسى سالقىن شامال يۈزۈڭنى سۆيۈپ تۇرغان ئۆگزىدە ، يۇلتۇزلار بىلەن تولغان ئاسمان ئاستىدا يېتىپ ئەركىن خىيال سۈرۈش كىشىگە ئاجايىپ ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ .

ھەقىقەتەن ، ياز كېچىسى تولىمۇ گۈزەل ، تولىمۇ سىرلىق . تېرەك يوپۇرماقلىرىنىڭ يەڭگىل شىلدىرلاشلىرى ، دەرۋازا ئالدىدىكى گۈلدۈر-مىدىن چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ بىر خىلدا يېنىك شارقىراشلىرى ، چېكەتكە-لەرنىڭ بەس - بەستە توختىماي چىرىلداشلىرى ، پاقىلارنىڭ كۇركىراش-لىرى ، قەيەردىدۇر ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى ، قاراڭغۇ باغلاردىن كېلىۋاتقان ئۆرۈك ھىدى ...... ساڭا گويا تەبىئەتنىڭ تىنىقىدەك ، ئانى-نىڭ ئەللەي ناخشىسىدەك تۇيۇلىدۇ . ئاشۇ تىنىمسىز ناخشىنىڭ ئەۋجىدە ۋۇجۇدۇڭ چايقىلىپ ، روھىڭ يايراپ ئۆزۈڭنى ئانا تەبىئەتنىڭ بىر قىسمىدەك ھېس قىلىسەن .

قاياقتىندۇر يەنە ياز كېچىسىدىكى تەبىئەتنىڭ بۇ «ئەللەي ناخشى-سى» غا قوشۇلۇپ ئاي دالادا ئورما ئورۇۋاتقان ئومىچى يىگىتلەرنىڭ سوزۇپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىسى بىلەن خاماندا شامال ساقلاپ ئولتۇر-غاچ گۇڭگۇر - مۇڭگۇر مۇڭدىشىپ كونا گەپلەرگە چۈشۈپ كەتكەن بوۋايلارنىڭ تۇگىمەس پاراڭلىرى قۇلىقىڭغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ . ئاشۇ ئۇزۇلمەس ناخشىلار بىلەن ئايىغى چىقماس پاراڭلار سېنىڭ بالىلىق قەلبىڭنى ئۆتمۈش يىللارنىڭ گىرىمسەن قوينىغا باشلاپ كېتىدۇ . ئۆ-

[1] تەلئەت قادىرى — 1961 - يىلى ئاتۇش شەھىرىدە تۇغۇلغان . شائىر ۋە ماتارىپ تەتقىقاتچىسى . «دوئىلدىكى شائىر» ، «يارىلانغان قۇش» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان ، «بىز ئىزدەۋاتقان ماتارىپ» قاتارلىق تەتقىقات ئەسەرلىرى بار .

زۇڭمۇ تۇيمىغان هالدا ئۇزاق خىياللارغا غەرق بولىسەن. تۇيۇقسىز ئۈستۈڭدىكى پايانسىز ئاسماندا غۇژمەك - غۇژمەك بولۇشۇپ، تىنىمسىز جىمىرلاۋاتقان يورۇق يۇلتۇزلاردىن بىرىنىڭ ساقىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرىسەن — دە، ئاندىن ئېسىڭگە كېلىسەن. ئەنە شۇ چاغدا گويا سەهرا ئاسمىنىغا چېكىلگەن نەقىشلەردەك كۆرۈنىدىغان ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە سوزۇلغان هالدا ئاقىرىپ تۇرغان سامان يولى دىققىتىڭنى تارتىدۇ.

پاھ، ئاسمان بوشلۇقىدا يۇلتۇزلار نېمە دېگەن جىق - هە! ئۇنى سانايمۇ، قارايمۇ تۈگىتەلمەيسەن. بۇ يۇلتۇزلار ساڭا شۇنداق يېقىن يەردىلا چاقناۋاتقاندەك، قولۇڭنى سوزساڭلا يېتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇ سانسىز يۇلتۇزلارنىڭ بەزىسى شوخ قىزلارنىڭ كۆزلىرىدەك جىلۋىلىك چاقنىسا، بەزىسى غەمكىن بوۋاينىڭ كۆزلىرىدەك نۇرسىز يالتىرايدۇ.

تىنىمسىز جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار قەلبىڭدە يېڭىدىن يېڭى بالىلىق سوئاللارنى ئويغىتىدۇ؛

— بۈگۈن ئاخشام قايسى هۆر قىزلارنىڭ بوينىدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلىرى چېچىلىپ كەتكەندۇ؟ قايسى چۆچەكچى مومايىنىڭ هېكايە - چۆچەك ساندۇقىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتكەندۇ؟

— ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ چاقناپ تۇرغان ئەقىل چىرىغىمىدۇ؟ ياكى بىتەلەي بالىلارنىڭ قۇت نىشانىمىدۇ؟

ئېھ، سىرلىق ئالەم، ساناقسىز يۇلتۇز، گۈزەل ياز كېچىسى، ئاشۇنداق گۈزەل ياز كېچىلىرىدە كىشىنىڭ نۇرانە يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ قۇتۇب يۇلتۇزى، ئۈركەر يۇلتۇزى، چولپان يۇلتۇزى ...... قاتارىدا جىمىرلاپ، سىرلىق ئالەمدە مەڭگۈلۈك چاقنىغۇسى كېلىدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1. بۇ نەسردە ئاپتور ياز كېچىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرىنى سۈرەتلىگەن، سىز ياز كېچىسىنىڭ يەنە قانداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى دەپ بېرەلەيسىز؟

2. بىز ئادەتتە ھەر ئاخشىمى يۇلتۇزلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز. يۇلتۇزلار قەدىم-

دىن ھازىرغىچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ كەلگەن. تەلئەت قادىرنىڭ بۇ ئەسىرىدىمۇ، يۇلتۇزلارغا قارىغاندىكى تەسىراتى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن. سىزمۇ چوقۇم يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ باققان بولىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنداقتا سىزنىڭ تەسىراتىڭىز قانداق؟

* 3. سىز «يۇز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» (ئاسترونومىيە قىسمى) دېگەن كىتابتىن ياكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يۇلتۇزلار تۈركۈمى ياكى يۇلتۇزلار ھەققىدە ئىلمىي ساۋاتقا ئىگە بولۇڭ ھەمدە خەلق ئارىسىدىكى يۇلتۇزلارغا ئائىت بىرەر ھېكايە — رىۋايەتنى ئىگىلەپ ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ.

4. تۆۋەندىكى تۇپ سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىڭ:

| | |
|---|---|
| يات —— يېتىپ | كېچە —— كېچىسى |
| ئەس —— ئېسىگە | ئۆگزە —— ئۆگزىدە |
| چەت —— چېتىدىن | ناخشا —— ناخشىسى |
| ئاچ —— ئېچىلىپ | دىققەت —— دىققىتى |

# 14 . كەچكۈز لىرىكىسى

قۇربان بارات[1]

سۆيۈملۈك يۇرتىمىزغا كەچكۈز كەلدى ،
شۇدىگەر ئېتىزلاردا ياتار داڭگال .
پايانسىز ئېكىنزارلار بوشاپ قالدى ،
ئالتۇنرەڭ بولۇپ قالدى يېشىل جاڭگال .[2]

قورۇلۇپ قالدى باغدا گۈل - چېچەكلەر ،
كېپىنەك ئېتىلمايدۇ يۇراقلارغا .
قارلىغاچ پېشايۋانغا ئۇۋا سالماس ،
تۇرنىلار ئۇچۇپ كېتەر يىراقلارغا .

ئىغاڭلاپ سوغ شامالدا مەجنۇنتاللار ،
يوپۇرماق تاشلىنىشىدۇ بۇلاقلارغا .
ئانىلار ئەللەي ئېيتىپ كېچىلەردە ،
يېگىدىن پوسما تىكەر بوۋاقلارغا .

ئېھ ، سەھرا ! ئېھ ، تەبىئەت قانچە گۈزەل ،
گۈزەللىك تومەنمىڭ زوق ئېتەر بەخش .

---

① قۇربان بارات — 1946 - يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان . بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيەت سەھنىسىدە ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە شائىر ۋە تەرجىمەشۇناس . ئۇنىڭ شېئىر - داستانلىرىدىن «ئاق روماللىق پەرىزات» ، «يوقالماس پەلەستىن» ، «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ، «دەريا شارقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا» ، «كېسىلگەن توغراق» ، ««دىۋانىنىڭ ھەيكىلى»قاتارلىقلار بار .

② جاڭگال — يۇلغۇن ، سۆكسۆك ، يانتاق ، كۆرۈك ، توغراق ··· قاتارلىقلار ئۆسىدىغان ، ئادەم ياشىمايدىغان جاي .

كەچكۈزنىڭ ئارقىسىدا قىش كېلىدۇ،
دېرىزە ئەينىكىگە ياساپ نەقىش.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. بۇ شېئىردا شائىر كەچكۈز مەزگىلىنىڭ قانداق ئالاھىدە بەلگىلىرىنى تەسۋىرلىگەن؟ سىز كەچكۈزنىڭ يەنە قانداق روشەن بەلگىلىرىنى دەپ بېرەلەيسىز؟

2. شائىر «قارلىغاچ پىشايۋانغا ئۇۋا سالماس،
تورنىلار ئۇچۇپ كېتەر يىراقلارغا.»

دەپ يازغان. مۇشۇنداق يېزىشتىكى سەۋەبىنى سىز ھاياتلىق ۋە تەبىئەت ئىلمىگە بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

3. شائىر «كەچكۈزنىڭ ئارقىسىدىن قىش كېلىدۇ،
دېرىزە ئەينىكىگە ياساپ نەقىش.»

دېگەن مىسرالاردا قىشنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. سىز ئائىلىڭىزدە قىشقا قارىتا قانداق تەييارلىقلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئەسلەش ۋە كۆزىتىش ئاساسىدا «قىش كېلىش ئالدىدا» دېگەن ماۋزۇدا پارچە يېزىڭ.

# 15 . دېكابىردا ئۆرۈك گۈللەپتۇ

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا[1]

«دادا… دادا ! ئۆرۈك گۈللەپتۇ ، »
دېدى قىزىم بۈگۈن سەھەردە .
«ئىشەنمىسەڭ كۆرستەيمۇ ؟ » دەپ ،
دېرىزىدىن قايرىدى پەردە .

زوقۇم كېلىپ قارىدىم شۇ ئان ،
ئىلىك ئېلىپ قىزىم لەۋزىنى .
دېكابىرغا ئىشەنمەي قالدىم ،
كۆرگەچ گويا باھار پەيزىنى .

«راستلا ئۆرۈك گۈللەپتۇ ، قىزىم ، »
دېدىم مەنمۇ ھاياجان بىلەن .
بېغىمدىكى ياپياش ئۆرۈكلەر ،
كۆلۈپ تۇرغاچ ئاق تۇمان بىلەن .

شاخ بەرگىگە قونۇشقان قارلار ،
ئېچىلىپتۇ ئاپئاق چېچەكتەك .
چۈكا تۇتقان سۈزۈك مۇزلىرى ،
يامىشىپتۇ ھەشقى پېچەكتەك .

① ئابدۇرېھىم ئابدۇللا — 1954 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . يازغۇچى ۋە شائىر . «داۋانلىق يوللار» ، «بوبناق» ناملىق كىتابلىرى ، «كەچۈر ئانا» ، «ئامەت ۋە قىيامەت» ناملىق تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرى بار .

كېپىنەكلەر ئوينايدۇ ئۇسسۇل ،
بېغىم شۇندا خۇددى لەيلىزار ،
چۈشەر كۆكتىن سانسىز كېپىنەك ،
لەيلىزارغا بولۇپ ئىنتىزار .

ئۆيدە تۇرۇپ قىزىم ئىككىمىز ،
قىلدۇق قىشتا باھار سەيلىسى .
پۇراپ كەتتى دىماقلىرىمغا ،
شاخلاردىكى قارنىڭ لەيلىسى .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. بۇ شېئىردا قار ياغقان مەزگىلدىكى باغ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل تەسۋىرلەنگەن. قىش بىزگە ھەقىقەتەن گۈزەل تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىدۇ. سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇ بىزگە تۇرمۇشنىڭ يەنە قانداق غەم ـ قايغۇلىرىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىدۇ؟

* 2. بۇ بۆلەكتە بېرىلگەن تېكىستلەرنى ئوقۇپ رەڭدار تۆت پەسىلنىڭ بەدىئىي سۈرىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىڭىز. سىز پەسىللەرنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقىنى جۇغراپىيە ۋە ئاسترونومىيە ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئىزدەپ بىلىۋېلىڭ.

3. 5 ـ كۆپلىتتا ۋەكىللىك ئوخشىتىش قوللىنىلغان، دېيىش توغرىمۇ؟ سىز ۋەكىللىك ئوخشىتىشقا دائىر چۈشەنچە ئاساسىدا مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭ.




# قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى[1]

قىش ياي بىلەن توقۇشتى ،  
قىڭىر كۆزۈن باقىشتى .  
تۇتۇشقالى ياقىشتى ،  
ئۇت غالىمات ئوغراشۇر .

(قىش بىلەن ياز بىر - بىرى بىلەن ئۆچلىشىپ سوقۇشقىلى تۇردى ، بىر - بىرىگە قىڭغىر كۆزدە بېقىشتى ، بىر - بىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن يېقىنلاشتى ، بىر - بىرىنى ئۇتۇش ئۈچۈن تىركەشتى )

بالچىق بالىق يوغرۇلۇر ،  
چىغاي ياۋۇز يىغىرىلۇر .  
ئەرگەكلەرى ئوغرۇلۇر ،  
ئوزغۇچ بىلە ئەۋرىشۇر .

(ياز قىشقا ئېيتتى :لاي پاتقاقلار يوغۇرۇلۇپ ، ئۇيۇپ كېتىدۇ ، يوقسۇل يوپۇنلار دوگدىيىپ توگۇلۇپ كېتىدۇ ، ئۇلارنىڭ بارماقلىرى قورۇلۇپ ، قولاشماي قالىدۇ - دە ، بىرەر پارچە چوغ بىلەن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ )

ئول قار قاموغ قىشىن ئىنار ،  
ئاشلىق تارىغ ئانىن ئۇنەر .

---

① بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن دۇنياغا مەشھۇر تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۈچ توملۇق كاتتا ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك ) دىن ئېلىندى .

ياۋلاق ياغى مەندە تىنار ،
سەن كەلىپەن تەبرەشۇر .
(قىش ئېيتتى : پۈتۈن قار قىشلىقى ياغىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن يازدا ئاشلىقلار ئۈنىدۇ ؛ دۈشمەن قىشتا تىنچىيدۇ ، ئۇرۇش قىلمايدۇ ، ئەي ياز ! سەن كېلىش بىلەن ئۇ ھەرىكەتلىنىدۇ )

سەندەن قاچار سۈندىلاچ ،
مەندە تىنار قارغىلاچ .
تاتلىغ ئۆتەر ساندۇۋاچ ،
ئەركەك — چىشى ئۇچراشۇر .
(ياز ئېيتتى : سەندىن سۈڭگۈلۈچ قاچىدۇ ، مەندە بولسا قارلىغاچلار يايرايدۇ ، بۇلبۇللار نەغمە قىلىدۇ ، ئەركەك بىلەن چىشى جۈپلىشىدۇ )

سەندە قوپار چادانلار ،
قۇدغۇ سىكەك يىلانلار .
دۇك مىڭ قويۇ تۆمەنلەر ،
قۇدرۇق تىكىپ يۈگرۈشۇر .
(قىش ئېيتتى : چايانلار ، چىۋىن ، پاشا ، خەلققە زەرەر يەتكۈزىدىغان ھەرخىل ھاشارات ، يىلانلار سەندە ئورنىدىن تۇرىدۇ ، ئۇلار قۇيرۇقلىرىنى دىڭگايتىپ ، خالايىققا ھۇجۇم قىلىدۇ )

قوچقار تەكە سەشىلدى ،
ساغلىق سۈرۈك قوشۇلدى .
سۈتلەر قامۇغ يۇشۇلدى ،
ئوغلاق قوزى يامراشۇر .
(ياز ئېيتتى : ياز كەلگەچكە قوچقار ، تېكىلەر ساغلىق ۋە ئۆشكىلەردىن ئايرىلدى ، ساغلىق پادىلىرى سېغىشقا توپلاندى ، يېلىنلىرىدىن كۆپلەپ سۈت ئاقتى ، قوزىلار ئانىلىرىغا قوشۇلدى ، قايتا سېغىلمىدى )

قىش يايغارۇ سوۋۇلەنۇر ،
ئەر ئات مەنىن ياۋرايۇر .
ئىگلەر يەمە ساۋرىيۇر ،
ئەت يەن تاقى بەك رىشۇر .

(قىش ئېيتتى : ئادەملەر بىلەن ئاتلارنىڭ مۇسكۇللىرى مەندە كۈچىيىدۇ ؛ كېسەللەر قىشتا ئازىيىدۇ ، ئادەملەرنىڭ ئەت — يېنى چىڭدىيىدۇ )

ياي قىش بىلە قارىشتى ،
ئەردەم ياسىن قۇرىشتى .
چەرك تۇتۇپ كۆرەشتى ،
ئوقتاغالى ئۆترۇشۇر .

(ياز قىش بىلەن قېرىشتى ، ئۇلار ھۈنەر ياسىنى قۇرۇپ ، بىر - بىرى بىلەن سەپ تارتىپ كۆرەش قىلدى ، بىر - بىرىنى ئوققا تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ )

..............

1 . «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى » ناملىق بۇ پارچىنىڭ ئەسلى تېكىستىنى تەرجىمىسىگە سېلىشتۇرۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە دىققەت قىلىڭلار .
2 . تېكىستتە قىش بىلەن ياز ئادەملەشتۇرۇلگەن . سىلەر ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ، ئەسلى تېكىستىنى پىششىق يادلىۋېلىڭلار .

# تېلى قوشىقى

چوغاينىڭ[1] تاغلىرى ئاستىدا ئاقار ،
تېلى[2] دەرياسى ئويناپ ، شاۋقۇنلاپ .
كۆك ئاسمان گوياكى بىر چېدىرسىمان ،
جىمىكى دالىنى تۇرىدۇ قاپلاپ .

شۇنچىلىك غۇبارسىز بىپايان ئاسمان ،
دالىلار كۆز يەتمەس ، كۆرۈنمەيدۇ قاش .
كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا - مال ،
شاماللار يەلپۈسە ، ئوتلار ئەگسە باش .

بۇنىڭدىن بىر مىڭ بەش يۈز يىللار ئىلگىرى ئىجاد قىلىنغان بۇ ئېسىل قوشاق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشىغان گۈزەل ئانا ماكانلىرىنى ئېسىمىزگە سېلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ھاياتىنى، مەردانە روھىنى، ھەمدە تەبىئەتنى، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئالىيجاناپ ھېسسىياتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

① چوغاي تېغى — ئىچكى موڭغۇلدىكى يىنشەن تېغىنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى .
② تېلى — تېلىلار خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ھەرخىل نامدا خاتىرىلەنگەن قەدىمىي خەلقنىڭ نامى . ئۇلار ئالىي دەسلەپ دىڭلىڭ ، كېيىن ئېگىز قاڭقىلىقلار دىڭلىڭلىرى ، كېيىنچە تېلىلار دەپ ئاتالغان . تېلىلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى .

# ئەقىدىنىڭ يىلتىزى

ئەخمەت ئىمىن[1]

مەن دادامغا خەت يازدىم :

«دادا ، مەن ئۆزۈمنى يوپۇرماق ھېسابلىسام ، سېنى گويا يىلتىز كۆرىمەن ، چۈنكى يىلتىزسىز يوپۇرماق بولمايدۇ .

مەن ئۆزۈمنى كېپىنەك كۆرسەم ، سېنى خۇددى گۈلزارغا ئوخشىتىمەن . چۈنكى كېپىنەك گۈلزارسىز كۆچ ـ مادار تاپالمايدۇ .

مەن ئۆزۈمنى قېيىق كۆرسەم ، سېنى بەئەينى دەريا ھېسابلايمەن . چۈنكى قېيىق دەرياسىز ھېچ مەنزىلگە بارالمايدۇ ......»

دادامدىن ماڭا جاۋاب خەت كەلدى :

«بالام ، سەن ئۆزۈڭنى يوپۇرماق ھېسابلىساڭ ، خەلقىڭنى يىلتىز ھېسابلىغىن ، چۈنكى شۇ يىلتىزسىز مەنمۇ شاخلىيالمايتتىم .

سەن ئۆزۈڭنى كېپىنەك كۆرسەڭ ، دىيارىڭنى گۈل ـ گۈلىستانغا ئوخشاتقىن ، چۈنكى شۇ گۈلىستانسىز مەنمۇ كۆچ ـ مادار تاپالمايتتىم .

سەن ئۆزۈڭنى قېيىق كۆرسەڭ ، ئەل قوينىنى بەئەينى دەريا بىل . چۈنكى شۇ دەرياسىز مەنمۇ ھېچ مەنزىلگە بارالمايتتىم ......»

مەن دادامنىڭ جاۋابىدىن ئەقىدىنىڭ يىلتىزىنى تاپقاندەك بولدۇم .

ئاپتور بۇ نەسردە ئەقىدىنىڭ يىلتىزى ھەققىدىكى قارشىنى ئۇدۇللا ئىپادىلىمەي، بەلكى ئۇنى تەبىئەتتىكى بىر قانچە تىپىك

---

[1] ئەخمەت ئىمىن — 1950 ـ يىلى تۇرۇمچىدە تۇغۇلغان . بۇگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن نەسرچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان . «قەلب ساداسى» . «باھار تىنىقى» ، «جۇلدۇر كىيىەن خوتۇننىڭ ساداسى» ناملىق نەسر توپلاملىرى بار .

شەيئى ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. سىلەر بۇ نەسرنى ئوقۇش جەريانىدا قانداق پىكرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئىگىلىۋېلىڭلار ھەمدە ئاپتورنىڭ پىكرىنى ئەپچىل-لىك بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

## يېزىقچىلىق

# مەنزىرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىش ۋە تەسۋىرلەش

شەيئىلەرنى تەسۋىرلىگەندە كۆزىتىش زۆرۈر . مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلىگەندە كۆزىتىش تېخىمۇ زۆرۈر . پەقەت ئىنچىكە كۆزەتكەندىلا ئاندىن مەنزىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايقىغىلى ، ئوبدان تەسۋىرلىگىلى بولىدۇ .

مەنزىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شەكىل ، رەڭ ، ئاۋاز ، پۇراق قاتارلىق تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ . كۆزەتكەندە كۆپ تەرەپتىن بايقاش ، ھېس قىلىش كېرەك . شۇندىلا ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق بىلگىلى ۋە ئىگىلىگىلى بولىدۇ . جۇ زىچىڭ كۆرۈش ، ئاڭلاش ، تېگىش ، پۇراش سېزىمى ئارقىلىق باھارنى تۇيغۇ ئارقىلىق ھېس قىلىپ باھار چېچىكى ، باھار شامىلى ، باھار يامغۇرى ، باھاردىكى ئوت - چۆپ قاتارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ ھاياتىي كۈچكە تولغان باھار مەنزىرىسىنى ئاجايىپ جانلىق ، تەسىرلىك تەسۋىرلىگەن . ئادەمگە گۈزەللىكنىڭ زوقىنى ئاتا قىلغان .

ئوخشاشمىغان ۋاقىت ، ئوخشاشمىغان جايدىكى مەنزىرە ئوخشاش بولمايدۇ . ئوخشاش مەنزىرە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن . كۆزەتكەندە ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە ئوخشىمىغان جايدىكى مەنزىرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم . بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە تۆت پەسلىنىڭ ئوخشىمىغان مەنزىرى-

...سىدىكى ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرى تەسۋىرلىنىدۇ . باھاردا شاپتۇل ، ئۆرۈك ، نەشپۈت چېچەكلىرى «قىزىلى چوغدەك ، ھالى شەپەقتەك ، ...اقلىرى بەئەينى قاردەك» بولىدۇ . ياز كېچىسى غۇر - غۇر سەلكىن ...امال يۈزىڭىزنى سۆيۈپ ئۆتىدۇ ، يىراقتىن لەرزان ئۇرما ناخشىسى ...اڭلىنىپ تۇرىدۇ ، قاراڭغۇ باغلاردىن ئۆرۈكنىڭ خۇش ھىدى كېلىپ ...ۇرىدۇ ، ئاسمان سانسىزلىغان يۇلتۇزلارغا تولۇپ كېتىدۇ . كەچكۈزدە ...ارغايغان غازاڭلار تۆكۈلۈشكە ، پەسىل قۇشلىرى قايتىشقا ، ئانىلار ...ۋاقلارغا پوسما تىكىشكە باشلايدۇ . قىشتا تاغ - داللار قاردىن ئاق ...ون يېپىنىدۇ ، دەل - دەرەخلەر گويا چېچەك پەسلىدىكىدەك گۈزەل ...ۈسكە كىرىدۇ . دېمەك ، يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى پەقەت ...ەنزىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىگەندىلا ، ئاندىن ئۆزگىچە ئەسەرلەرنى ...ازغىلى بولىدۇ .

1 . ئەتراپىڭىزدىكى مەنزىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ بىر پارچە كۆزى- ...تىش خاتىرىسى يېزىڭ . مەنزىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈڭ ۋە كونكرېت تەسۋىرلەڭ .

تۆۋەندىكى ماۋزۇلاردىن پايدىلىنىڭ :

(1) گۈللۈك

(2) ئايدىڭ كېچە

(3) يامغۇردا

(4) كۈزدىكى سەھەر

ئۆزىڭىز كۆزەتكەن مەنزىرىلەرگە ئاساسەن باشقا ماۋزۇلاردا يازسى- ...ڭىزمۇ بولىدۇ .

2 . «مەن» نىڭ كۆزى بىلەن «مەكتەپ ھويلىسىنى كۆزىتىش» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىڭلار . ئوچتىن بەشكىچە ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللىنىڭلار . ھەمدە مەكتەپ ھويلىسىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆزىتى- ...ڭلار . مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلىسەڭلارمۇ ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە مەنزىرە ياكى ئۆزۈڭلار قىزىققان مەنزىرىلەرنى يازساڭلارمۇ بولىدۇ . كۆزىتىش پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، ھەر-

بىر ئادەم بىردىن كۆزىتىش خاتىرىسى يازسۇن .

3 . دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق مەشقى : دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ، مەكتەپ سىرتىغا چىقىپ ، بىرەر كىچىك دەريا ، بىرەر ئېرىق ـ ئۆستەڭ ، بىرەر كىچىك تاغ ياكى بىرەر پارچە ئورمانلىقتەك جاينى تاللاپ ، دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بىر پارچە كۆزىتىش خاتىرىسى يېزىڭ .

## ئەسەر تۇزىتىش

ئەسەرنى قانداق تۈزىتىش كېرەك ؟ ئالدى بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا دىققەت قىلىش لازىم . ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى غۇۋا ، ئاساسلىق ماتېرىياللىرى ياخشى تاللانمىغان ، قاتلاملىرى ئېنىقسىز ، قۇرۇلمىسى چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالغان بولسا ، قايتا كۈچ سەرپ قىلىپ تۈزىتىش . ھەتتا قايتىدىن يازسىڭىزمۇ بولىدۇ . تۈزىتىش ئارقىلىق ئەسەر سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ماتېرىيال تاللاش ، ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسەرنىڭ تىلىغا دىققەت قىلىش كېرەك . ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش ، جۈملە تۈزۈش ، سۆز ئىشلىتىش ، تىنىش بەلگىلىرىنى جايىغا قويۇش جەھەتلەردە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە ئىنچىكە تۈزىتىش كېرەك . ئەسەر تۈزىتىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقىپ ، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم .

ئۆزىڭىز يېقىندا يازغان بىر پارچە ئەسەرنى تاللاپ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۇسۇللار بويىچە ئەستايىدىل تۈزىتىپ چىقىڭ . ئاندىن ساۋاقداشلار ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار . ئۆزئارا باھالىشىڭلار ، تەكلىپ بېرىشىڭلار .

**ئاغزاكى ئالاقه**

# سۆزنى قاراتمىلىققا ، جەلبكارلىققا ئىگە قىلىپ ، باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈش

شىئەن ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ، جۇئېنلەي جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىنى باشلاپ شىئەنگە يېتىپ كەلدى .
ئەينى چاغدا شەرقىي شىمال ئارمىيىسى ئىچىدە «جياڭ جيېشىنى
ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك» دېگەن قاراش ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى . بولۇپمۇ
تۆۋەن دەرىجىلىك ياش ئوفىتسېرلارنىڭ كەيپىياتى جىددىي بولۇپ ،
كومپارتىيىنىڭ «جياڭ جيېشىنى ئۆلتۈرمەسلىك لازىم» دېگەن تەشەب-
بۇسىنى ئانچە چۈشەنمەيتتى .

بىر كۈنى جۇ ئېنلەي شەرقىي شىمال ئوفىتسېرلار مەشىق پولكى-
نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەشكە كەلدى . بۇ پولكتى-
كى ياش ئوفىتسېرلارنىڭ جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتى
بەكمۇ يۇقىرى ئىدى . جۇ ئېنلەي كېلىشى بىلەن ئۇلار قاپاقلىرىنى
تۈرۈپ غەزەپ بىلەن «نېمىشقا جياڭ جيېشىنى ئۆلتۈرمىگىدەكمىز»
دېيىشىپ كەتتى . كۆپچىلىكنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن جۇ ئېنلەي
ئۈنلۈك ئاۋازدا «ئۆلتۈرۈش قانچىلىك تەس ئىش ئىدى ؟ بىر ئېغىز گەپ
بىلەن ئىش پۈتىدۇ» دېدى . كۆپچىلىك كۈتمىگەن بۇ گەپتىن ھاڭ ـ
تاڭ قالدى . جۇئېنلەي شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ تۇرۇپ :
كۆپچىلىك ، مۇشۇنداق بىر شارائىتتا ئۆلتۈرگەن ياخشىمۇ ياكى ساق
قويغانمۇ ؟ بىر جياڭ جيېشىنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە

بىر جىياڭ جىيېشى چىقىدۇ. ئۇنىمۇ ئۆلتۈرسەك يەنە بىرى چىقىدۇ. مەيلى قايسىسى چىقسۇن ياپونلار بىلەن ئۇچۇق - ئاشكارا تىل بىرىكتۈرۈپ شىئەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىچكى ئۇرۇش ئۈزۈلمەيدۇ. جۇڭگو مۇنقەرز بولىدۇ. ئۆلتۈرمىسەكچۇ؟ جىياڭ جىيېشى ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا، ئۇنى ياپونغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇرلىيالايمىز، دېدى.

بىر ياش ئوفىتسېرنىڭ «جىياڭ جىيېشى بىلەن سىلەر كومپارتىيە قارشىلىشىپ كېلىۋاتىسىلەر، نېمىشقا ھازىرقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆچ ئالمايسىلەر؟» دېگەن سوئالىغا جۇ ئېنلەي قىزىل ئارمىيىنىڭ كوماندىرلىرىدىن بىرى بولغان شۇ خەيدۇڭنىڭ ئائىلىسىدىكى 36 جاننىڭ 35 ى جىياڭ جىيېشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى مىسالغا ئېلىپ، «شۇ خەيدۇڭنىڭ قىساسى چوڭقۇر ئەمەسمىكەن؟ لېكىن ئۇمۇ ھازىر جىياڭ جىيېشىنى ئۆلتۈرمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇ كومپارتىيە ئەزاسى، كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دېدى.

بۇ گەپلەر ياش ئوفىتسېرلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. چاۋاك ئاۋازى ياڭراپ ئۇزۇنغىچە بېسىلمىدى. جۇ ئېنلەينىڭ نۇتقى نېمە ئۈچۈن شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىدى؟

ئۇ شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىكى ياش ئوفىتسېرلارنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش ئارزۇسىنى، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھالدا قاراتمىلىق بىلەن ئۇلارنى دۆلەت مەنپەئەتى ئالدىدا شەخسىي ئۆچ - ئاداۋەتنى قايرىپ قويۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلب تارىنى چەككەن ھەم قايىل قىلغان ئىدى.

1 . سىنىپ باشلىقى سايلاڭلار. سىز بەش مىنۇتلۇق نۇتۇق تەييارلاپ، ئۆزىڭىزنى سىنىپ باشلىقلىقىغا كۆرسىتىش نۇتۇقى سۆزلەڭ. سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سايلانغان سىنىپ باشلىقى ئۆز نۇتقىنىڭ نېمىشقا باشقىلارنىڭ قەلب تارىنى چەككەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى قىسقىچە تونۇشتۇرسۇن. باشقا ساۋاقداشلار ئۇنى نېمىشقا سايلىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشسۇن.

2 . سىنىپتا ھېكايە سۆزلەش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇڭلار ! ھەربىر ئادەم بىر پارچە ھېكايە سۆزلىسۇن ، قېنى كىمنىڭ ھېكايىسى ئەڭ جەلىبكار ، تەسىرلىك چىقىدىكىن .

بەشىنچى بۆلەك

# ئىلىم - پەنگە ئېتىبار بېرىش

ئەدەبىيات بىلەن ئىلىم - پەن باغلانغان بولىدۇ، ئىلىم - پەن بىلەن ئەدەبىيات بىر پىلەكتە چېچەكلىشى لازىم. تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىش جەريانىدا ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئىلىم — پەن ئۆگىنىش جەريانىدا تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىش لازىم. بۇ بۆلەكتە بېرىلگەن تېكىستلەردىن ئالىملارنىڭ ئىجادكارلىق بىلەن ئىزدەنگەن چاغدىكى يۈرەك رىتىمى ۋە ئاياغ تىۋىشىنى ھېس قىلالايسىز. ئۇلارنىڭ كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئىجادىيەت خىتابنامىلىرى، ئاجايىپ پىكىرلىرى ۋە سىرلىق خىياللىرىدىن لەززەتلىنەلەيسىز، ئۆزگىچە ھېسسىيات ۋە تەپسىلاتلاردىن بەھرە ئالالايسىز.



# 16 . قىيسىق مۇناردىكى تەجرىبە

ھىنرى توماس، داننا لى توماس

تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ياش ئوقۇغۇچىسى پىسا شەھىرىدىكى چېركاۋدا يۈكۈنۈپ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى . زەنجىرنىڭ شىرىقلىغان ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، زالنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى .

چېركاۋ خىزمەتچىسى ھېلىلا ماي قاچىلاپ چېركاۋنىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويغان چىراغ بوشلۇقتا تەۋرىنىپ تۇراتتى . تەۋرىنىۋاتقان چىراغنىڭ زەنجىرىدىن چىققان ئاۋاز بۇ ئوقۇغۇچىنى چۆچۈتۈۋەتتى ۋە ئۇنىڭدا بىر قاتار خىياللارنى پەيدا قىلدى .

ئۇ تۇساتتىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى تىلاۋەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى . تەۋرىنىۋاتقان چىراغنىڭ رىتىمىدە ئۇ چاقنىغان نۇرنىڭ تۈيۈقسىز زەربىسىگە ئۇچرىغاندەك بولدى . ئۇنىڭغا زەنجىرنىڭ رىتىمى قانۇنىيەتلىكتەك ، گەرچە تەۋرىنىش ئارىلىقى بارغانسېرى قىسقىراپ بېرىۋاتسىمۇ ، چىكىلداپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرغان چىراغنىڭ ھەر قېتىملىق ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈش ۋاقتى ئوخشاشتەك بىلىندى .

ئۇنىڭ تۇيغۇسى توغرىمىدۇ؟ ئەگەر توغرا بولىدىغان بولسا بىر مۆجىزىنى بايقىغان بولىدۇ . ئۇ دەرھال ئۆيىگە بېرىپ ، زادى كۆزىنىڭ خىرەلىشىپ قالغانلىقىنى ياكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۇلۇغ ھەقىقەتنى بايقىغانلىقىنى دەرھال ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولدى .

ئۆيىگە بېرىپ ، ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى تال تانىنى تېپىپ ، ھەربىرىگە ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى قوغۇشۇننى باغلاپ ، ئۆيدىكى ئوخشى-

مىغان لىمىلارغا ئېسىپ قويۇپ ، تەجرىبىسىنى ئىشلەشكە تەييارلاندى . پەدەرى[1] مۇجىكا تىداننى بۇ تەجرىبىنى ئىشلەشكە ياردەم قىلىشقا تەكلىپ قىلدى .

— مەن ماۋۇ تانىنىڭ تەۋرىنىش قېتىم سانىنى سانايمەن . سىز ئاۋۇنىڭ قېتىم سانىنى ساناڭ .

بوۋاي دولىسىنى قىسىپ قويدى .

— يەنە گالىلېي[2] نىڭ ساراڭلارچە خىيالى ، — دەپ غودۇڭشىغان بولسىمۇ ، لېكىن ياردەملىشىشكە رازى بولدى .

گالىلېي ئىككى قوغۇشۇن پارچىسىنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ بىرىد- نى تانىنىڭ سىزىقىدىن تۆت غېرىچ يىراقلىقتا ، يەنە بىرىنى ئىككى غېرىچ يىراقلىقتا تارتىپ تۇرۇپ تەڭ قويىۋەتتى . ئىككەيلەن تانىلارنىڭ ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتكەن قېتىم سانىنى ساندى . ئاندىن كېيىن سانلارنى سېلىشتۇردى . ئومۇمىي سان ئوخشاش بولۇپ ، ھەربىرى 100 قېتىمدىن ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتكەنىدى . ئىككى تانىنىڭ قوزغالغان ئورنى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، لېكىن ئوخشاش ۋاقىتتا ئوخشاش نۇقتىغا يەتتى .

شۇنداق قىلىپ چېركاۋدىكى چىراغنىڭ تەۋرىنىشىدىن گالىلېي تەبىئەتنىڭ رىتىم پرىنسىپىنى بايقىدى . بۇ پرىنسىپ بۈگۈنكى كۈندە سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ۋاقىتنى كۆرسىتىشى ، تومۇرنىڭ سوقۇشىنى ساناش ، كۈننىڭ تۇتۇلۇشىنى ھېسابلاش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىنى مۆلچەرلەش قاتارلىق جەھەتلەردە تەدبىق قىلىنىدى .

گالىلېي تىنماي تەجرىبە قىلاتتى . ھەتتا كىچىك چاغلىرىدىمۇ ئا- سانلىقچە نوپۇزغا ئىشىنىپ كەتمەيتتى . ھەربىر شەيئىنى ئۆزىنىڭ سەز- گۈسى ۋە تەپەككۇرىنىڭ كۆزىتىشى ئاستىغا قوياتتى . ئۇ مۇزىكانتنىڭ ئوغلى بولسىمۇ ، لېكىن كىچىكىدىن «بوشلۇقتىكى مۇزىكا» غا قىزىقات- تى . گالىلېينىڭ دادىسى گالىلېي توغرىسىدا گەپ قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ : ئۇ كۆڭلى بىر يەردە تۇرمايدىغان كىچىك ئاسترونوم بولۇپ ،

① (1) پەدەر — مۇتەۋەر ، ئۇلۇغ ، يېتەكچى كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى خىرىستىئان دىنىدا چوقۇندۇرۇلغۇچىنى ھامىيلىقىغا ئالغۇچى كىشىنى كۆرسىتىدۇ ؛ (2) ئاتا ، دادا .

② گالىلېي — (1564—1642) ئىتالىيىلىك فىزىك ، ئاسترونوم .

ئۇنىڭ كۆزى غەلىتە ھادىسىلەرنى كۆرىدۇ. قۇلىقى غەيرىي ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ.

مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى لاتىنچىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى ياكى ئىتاليانچىدىكى پېئىلنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، كىچىك گالىلېينىڭ كۆڭلى دادىسى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاپ ئېلىپ بەرگەن كىچىك شارغا ئەگىشىپ ئاللىقاياقلارغا كېتىپ قالاتتى. ئوينىغاندا گالىلېي ھەرخىل شەكىلدىكى پىل ھارۋىلىرى، كېمە، چاقپەلەكتەك ئۇششاق ئويۇنچۇقلارنى ياسايتتى. مانا بۇلار ئۇنىڭ ھەر كۈنى پىيادە كېتىۋاتقاندا ئىنتايىن چېچەن سەزگۈلىرى كۆزەتكەن ھەرخىل نەرسىلەر ئىدى.

ئەسلى گالىلېينىڭ دادىسى گالىلېينى كىيىم - كېچەك سودىگىرى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. لېكىن گالىلېي ئىلىم - پەن بىلەن ئۆمۈر بويى شۇغۇللىنىش نىيىتىگە كەلگەن. ئىلىم - پەنگە ئېتىبار بېرىلمەيدىغان ئاشۇ يىللاردا بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئۆمۈرۋايەت نامرات ۋە نامسىز ئۆتۈپ كېتىشتىن دېرەك بېرەتتى. ئاخىر ئاتا - بالا مۇرەسسە قىلىپ، گالىلېي پىسا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېدىتسىنا كەسپىگە ئوقۇشقا كىردى.

ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا باشقىلارغا تۇيدۇرماي، پۈتۈن زېھنى بىلەن ماتېماتىكىغا كىرىشىپ كەتتى. ھېپوگرات[1] ۋە گالېن[2]نىڭ مېدىتسىنا دەرسلىكلىرى ئاستىدا ئېۋكىلىد[3] ۋە ئارخىمىد[4]لارنىڭ ئەسەرلىرى تۇراتتى. بىكار بولۇپ قالغاندا ئۆزى ياسىۋالغان ئەسۋابلار بىلەن سىناق ئىشلەيتتى.

ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىدىن ۋە تەجرىبە پائالىيەتلىرىدىن ناھايىتى تېز خەۋەر تاپتى.

ئۇلار ئۇنى قوللىمىدى. ئۇلار بىردەك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشى كەمكۈتىسىز بىدئەتلىك، دەپ قارىدى. ئوقۇتقۇچىلار

---

① ھېپوگرات — (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 460 — 377 - يىللار) قەدىمكى گرېك دوختۇرى.
② گالېن — (مىلادىيە 129 — 200 - يىللار) قەدىمكى رىم دوختۇرى، ئالىم ۋە پەيلاسوپ.
③ ئېۋكىلىد — (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 330 — 275 - يىللار) قەدىمكى گرېك ماتېماتىكى.
④ ئارخىمىد — (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 287 — 212 - يىللار) قەدىمكى گرېك ئالىمى.

مۇنداق دەپ جاكارلىدى : ئىلىم ـ پەندىكى ھەممە مەسىلىلەر ئاخىرقى
ھېسابتا ئارستوتېل[1] تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ھەل قىلىنىپ بولغان . ھەر
قانداق چاغدا بىرەر ئوقۇغۇچى ئەقىدىلەشتۈرۈلگەن بىرەر سۆزگە باشقىچە
پىكىر دە بولىدىكەن ، ئوقۇتقۇچى ئارستوتېلنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنى نە-
قىل كەلتۈرۈپ تالاش ـ تارتىشنى ئاخىرلاشتۇرسا بولىدۇ ؛ ئۇستاز
يولىيورۇق بېرىپ بولغان ، شۇنىڭ بىلەن «ۋەسسالام ، دېمەككە» بولى-
دۇ ، گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمايدۇ . لېكىن ياش گالىلېي ئوقۇتقۇچى-
لىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۆزىتىشى بىلەن تەكشۈرۈپ
بېقىشقا قەيسەرلىك بىلەن جۈرئەت قىلدى . مەكتەپنىڭ نامى ئۈچۈن ،
ئۇنىڭ روھىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ، بۇنداق غالجىرانە ھەرىكەتنى
چەكلەش كېرەك . لېكىن گالىلېي پەرۋا قىلمىدى . ئۇ «ماتېماتىكا
ئىلمى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تىلى» ئىكەنلىكىنى بايقىدى . بۇ تىلنى
ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىش نىيىتىگە كەلدى .
گالىلېينىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىڭغا دوختۇرلۇق دېپلومى بېرىشنى
رەت قىلدى . شۇڭا ئۇ پىسا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلدى . شۇنىڭ بىلەن
ئۇ ھەممەيلەنگە تونۇش مېدىتسىنا ئوقۇپ مەغلۇپ بولغان ئادەم ، «ئەس-
قاتمايدىغان ماتېماتىكا بىلەن ھەپىلىشىدىغان روھىي كېسەل» گە ئايلان-
دى . لېكىن ئۇ ھەپىلەشكەن ماتېماتىكا ماھارىتى ئىتالىيىدىكى مەشھۇر
ماتېماتىكلار ئارىسىدا كاتتا ئېتىراپقا ئىگە بولدى . گالىلېي ئۆزىنىڭ
بەزى ئىلمىي قاراشلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگەندە ، ئۇلار ئۇنىڭغا
«زامانىمىزنىڭ ئارستوتېلى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى .
پىسا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئورنى بوش
قالغاندا ، گالىلېي مۇشۇ ئورۇنغا ئىگە بولدى . سەۋەب باشقىلار بۇ
ئورۇننى خالىمىدى . چۈنكى ، يىللىق ئىش ھەققى ئاران 60 سكوت (65
ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ ) ئىدى .
دەرس ئۆتكەندىن باشقا چاغلاردا گالىلېي تەجرىبە بىلەن بەنت بول-
دى . ئۇ : مەقسىتىم ئارستوتېلنىڭ تەلىماتىنى ئىنجىلدىكى ھەقىقەت

[1] ئارستوتېل — (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 384 — 322 ـ يىللار ) قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى ،
ئالىم .

سوپىتىدە قوبۇل قىلماي ، بەلكى ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەنگە دائىر تەلىماتىنى قايتىدىن تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ، دەيتتى . ئۇ ھەقىقەتنىڭ يولى ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىنى يادلاشقا تايىنىشتا ئەمەس ، بەلكى «تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر كىتاب» نى ئۆگىنىشتە ئىكەنلىكىنى بايقىدى .

ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغاندا ، ئۇنى تەپ تارتماي زاڭلىق قىلدى . بەزى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنى رەسۋا تىللار بىلەن تىللىدى . ئۆزىنى چاغلىمايدىغان بۇ سولتەك نېمە قىلماقچىكەن ، ئۇ قاپ يۈرەكلىك قىلىپ ئارستوتېلنىڭ دەستۇرلىرىنى كىتاب ئىشكابىدىن ئېلىۋېتىپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا تانا ، قەلەي پارچىلىرى ، پىشاڭ ، چەمبەر ، كۆپ بۇلۇڭلۇق ، تەكشى يۈزلۈكتەك مۇشۇنداق كۆلكىلىك بىرنېمىلەرنى تىزىپ قويۇپتۇ . شۇنداق ئەمەسمۇ ، بۇلار بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىغۇ ! ئۇلارنى ئالەمنىڭ سىرىنى جىددىي تەتقىق قىلىشنىڭ قورالى قىلىشقا بولمايدۇ .

— بۇنداق بىشەملىكنى چەكلەش كېرەك ، — دېدى ئۇلار تەھدىت سېلىپ ، — ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ ، ئۇنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان قىلىپ قويىمىز .

گالىلېي تەجرىبىنى توختىتىشنى رەت قىلدى ، شۇڭا ئۇلار تەھدىتىنى ئەمەلدە كۆرسەتمەكچى بولدى . ئارستوتېل تەلىماتىنىڭ ئەكسىچە ، گالىلېي ئەگەر ئوخشىمىغان ئېغىرلىقتىكى ئىككى جىسىم ئوخشاش ئېگىزلىكتىن يەرگە قويۇپ بېرىلسە ، ئىككىسى يەرگە تەڭ چۈشىدۇ ، دەپ قارىدى . ئوقۇتقۇچىلار بۇنى پۈتۈنلەي جۆيلىگەنلىك ، دەپ تىللىدى .

— بىر تال پەي بىلەن بىر تال زەمبىرەك ئوقىنىڭ بوشلۇقتىن ئوخشاش سۈرئەتتە چۈشىدىغانلىقىغا ساراڭدىن باشقا ، ھېچكىم چىنپۈتمەيدۇ . ئەمدى گالىلېينىڭ ئەخمەقلىقىنى پاش قىلىپ ئۇنى مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىدىغان پەيت كەلدى ، دېيىشتى . ئۇلار گالىلېينى مەكتەپتىكى ھەممە ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا رەسۋا قىلىپ ، ئۇنىڭ ئەخمىقانە تەلىماتىنى نەق مەيداندا ئېچىۋەتمەكچى بولدى .

گالىلېي بۇ خىرىسنى قوبۇل قىلدى. پىسا قىيسىق مۇنارى[①] بۇ قېتىمقى «ئويۇن كۆرسىتىش» ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى. ئوقۇتقۇچىلار سۆسۈن تىۋىتلىك تونلىرىنى كىيىپ، سەپ بولۇپ مۇنارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئوقۇغۇچىلار ۋە بازاردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى. كۆپچىلىك ۋاڭ — چۇڭ قىلىشىپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار گالىلېينىڭ رەسۋا بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كىشىلىك پەزىلىتىگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە تەييارلاندى.

گالىلېي قىيسىق مۇنارغا چىقىۋاتقاندا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئىسقىرتتى. ئۇ بىر قولىغا ئون قاداق كېلىدىغان، يەنە بىر قولىغا بىر قاداق كېلىدىغان قوغۇشۇن شاركىچىنى ئېلىۋالغانىدى. ۋاقىت توشقاندا گالىلېي ئىككى قوغۇشۇن شاركىچىنى مۇنار ئۈستىدىن بىرلا ۋاقىتتا پەسكە تاشلىدى، كىشىلەر ئاۋۋال زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتى. ئاندىن كېيىن ھەيران قېلىپ پىچىرلاشتى. ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئىش يۈز بەرگەنىدى! ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان ئىككى قوغۇشۇن شار مۇنارنىڭ ئۈستىدىن تەڭ تاشلىنىپ، بوشلۇقنى تەڭ كېسىپ، يەرگە تەڭ چۈشتى.

گالىلېينىڭ تەجرىبىسى ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلىدى.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستتە يېزىلغان ئىككى بايقاش، ئەمەلىيەتتە بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت. گالىلېينىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ئوخشاش بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىشقا دائىر باشقا بىر نەچچە تەجرىبە مىسالىنى تېپىپ چىقالامسىز؟ ھەممە ئۇنى مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلەمسىز؟

2. تۆۋەندىكى بىر نەچچە جۈملە سۆزنى گالىلېيغا بېرىلگەن «باھا» دېيىشكە بولىدۇ. بۇ باھالاردا گالىلېينىڭ قانداق روھى ماختالغان؟ تېكىستنى يەنە بىر ئوقۇپ

① پىسا قىيسىق مۇنارى ئىتالىيىنىڭ پىسا شەھىرىدىكى مەشھۇر قۇرۇلۇش بولۇپ، ئاق مەرمەر تاش بىلەن قوپۇرۇلغان. سىرتقى كۆرۈنۈشى يۇمىلاق تۈۋرۈكسىمان سائەت مۇنارى بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 55 مېتىر كېلىدۇ. 1174 ـ يىلى ياساش باشلىنىپ، 1350 ـ يىلى پۈتكۈزۈلگەن. ئۇلىغا ئىشلىگەندە ئېھتىيات قىلىنمىغانلىقتىن، مۇنار قىيسىيىپ قالغان.

چىقىپ، سىزمۇ بىر نەچچە جۈملە سۆز يېزىپ، گالىلېيغا باھا بېرىپ بېقىڭ.

1) گالىلېي تىنماي تەجرىبە قىلاتتى. ھەتتا كىچىك چاغلىرىدىمۇ ئاسانلىقچە نوپۇزغا ئىشىنىپ كەتمەيتتى.

2) گالىلېي ئىلىم ــ پەن بىلەن ئۆمۈر بويى شۇغۇللىنىش نىيىتىگە كەلگەن. ئىلىم ــ پەنگە ئېتىبار بېرىلمەيدىغان ئاشۇ يىللاردا بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئۆمۈرۋايەت نامرات ۋە نامسىز ئۆتۈپ كېتىشتىن دېرەك بېرەتتى.

3) ئۇ ھەقىقەتنىڭ يولى ئارستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىنى يادلاشقا تايىنىشتا ئەمەس، بەلكى «تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر كىتاب» نى ئۆگىنىشتە ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

3. تېكىستكە «قىيسىق مۇناردىكى تەجرىبە» دېگەن ماۋزۇ قويۇلغان. بەزىلەر «ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىش يولى»، «تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر كىتابنى ئۆگىنىش»، دېگەندەك ئىككى ماۋزۇنى ئويلاشقان. سىزنىڭچە قايسى ماۋزۇ ياخشى، نېمە ئۈچۈن؟ ساۋاقداشلار بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ باقسىڭىز بولىدۇ.

4. تېكىستنىڭ ئاخىرقى تۆت ئابزاسىنى يادلىۋېلىڭ.

# 17 . شەيئىنىڭ توغرا جاۋابى بىرلا ئەمەس

روگافى ئىنگن

مەسىلە

تۆۋەندىكى تۆت شەكىل ئىچىدىن خوسۇسىيىتى قالغان ئۈچ شەكىلگە ئوخشىمايدىغان بىر شەكىلنى تېپىپ چىقىڭ .




يۇقىرىدىكى بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاب بېرىسىز ؟ ئەگەر B نى تاللىسىڭىز ، توغرا جاۋاب بەرگەن بولىسىز . چۈنكى B تۈز سىزىقتىن هاسىل بولغان بىردىنبىر شەكىل . دەرۋەقە ، يەنە بەزىلەر C شەكىلنى تاللىشى مۇمكىن . چۈنكى سىممېترىك بولمىغان شەكىلدىن پەقەت C لا بار . شۇڭا باشقا شەيئىلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ ، دەپ قارىلىدۇ . راست شۇنداق ، بۇمۇ توغرا جاۋاب . جاۋاب A مۇ بولىدۇ . چۈنكى A شەكىلنىڭ بۇلۇڭى يوق . شۇڭا A مۇ توغرا جاۋاب بولىدۇ . ئەمىسە D قانداق بولىدۇ؟ بۇ تۈز سىزىق ۋە ئەگرى سىزىقتىن هاسىل بولغان شەكىل . شۇڭا D مۇ توغرا جاۋاب هېسابلىنىدۇ . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، شەكىلگە قاراش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغاچقا ، تۆت جاۋابنىڭ هەممىسى توغرا بولىدۇ .

«توغرا جاۋاب بىر بولىدۇ» دەيدىغان بۇنداق تەپەككۇر ئەندىزىسى ئۆزىمىز بىلىپ ـ بىلمەي كاللىمىزدا تىرەن يىلتىز تارتىپ كەتتى .

ئەمەلىيەتتە ، ئەگەر ماتېماتىكا مەسىلىسى بولغاندا ئىدى ، توغرا جاۋابىنىڭ بىر بولۇشى توغرا بولاتتى . چاتاق يېرى شۇكى ، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن شەيئىلەر مەلۇم ماتېماتىكا مەسىلىسىدەك بولمايدۇ . تۇرمۇشتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىر خىل ئۇسۇل بىلەن چەكلەنمەيدۇ . بەلكى كۆپ خىل بولىدۇ . ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن ، بۇرۇن ئۈنۈملۈك بولۇۋاتقان ئۇسۇل ئەمدى ئەسقاتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ . دەل شۇنداق بولغاچقا ، ئەگەر توغرا جاۋاب بىر بولىدۇ ، دەپ قارىسىڭىز ، مەلۇم جاۋابنى تاپقاندىن كېيىن ئالغا باسماي توختاپ قالىسىز . شۇڭا بىر جاۋاب بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىق ، ئىزدىنىشتىن ۋاز كەچمەسلىك لازىم . بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم .

يەنىلا ئىككىنچى خىل جاۋاب ياكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ باشقا يوللىرى ۋە يېڭى ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۈچۈن ، ئىجادىي تەپەككۇرغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ . ئەمما ئىجادىي تەپەككۇردا قانداق زۆرۈر ئامىللار بولىدۇ ؟

بەزىلەر بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن : «ئىجادچانلىققا باي ئادەم ھامان ھارماي ـ تالماي بىلىم ئېلىپ ، بىلىمنى ئاشۇرىدۇ . قەدىمكى زامان تارىخىدىن ھازىرقى زامان تېخنىكىسىغىچە ، ماتېماتىكىدىن تارتىپ گۈلدەستە تىزىشقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ھەرخىل بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىمىگەندە ، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، بۇ بىلىملەرنى ھەر ۋاقىت گۇرۇپپىلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭدىن يېڭى ئىجادىي پىكىرلەرنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ . بۇنداق ئەھۋال ئالتە مىنۇتتىن كېيىن ، ئالتە ئايدىن كېيىن ، ئالتە يىلدىن كېيىن پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن . لېكىن شۇ ئىشقا قاتناشقۇچىلار ئۇنىڭ چوقۇم پەيدا بولۇشىغا قەتئىي ئىشىنىشى كېرەك . »

بۇنى تامامەن قوللايمەن . بىلىم — يېڭى ئىجادىي پىكىرنى شەكىللەندۈرىدىغان دەسلەپكى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ . لېكىن بۇ ، يالغۇز بىلىمگە تايانغاندىلا ئىجادىيلىققا ئىگە بولغىلى بولىدۇ ، دېگەنلىك ئەمەس . ئىجادىي كۈچنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئاچقۇچى بىلىمنى قانداق تەدبىق قىلىشتا . ئىجادىي تەپەككۇر يېڭى شەيئىلەر ئۈستىدە

ئىزدىنىش كېرەك ، ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن بىلىمنى جانلىق ئىشلىتىدىغان پوزىتسىيە ۋە ئاڭغا ئىگە بولۇش ، مۇشۇ ئاساستا ، ھەر خىل سىناقلارنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك .

بۇ جەھەتتە جونسۇن گودىنبېرك[①] ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىل ھېسابلىنىدۇ . ئەسلى بىر - بىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىككى ماشىنىنى — ئۈزۈم سىقىش ماشىنىسى بىلەن مېتال پۇل چىقىرىش ماشىنىنى بىرلەشتۈرۈپ ، يېڭى شەكىلنى ياراتتى . چۈنكى ئۈزۈم سىقىش ماشىنىسى بىلەن ئۈزۈمنىڭ شىرنىسى سىقىپ چىقىرىلغاچقا ، بۇ ماشىنا كەڭ دائىرىدە تەكشى كۈچىيەلەيتتى . مېتال پۇل چىقىرىش ماشىنىسى بولسا ، مېتال پۇلنىڭكىدەك كىچىك دائىرىگە گۈل بېسىپ چىقىرالايتتى . بىر كۈنى گودىنبېرك چاقچاق ئارىلاش ئۆز - ئۆزىگە : «مېتال پۇل چىقىرىش ماشىنىسىدىن بىر نەچچىسىگە ئۈزۈم سىقىش ماشىنىسىنىڭ بېسىم كۈچىنى قوشقاندا ، قەغەزگە گۈل بېسىپ چىقارغىلى بولماسمۇ ؟ » دەپ شىۋىرلىدى . مۇشۇ گۈرۈپپىلاشتىن باسما ماشىنىسى ۋە نابور تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى .

روۋلاند بۇشنېل[②] يەنە بىر مىسال بولالايدۇ . 1971 - يىلىدىكى بىر كۈنى روۋلاند بوشنېل تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ : «بۇنى كۆردۈرسە مەززىسى بولمايدىكەن . تېلېۋىزور قوبۇل قىلغۇچ تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىنسا ئۇنىڭدىن قانداق ئىنكاس پەيدا بولار ؟» دەپ ئويلاپتۇ . دە ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى ئېلىشىپ ئوينايدىغان ئېلېكترونلۇق تىكتاك توپ ئويۇنىنى كەشىپ قىلىدۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئىنقىلابى بارلىققا كەلدى .

بۇنداق ئىجادىي تەپەككۇرنى ھەرقانداق ئادەم ھازىرلىيالامدۇ ؟ ئادەملەردە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ كۈچلۈك ياكى كەملىك پەرقى بولامدۇ ؟

مەلۇم پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسى ئەمەلىيەتتە ئىجادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەملەر بىلەن مۇنداق خىز-

---

① جونسون گودىنبېرك — (1400 — 1468) گېرمانىيىلىك كەشپىياتچى
② روۋلاند بوشنېل — ئامېرىكىلىق سودىگەر بولۇپ ، 1942 - يىلى تۇغۇلغان .

مەتلەر بىلەن شۇغۇللانمايدىغان كىشىلەرنى ئۇبيېكت قىلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق يەكۈنگە ئىگە بولغان : «ئىجادىي قابىلىيەتكە باي ئادەم ئۆزىنى ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە ، دەپ ھېسابلايدۇ ؛ ئىجادىي قابىلىيىتى كەم ئادەم ئۆزىنى ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە ، دەپ قارىمايدۇ » .

«مەندە ئىجادىي قابىلىيەت يوق » دەپ قارىغان ئادەملەر ئىچىدىكى بەزىلىرى ئىجادىيەت قابىلىيىتى بېتخوۋېن[1] ، ئېينىشتېين[2] ، شېكىسپىر[3] لەرگىلا مەنسۇپ دەپ ھېس قىلىپ ، ئۆزىنى بولسا كەمسىتكەن ، ئەلۋەتتە ، ئىجادىيەت ئالىمىدە بېتخوۋېن ، ئېينىشتېين ۋە شېكىسپىرلار چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردۇر . ۋاھالەنكى ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئۇلارمۇ بۇنداق ئاجايىپ ئىلھامغا ئاسان ئىگە بولغان ئەمەس . ئەكسىچە ، بۇنداق ئاجايىپ ئىلھام كۆپ ھاللاردا مۇنداق جەرياندا بارلىققا كېلىدۇ : ئىنتايىن ئادەتتىكى ، ھەتتا غىل - پال ئۆتۈپ كەتكەن خىيالغا ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە ئۇنى تەكرار مۇلاھىزە قىلىپ ، تەدرىجىي تولۇقلاش .

دېمەك ، بىر ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىنى ئايرىشتىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى شۇكى ، ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە ئادەم ئۆزىنىڭ كىچىككىنە خىياللىرىغىمۇ ئېتىبارسىز قارىمايدۇ . ئۇلار ئۇنىڭدىن كەلگۈسىدە قانداق نەتىجە پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارغا ناھايىتى ئېنىقكى ، كىچىك ئىجادىي ئىستەك چوڭ بۆسۈش ئېغىزىنى ئېچىۋېتەلەيدۇ ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇنى چوقۇم رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ .

ھەر قانداق ئادەم ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە بولىدۇ . ئالدى بىلەن بۇ نۇقتىغا ئىشىنىش كېرەك . ئاچقۇچ شۇ يەردىكى ، ھەمىشە قىزىقىشنى ساقلاپ ، ئۈزلۈكسىز بىلىم توپلاش ؛ بىر جاۋاب بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي ، يېڭى ئوي - پىكىر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، ئىگە بولغان بىلىملەر-

---

[1] بېتخوۋېن — (1770 — 1827 ) گېرمانىيىلىك كومپوزىتور بولۇپ ، ئۇنىڭ «قەھرىمان» ، «تەقدىر » ، «دالا » قاتارلىق سىمفونىيىلىك مۇزىكىلىرى ، «ئاي نۇرى » ، «قىزغىنلىق » ، «سۇبھى » قاتارلىق پىئانىنودا ئورۇندىلىدىغان سوناتالىرى بار .

[2] ئېينىشتېين — (1879 — 1955 ) فىزىك . گېرمانىيىدە تۇغۇلغان . فىزىكىنىڭ كۆپ ساھەلىرىدە ناھايىتى چوڭ تۆھپە قوشقان .

[3] شېكىسپىر — (1564 — 1616 ) ئەنگلىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى مەشھۇر دراماتورگى ۋە شائىرى .

نى تەدبىقلاش ؛ كىچىككىنە ئىلھام پەيدا بولغاندا ، ئۇنىڭ قىممىتىگە ئىشىنىش ، ھەمدە ئۇنى بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇش لازىم . ئەگەر مۇشۇ- لارنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسىڭىز ، چوقۇم ئىجادچانلىققا ئىگە ئادەم بولالاي- سىز .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. ئادەتتە مەسىلە مۇھاكىمە قىلغاندا، مەشىق قىلغاندا بىردىنبىر توغرا جاۋابنى تېپىشنى ئۈمىد قىلىمىز. تېكىستتە «شەيئىنىڭ توغرا جاۋابى بىرلا ئەمەس» لىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن قانداق ئىلھام ئالدىڭىز؟

2. بەزىلەر «ئىجادىيەت قابىلىيىتى پەقەت بىتخوۋىن، ئېينىشتېيىن، شېكىس- پىرلەرگىلا مەنسۇپ» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. توغرىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

3. بىر توپ باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى بىر پارچە بوش يەردە توپ تېپىپ ئويناۋاتاتتى. بىر بالا ئېھتىياتسىزلىق بىلەن تەپكەن توپ بىر ئۆينىڭ دېرىزە ئەينىكىنى چېقىۋەتتى. بۇ بالا ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ، ئۆيدىكىلەردىن «دېرىزە ئەينىكى قانچە پۇل؟» دەپ سورىدى. كىشىلەر بۇ ئىشقا ھەر خىل قاراشتا بولدى. يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق ئۈچ خىل قارىدى:

1) بالا قېچىپ كەتمىگەن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆيگە كىرىپ ئەينەكنى تۆلەپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى تەقدىرلەش كېرەك؛ ئۇنىڭ ئەپۇ سورىمىغانلىقى ئەيىپ سانالمىسىمۇ بولىدۇ.

2) تۆلەپ بېرىش خاتالىقنى تونۇش، ئەپۇ سوراشنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنى- دۇ.

3) ئالدى بىلەن ئەپۇ سوراش، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆلەپ بېرىش لازىم.

سىز قايسىسىنى قوللايسىز؟ شەيئىلەرنىڭ جاۋابى خىلمۇ خىل بولىدۇ. ھەر كىم ئۆزىنىڭ قارىشىنى ۋە ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. باشقا قاراشلار بولسا ئوتتۇرىغا قويۇلسىمۇ بولىدۇ.

# 18 . تۇرپان كارىزلىرى

## ۋەلى كېرىم كۆكئالپ[①]

ئەگەر سىز تۇرپاننىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ باققان بولسىڭىز ، سۈيى سۈزۈك ھەم تاتلىق ، كېچە - كۈندۈز ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان ، چوڭقۇر سۇلۇق قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيىنى يەر يۈزى يانتۇلىقىدىن پايدىلىنىپ ، يەر ئاستى ئېرىقلىرى ئارقىلىق يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقىدىغان ئۇلۇغ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى — كارىزنى كۆرمەي قالمايسىز . كارىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە ، پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىدۇر . ئۇ سەددىچىن سېپىلى ، بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى بىلەن قوشۇلۇپ جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ قەدىمكى قۇرۇلۇشنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

«كارىز» ساپ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ بولۇپ ، «كولانغان جاي ، قۇدۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . كارىزنى ئەجدادلىرىمىز ئىقلىمى قۇرغاق ، چوڭراق دەريا - ئېقىنلىرى يوق ، يەر ئۈستى سۈيى ئىنتايىن كەمچىل تۇرپان رايونىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇزاق مەزگىللىك تورمۇش ئەمەلىيىتىدە قايتا - قايتا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ ئىجاد قىلغان ۋە بۈگۈنكىدەك مۇكەممەل ھالغا كەلتۈرگەن .

تۇرپان ئويمانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن ئۈچ - تۆت مىڭ مېتىر ئېگىز تەڭرىتاغ تىزمىسى بۇ ئويمانلىقنى شەرق ، شىمال ۋە غەرب تەرەپلەردىن

① ۋەلى كېرىم كۆكئالپ — 1971 - يىلى پىچان ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . كۆزگە كۆرۈنگەن مۇخبىر ۋە يازغۇچى . «پاكلىق مۇنارى» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ ئاپتورى . ئۇنىڭ يەنە «ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىلىرى» ناملىق تەتقىقات كىتابى نەشر قىلىنغان .

يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئوراپ تۇرىدۇ، جەنۇب تەرىپىنى دېڭىز يۈزىدىن 600 — 1800 مېتىر ئېگىز بولغان قۇرۇقتاغ ۋە ئارغۇبۇلاق تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان ئىدىقۇت تېغى ئويمانلىقنى جەنۇب ۋە شىمالغا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئويمانلىقنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورۇلۇپ گويا قازانغىلا ئوخشاپ قالغاچقا، كۈندۈزى ئىسسىق هاۋا ئەتراپقا تېز تارقىلالماي، بەكلا ئىسسىپ كېتىدۇ. مانا شۇنىڭ نەتىجىسىدە تۇرپان جۇڭگو بويىچە ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. تۇرپاندا هۆل - يېغىن ئىنتايىن ئاز، ئەكسىچە، هاۋا قاتتىق ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولغاچقا، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۆپ بولىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقى شىمالدىكى تەڭرىتاغنىڭ باغرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئېرىگەن قار سۇلىرى تېزلا يەر ئاستىغا سىڭىپ تۇرپاننىڭ يەر ئاستى سۈيىنى ئاجايىپ موللاشتۇرغان. ئەجدادلىرىمىز تۇرپاننىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىچە كىلىماتى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ مول بولۇشى، يەر تۈزۈلۈشىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ پەسىيىپ بېرىشى، يەر ئاستى سۇ يوللىرىنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ تەكشى كارىز قۇدۇقلىرىنى چېپىپ، تەشمە ئارقىلىق بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، يەر ئاستى سۈيىنى يەر ئۈستىگە چىقىرىش قۇرۇلۇشى — كارىز مۆجىزىسىنى ياراتقان.

كارىزنىڭ قۇرۇلمىسى قارىماققا ئىنتايىن ئاددىي كۆرۈنىدۇ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مەلۇم يانتۇلۇق پەرقى بويىچە نەچچە يۈز قۇدۇق (كۆز) چېپىلىدۇ، قۇدۇقلار تەشمە ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلۇپ، يەر شەكلى ئەڭ پەس يەرگە كەلگەندە تىلما (ئېرىق) ئارقىلىق يەر ئۈستىگە چىقىرىلىدۇ، يەر ئۈستىگە چىقىرىلغان سۇ بىرنەچچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان مەھەللىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، مەھەللىنىڭ ئاخىرىدىكى كۆلگە قۇيۇلىدۇ. مەھەللە ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتكەن سۇ ئىچىشكە، كۆلدىكى سۇ مال - ۋارانلارنى ۋە ئېتىزلارنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. سۈيى ئۇلۇغ كارىزلار 400 — 500 مو يەرنى سۇغۇرالايدۇ، سۈيى ئازلىرىمۇ 40 — 50 مو يەرنى سۇغىرالايدۇ. كارىزنىڭ ئۇزۇنلىرى 20 — 30 كىلومېتىر، قىسقىلىرى بىر نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ،

تەكشى چېپىلغان ھەر بىر كارىز قۇدۇقىنىڭ ئارىلىقى 20 — 30 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ ، ئادەتتە ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كارىزدا 120 گە يېقىن كۆز (قۇدۇق ) بولىدۇ . قۇدۇقلارنىڭ ئاغزى شاخ ـ شۇمبا بىلەن ھىم ئېتىۋېتىلگەچكە كارىزغا قۇم ، ئەخلەت قاتارلىق نەرسىلەر چۈشۈپ كەتمەيدۇ . قۇدۇقلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىدىكىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 100 مېتىرغا يېتىدۇ ، ئەڭ تۆۋەندىكىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5 — 6 مېتىرلا كېلىدۇ .

تۇرپان ۋادىسىدىكى كارىزلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4000 — 5000 كىلومېتىر كېلىدۇ . بۇ ، ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭنىڭ ئارىلىقىدىنمۇ ئۇزۇن . بۇ كارىزلارنى كولاش جەريانىدا قېزىپ چىقىرىلغان تاش ـ تۇپا بىر مىليون كۇپ مېتىر كېلىدۇ . بۇنىڭدىن ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى ئىككى مېتىردىن قىلىپ تام قوپۇرۇلسا ، 3000 كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ .

كارىزنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي ، سۇ مىقدارى مۇقىم ، سۇ تەركىبى ياخشى ، قىش ـ ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان ، پارغا ئايلىنىشى ئاز ، باشقۇرۇش ئاسان ، قېزىش ۋە رېمونت قىلىش سەرپىياتى تۆۋەن ، قۇم ـ بوران ئاسان كۆمۈۋېتەلمەيدىغان ، كۆكەرتىشكە قولاي شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان ، قىشتا سوغۇقتىن ، يازدا ئىسسىقتىن ساقلىنالايدىغان ، تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان كۆپ خىل ئەۋزەللىككە ئىگە ئالاھىدە بىر خىل سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولۇپ ، ئۇ تۇرپان ۋادىسىنى ياشنىتىپ كەلگەن ، ئۇنىڭغا ھاياتلىق بېغىشلىغان ھاياتلىق بۇلىقىدۇر . شۇڭا تۇرپان خەلقى تارىختىن بۇيان كارىزنى ، ئۇنىڭ سۈيىنى كۆز قارچۇغىدەك ئاسراپ ، ئۇنىڭ شىپالىق سۈيىنى ئىچىپ ، ساغلام بەدەن بولۇپ يېتىلگەن . تەجرىبە نەتىجىلىرىگە قارىغاندا ، تۇرپان كارىزلىرىنىڭ سۈيى تەركىبىدە ئادەمنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولغان ، ساغلاملىقنى كاپالەتلەندۈرگۈچى شىپالىق مېنېرال ماددىلارنىڭ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا جايلارغا قارىغاندا تۇرپاندا بىر قىسىم يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ، راك قاتارلىق ئەجەللىك كېسەللىكلەرنىڭ ئاز بولۇشى ،

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەن تۇزۇلۇشىنىڭ قاۋۇل ۋە جىسمانىي كۈچى كۈچلۈك بولۇشى، كەسكىن تەبىئەتلىك ۋە روھلۇق بولۇشى ئەنە شۇ كارىز سۈيىنىڭ خاسىيىتىدىندۇر.

كارىز ھەم سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ھەم مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت قوش قىممەتكە ئىگە بۈيۈك ئابىدە. ئۇ يېرى كەڭ، يەر ئۈستى سۈيى كەمچىل، چوڭراق دەريا — ئېقىنلىرى يوق، ھاۋاسى قۇرغاق ۋە قاتتىق ئىسسىق، ھۆل - يېغىنى ئاز، يەر ئاستى سۈيى مول ۋە سۈپىتى ياخشى بولغان تۇرپانغا ئوخشاش جايلاردا بەرپا قىلىنغان سۇ قۇرۇلۇشى. ئۇ تارىختىن بۇيان نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارغا تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما تۇرپان كارىزلىرى قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ئىلمىيلىك دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئەقىل — پاراسەتنى نامايان قىلىشى، تارىختىن بۇيان خەلق ئىگىلىكىدە ۋە تۇرمۇشىدا ئوينىغان رولى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئىنتايىن ئۇزاق بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئەجدادلىرىمىز ئۇنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان، ھەتتا ئۇنى «خەرىتە» گىمۇ ئالغان. 1986 - يىلى كۈزدە، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆكجاي (كۆجەي) يېزىسىدا بىر تۈركۈم قىياتاش رەسىملىرى بايقالغان، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ نەق مەيداننى تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە بۇ قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدىن بىر تاش خەرىتە تېپىلغان ھەم خەرىتە ئىچىگە 60 نەچچە ئېقىن سۇ، بۇلاق ۋە كۆلنىڭ ئېنىق كۆرۈنىشى چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قۇدۇقلۇق ئىپتىدائىي كارىزنى بايقىغان. مۇتەخەسسىسلەر بۇ خەرىتىنى بۇنىڭدىن 4000 — 6000 يىللار ئىلگىرى سىزىلغان، دەپ يەكۈن چىقارغان.

كارىز ئەجداتلىرىمىز ياراتقان ئۇلۇغ كەشپىيات، ئۇلۇغ سۇ ئىنشائات مۆجىزىسى بولۇپ، ئەجداتلىرىمىز ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر جىلۋىگەر كۆزنىكىدۇر. ھازىر تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ كۆپى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەرنىڭ كۆپلەپ ياسىلىپ تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن سۇلارنىڭ تۇپراققا سىڭىپ يەر ئاستى سۈيىگە ئايلىنالماسلىقى، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ

كۆپلەپ قېزىلىپ ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ . بىز ئەۋلادلار ئەجدادلىرىمىز ياراتقان بۇ ئۇلۇغ مۆجىزىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز ۋە قوغداپ قېلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر .

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1. شەكسىزكى، كارىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسى، ھەم سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ھەم مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت قوش قىممەتكە ئىگە بۈيۈك ئابىدە. ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇش جەريانىدا ئىگىلىگەن پەننىي بىلىملىرىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى. سىلەر تېكىستنى ئوقۇپ چىقىپ، كارىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى دېيىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭلار.

2. بۈگۈنكى كۈندە تۇرپان كارىزلىرى ھەرخىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىددەت بىلەن قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. سىزنىڭچە كارىزلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىش مۇۋاپىق؟ چۈشەنچىڭىزنى كەڭرەك بايان قىلىڭ.

3. سىز تېكىستتە بېرىلگەن كارىز ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر ئاساسىدا كارىز قۇرۇلۇشىنىڭ سخېمىسىنى مۇستەقىل سىزىپ چىقىڭ. ھەمدە بۇ سخېمىنى قانداق قائىدە بىلەن سىزىپ چىققانلىقىڭىز ھەققىدە ئاغزاكى ياكى يازمىچە ئىزاھات بېرىڭ.

*4. سىزنىڭ يۇرتىڭىزدا قانداق مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى بار؟ سىز بېرىپ كۆرگەنمۇ؟ كۆرمىگەن بولسىڭىز مۇۋاپىق پەيتتە كۆرۈپ كېلىڭ، ھەمدە تەسىراتىڭىزنى كۈندىلىك خاتىرە شەكلىدە يېزىپ قويۇڭ. يېزىقچىلىق قىلغاندا «ئۇيغۇر تىلى» دە بېرىلگەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىڭىز يازماقچى بولغان ھەر بىر ئەسىرىڭىزگە 5 — 6 غىچە يېڭى سۆز قوشۇپ لۇغەت بايلىقىڭىزنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ مېڭىشقا دىققەت قىلىڭ.

# 19 . تەكلىماكاننى قۇچاقلاپ

ئەسەت سۇلايمان[①]

كىچىك دوستلار، سىلەر كەلگۈسىدىكى يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى جەمئىيەت توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا ئۆزۈڭلارنىڭ كەلگۈسى دۇنياسىغا نىسبەتەن مۇئەييەن تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولدۇڭلارمۇ!؟ مەن 20 - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە سىلەرنىڭ بالىلىق قەلبىڭلار بىلەن سىردىشىشنى، ئۇچقۇر خىياللىرىڭلارغا ھەمدەم بولۇشنى تولىمۇ خالايمەن.

مەن بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن، نورۋېگىيە يازغۇچىسى جوستېين گاردېرنىڭ «سوفىيەنىڭ دۇنياسى» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغانىدىم. ئەسەردە يېزىلىشىچە، ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن زېرەك قىز سوفىيە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، خەت ساندۇقىدا ئۆزىنىڭ بىر پارچە خېتى تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. خەتتە «سەن كىم» دېگەن ئىككىلا سۆز يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نە خەت يازغۇچىنىڭ ئىسمى، نە ئادرېسى يېزىلمىغانىكەن. گاڭگىراپ قالغان سوفىيە خەتتىكى «سەن كىم» دېگەن سوئالنى ئۈنسىز ھالدا تەكرارلىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتىدۇ، ئىككىنچى كۈنى سوفىيە ئوخشاشلا يەنە بىر پارچە ئىمزاسىز خەت تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭدا «دۇنيا قانداق پەيدا بولغان» دېگەن سوئال يېزىلغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ سوفىيە بۇ ئىككى قىيىن سوئال ئۈستىدە تىنىماي ئىزدىنىدۇ. كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان ئىمزاسىز خەتلەر

① ئەسەت سۇلايمان — 1969 - يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور. «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى — بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرى يېڭى ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا، يەنى 2000 - يىل «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭ بالىلىق تەپەككۇرىنىڭ قانىتىنى يېشىدۇ. ئۇ ئۆزى ئىلگىرى ياشاپ كەلگەن ۋە ئاللىقاچان كۆنۈككەن تار دائىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئىنسان، دۇنيا، ئىلىم ـ پەن ھەققىدىكى چەكسىز دۇنياغا بولغان مۇلاھىزىلىرىنى باشلايدۇ. ئۇچقۇپ تۇرغان بالىلىق قەلبى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر تارىخىغا شۇڭغۇپ كىرىدۇ ۋە بۇ جەرياندا «سەن كىم» دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەيدۇ ......

ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. 14 ياشلىق ياۋروپالىق قىز سوفىيەنىڭ ئاشۇ چەكسىز دۇنياسى مېنى داۋاملىق ئويلاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن سىلەرنىڭ ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدىكى خىياللىرىڭلارنى تولىمۇ بىلگۈم كېلىدۇ. سىلەر ئۆز ـ ئۆزۈڭلاردىن «مەن كىم» دېگەن سوئالنى سوراپ باققانمۇ؟ سىلەر خۇددى نورۋېگىيىلىك قىز سوفىيىگە ئوخشاش ئۆزۈڭلارنىڭ تار دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرگە چۆمۈلۈپ باققانمۇ!؟ ......

كەچۈرۈڭلار، مەن بۇ سوئاللارنى سوراپ سىلەرنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، مەن سىلەرنى چۈشىنىمەن. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى قانچىلىغان بالىلارنىڭ ئېغىر بوغچىلارنى يۈدۈپ، كۈندە نەچچە سائەت دەرس ئاڭلاپ، نەچچە تۈرلۈك تاپشۇرۇق ئىشلەپ، بالىلىق خىياللىرىنى سۈرۈشكىمۇ ۋاقتى يوقلۇقىنى بىلىمەن. چوڭ شەھەرلەردىكى بالىلارنىڭ كۈنسېرى تەبىئەتتىن ياتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بەزى بىر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى قىممەتلىك ۋاقتىنى سىلەرگە ئەمەس، بەلكى تۈگىمەس توي مۇراسىملىرى بىلەن قاتار چاي زىياپەتلىرىگە سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى، سىلەرنىڭ سەرەڭگە قېپىغا ئوخشاش سېلىنغان بىنا ئۆيلەردىكى ئىچ پۇشۇقۇڭلارنى تېلېۋىزور ۋە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار ئارقىلىق چىقىرىۋاتقانلىقىڭلارنىمۇ ئوبدان بىلىمەن ......

شۇنداق، ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماشىنىلىشىشى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى چوڭلارنىڭ روھىي بېسىمىنى بارغانسېرى ئاشۇرۇپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم

باللارنىمۇ كۆپلىگەن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلدى. ئىس - تۈتەك پۇراپ تۇرغان شەھەرلەردە باللار ئۆزلىرىنىڭ باللىق چۈشلىرىنى كۆرەلمەيدىغان بولدى. ئۇلار ئانا تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى كىتابلاردىن كۆرىدىغان بولدى. يالاڭ ئاياغ پېتى يۇمشاق توپىلارنى كېچىپ قىيغىتىپ ئويناش، سۇپسۇزۇك ئېقىن سۇلاردا چۆمۈلۈش، قارلىق داللاردا قىلتاق قۇرۇپ قۇشقاچ تۇتۇش...... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەردىكى كۆپىنچە باللار ئۈچۈن يات نەرسىلەرگە ئايلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە ئېكولوگىيە مەسىلىسى دۇنياۋى خاراكتېرلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىدە كىچىكىدىنلا ئېكولوگىيە ئېڭىنى تۇرغۇزۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدى ھەمدە ئۇنى ئۆز مىللىي مائارىپىنىڭ نۆۋەتتىكى كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزدى. ھۆكۈمىتىمىزمۇ ئېكولوگىيە مەسىلىسىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە ئېكولوگىيىنى ئاسراش، ياخشىلاشنىڭ جەڭ دۇمبىقى ئومۇمىيۈزلۈك ياڭراپ ھەممە يەرنى قاپلىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭگو بويىچە يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ رايون. ئەمما، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بوستانلىق ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چەكلىك. نوپۇسنىڭ زىچلىقى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىماتنىڭ قۇرغاقلىشىشى، سۇ مەنبەلىرىنىڭ ئازىيىشى، قۇملىشىشىنىڭ تېزلىشىشى بىزگە تەبىئەتتىكى يېڭىدىن يېڭى ۋەھىمىلەرنى ھېس قىلدۇرماقتا.

كىچىك دوستلار، سىلەر ئۆز ئاتا - بوۋاڭلار ياشاپ كەلگەن بۇ قەدىمكى تۇپراق دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ھېس قىلدىڭلارمۇ؟ مەن ئۆتكەن يىلى يازلىق تەتىلدە ئائىلەمدىكىلەرنى ئېلىپ، يىراق يېزامغا تۇغقان يوقلىغىلى باردىم. يېزىمىزدا كۆپ ئۆزگىرىشلەر بوپتۇ، لېكىن تەبىئىي مۇھىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ ناچارلىشىپ كېتىپتۇ. مەن بالا چاغلىرىمدا بىزنىڭ بۇ خىلۋەت تاغلىق يېزىمىزنىڭ ئەتراپىدا تەڭر-

تاغلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن چوڭقۇر ئېقىننى بويلاپ بۈك - باراقسان ئورمانلىق بولىدىغان، ئورمانلىقتا ياۋا توڭگۇز قاتارلىق ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار بار بولۇپ، بىز ئورمانلىقتا ئويناشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتۇق. مانا ئارىدىن 20 يىل ئۆتمەيلا، بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلار تۇرماق، تەبىئىي ئورمانلىقمۇ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. پۇل تېپىش ئۈچۈن چاكاندا قاتارلىق تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى دورا ئىشلەش زاۋۇتلىرىغا سېتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى زور دەرىجىدە ۋەيران قىپتۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھازىر ھاۋا كېلىماتى قاتتىق ناچارلىشىپ، قۇرغاقچىلىق ۋە بوران ئاپەتلىرى داۋاملىق يۈز بېرىدىغان بوپتۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، بىزنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت — بىر بۈيۈك ئانا. ئەمما، تارىختا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قىلغان بۇزغۇنچىلىقى بۇ مېھرىبان ئانىنىڭمۇ غەزىپىنى كەلتۈرمەي قالمىدى. ئۇ ھەتتا ئىنسانلارنى ئارتۇقى بىلەن جازالىدى. توپان بالاسىنىڭ يەر يۈزىنى بېسىپ كېتىشى، ئاۋات شەھەرلەرنىڭ قۇرۇپ، بوستانلىقلارنىڭ ۋەيران بولۇشى ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق رىۋايەتلەر بۈگۈنكى كۈندە بىزگە بىر خىيالىي فانتازىيىدەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا بولغان ۋەھىمىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئانا تەبىئەت بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا سوزۇلۇپ ياتقان غايەت زور جەزىرە — تەكلىماكان قۇملۇقىنى قۇچاقلاپ ياشاپ كەلگەن، شۇنداقلا ئەمگەكچان بىلىكىگە تايىنىپ تارىم ئويمانلىقىدا قانچىلىغان گۈزەل بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغان. بىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىمىز ۋە ئۇزاق تارىخىمىز، ئەنە ئاشۇ بوستانلىقلار ئارقىلىق بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەللەرنى تۆلىمىدى دەيسىلەر؟ سىلەر شەھىرى كېتىك ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئاڭلىغانمۇ، تەكلىماكانغا غەرق بولغان غايىب شەھەرلەردىن كېلىدىغان خورازلارنىڭ چىللىشىنى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىنى، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟!

... شۇنداق ، بۇلار نوقۇل رىۋايەت ئەمەس ، بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بىر ئازاپلىق بېتى . ئۇلار تەبىئەت-كە ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ، ئېكولوگى-يىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇشنىڭ دەرد - ئەلىمىنى يەتكۈچە تارتقان . سانپول ، يوتقان ، نىيا ، دەندەن ئۆيلۈك ، مىرەن ، كروران ، ئىدىقۇت قاتارلىق قۇم ئاستىغا غەرق بولغان قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرى بىزگە بۇ نۇقتىنى ئەينەن كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ . لېكىن ، بىزنىڭ ئەج-دادلىرىمىز تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھەرگىزمۇ پاسسىپ ۋە ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالمىغان ، بەلكى ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ، تەبىئەتكە ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشىپ ، پائالىيەت-چان ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن . ھۆل - يېغىنى ئاز ، كىلىماتى قۇرغاق ، سۇ مەنبەلىرى كەمچىل تارىم ۋادىسىدا ئۆزگىچە بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان .

ئەپسۇسكى ، بىزنىڭ ئەسىرىمىزدە ، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ، شۇنداقلا بىزنىڭ مۇشۇ دەقىقىلىرىمىزدە ، ئۆزىمىزنىڭ تەبىئەتتىن قانچىلىك دە-رىجىدە يىراقلاپ كەتكەنلىكىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز . تەكلە-ماكان قۇملۇقى بىلەن تارىم ئويمانلىقى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە قورقۇنچ-لۇق چۆل - جەزىرە ياكى بارسا كەلمەس جاي سۈپىتىدە قارىلىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ بىز ئۈچۈن مەڭگۈ بىر مېھرىبان ئانا . بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ يەردە ئاۋۇغان ۋە گۈللەنگەن . ھازىر بىز ياشاۋاتىمىز ، كەلگۈسىدە بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزمۇ بۇ يەردە ياشىشى ۋە گۈزەل كېلە-چەك يارىتىشى كېرەك . مۇشۇ بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ تامامەن قۇرۇپ كېتىشى ، تەكلىماكاندىكى تەبىئىي توغراقلىقلارنىڭ زور دەرىجىدە ۋەيران قىلىنىشى ، تارىم دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ياۋايى ھاي-ۋانلار نەسلىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشى ، كارىز سۇلىرىنىڭ ئازلاپ ، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى بىزگە ئويلاپ باقمىغان يوقىتىش-لارنىڭ ۋەھىمىسىنى ھېس قىلدۇردى . خۇشاللىنارلىقى شۇكى ، ھۆكۈ-مىتىمىزنىڭ جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشى ، تەخىرسىزلىك بىلەن قوللىشىۋات-

قان تەدبىرلىرى بىزگە يۈرتىمىزنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە زور ئۈمىد بېغىشلىماقتا .

شۈبھىسىزكى ، 21 ـ ئەسىر كۈچلۈك رىقابەت ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ . تارىخنى غالىبلار يارىتىدۇ . ئاجايىپ چوڭ سىناقلار سىلەرنى سىنايدىغانلىقى ، تارىخىي خاراكتېرلىك تاللاشلارنىڭ سىلەرنى كۈتۈپ تۇرغانلىقى ، مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيىتىڭلارنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقى مۇقەررەردۇر .

مەن ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدىكى مۇشۇ دەقىقىلەردە سىلەر بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرراق پىكىرلىشىشنى ئويلايمەن .

سىلەرنىڭ ئانا تىلدىكى تەپەككۇرۇڭلار ئارقىلىق يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇشۇڭلارنى ، تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ خىلۋەت چوڭقۇر- لۇقنى دۇنيا مەدەنىيىتىگە قاتنىشىشتىكى ئالتۇن كۆزنەككە ئايلاندۇرۇ- شۇڭلارنى ، يۈكسەك ئېكولوگىيە ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ گۈزەل تەبىئەت قۇرۇپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1. سىز بۇ تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزگە «مەن كىم» دەپ سوئال قويۇپ باقتىڭىزمۇ؟ ئەلۋەتتە، بىر ئادەمنىڭ قايسى دۆلەتتىن، قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكى، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى، ئىسمى، جىنسى ۋە قىزىقىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، يېشىنىڭ قانچە ئىكەنلىكى قاتارلىقلار بۇ سوئالنىڭ ئاددىي جاۋابى. 14 ياشلىق سوفىيە بۇ سوئالغا دۇچ كەلگەندىن كېيىن بالىلىق تەپەككۇرىنىڭ قانتى يېشىلگەن، ئۆزى ئىلگىرى ياشاپ كەلگەن ۋە ئاللىقاچان كۆنۈككەن تار دائىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئىنسان، دۇنيا، ئىلىم ـ پەن ھەققىدىكى چەكسىز دۇنياغا بولغان مۇلاھىزىلىرىنى باشلىغان، سىزمۇ ئۆزىڭىزگە «مەن كىم» دەپ سوئال قويۇپ، سوفىيەدەك جاۋاب ئىزدەشكە جۈرئەت قىلالامسىز؟

2. مەلۇمكى ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشى زامانىۋى تۇرمۇش، زامانىۋىلىشىش بىر خىل ئىلغارلىق ھېسابلىنىدىغان تۇرسا، ئاپتور نېمە ئۈچۈن تېكىستتە «ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى» دەپ ھەسرەت

چېكىدۇ؟

3. ئاپتور تەبىئەتنى «مېھرىبان ئانا» دەپ تەرىپلىگەن، سىز ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار كونكرېت مىساللار ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ.

* 4. ئاپتور تېكىستتە «بۈگۈنكى كۈندە ئېكولوگىيە مەسىلىسى دۇنياۋى خاراكتېرلىق مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى» دەپ يازىدۇ. سىلەر بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىلەر؟ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىڭلار.

### ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ



# بىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا

بىلىگ[1] بىلىڭ يا[2] بەگىم ،
بىلىگ ساڭا ئەش[3] بولۇر .
بىلىگ بىلگەن ئۇل ئەركە[4] ،
بىر كۈن دۆلەت تۇش[5] بولۇر .

بىلىگلى ئەر بىلىنگە[6] ،
تاش قۇرسانا[7] قاش[8] بولۇر .
بىلىگسىزنىڭ يانىغا ،
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر .

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە دەۋران سۈرگەن) دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان بۇ ئىككى كۇپلېت قەدىمكى شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى ئىزاھاتلىرىدىن پايدىلىنىپ چۈشىنىۋېلىڭلار، ھەمدە يادلىۋېلىڭلار.

---

① بىلىگ — بىلىم ، بىلىملىك
② يا — ئەي دېگەن مەنىدە
③ ئەش — قېرىنداش ، دوست ، بالىياتقۇ .
④ ئەركە دېمەكچى
⑤ تۇش — يار ، مەنسۇپ .
⑥ بىلىنگە — بېلىگە
⑦ قۇرسانا ـ قىستۇرسا
⑧ قاش — قاشتېشى

# سۆز تۈزىتىش

سۆز تۈزەتكەندە ئىشلەتكەن سۆزنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. ئىدىيىنى توغرا ئىپادىلەش ئەسەر يېزىشنىڭ تۈپ تەلىپى. تۈزەتكەندە ئىشلەتكەن سۆز تەسۋىرلەۋاتقان ئوبيېكتنىڭ خاراك-تېرىگە ماس كېلەمدۇ ـ يوق، چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىش كېرەك. مەسىلەن، ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ھاياتىدىن ئايرىلغان ئادەمنى «ئۆل-دى» دېگەندىن كۆرە «قۇربان بولدى» دېيىش مۇۋاپىق.

«دېھقانلار گۈرۈچ تېرىپ مول ھوسۇل ئالدى»، دېگەن جۈملىدىكى «گۈرۈچ» دېگەن سۆز جايىدا ئىشلىتىلمىگەن. بۇ يەردە «شال» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش كېرەك.

مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ياز پەسلىدە ئۆيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان بىر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىنى ئېلىپ بوغدا كۆلىگە ساياھەتكە چىقىپتۇ. بوغدا كۆلىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئوقۇ-غۇچىلاردىن بىرى «بۇ كۆلنىڭ مەنزىرىسى نېمە دېگەن نوچى ـ ھە» دەپتۇ. چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى بايىقى ئوقۇغۇچىدىن سىز نېمە ئۈچۈن، «نوچى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا چىرايلىق، گۈزەل دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتمەيسىز؟ «نوچى» دېگەن سۆزنىڭ بۇنداق ئورۇندا ئىشلىتىلىشى مۇۋاپىق ئەمەسقۇ، دەپتۇ. ھېلىقى ئوقۇغۇچى گەپ تاپالماي ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىپتۇ.

«دېھقانلار ئەتىيازدا پاختا تېرىدى.»

«ئوقۇغۇچىلار كۆزدە كېۋەز تەرگىلى چىقتى.»

دېگەن بۇ جۈملىلەردىكى پاختا ۋە كېۋەز دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالمى-شىپ كەتكەن. شۇڭا بۇنى ئالماشتۇرۇپ تۈزىتىش كېرەك.

يېزىقچىلىق

# قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ياساش جەريانىنى ئاددىي چۈشەندۈرۈش

ئۆزىمىز ياسىغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا چۈشەندۈرگەندە ، ياسىغان نەرسىلىرىمىزگە ئىشلەتكەن زۆرۈر ماتېرىياللارنى ، ئەسۋابلارنى ، ياساش قەدەم باسقۇچلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئاساس قىلىپ چۈشەندۈرىشىمىز لازىم .

ئىمكان بار ياسىغان نەرسىلىرىمىزنىڭ ياسىلىش پرىنسىپىنى ئېنىق بايان قىلىشىمىز ، ياساش جەريانىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئەسكەرتىشىمىز لازىم .

بۇنداق چۈشەندۈرۈشتە ئاۋۋال ساۋاقداشلار بىلەن باش قوشۇپ مۇھىم مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئايرىم چۈشەندۈرسەڭلارمۇ بولىدۇ . مىسال ئۈچۈن ئالىدىغان بولساق ، ئايروپىلان ، پاراخوت ، تانكا ، هارۋا ، تۈگمەن ، بىنا ، بۆشۈك قاتارلىق هەر خىل نەرسىلەرنىڭ مودېللىرىنى ، هەر خىل گۈل ۋە نەقىش نۇسخىلىرىنى ياساش جەريانىنى چۈشەندۈرگەندە ، نېمىنىڭ مودېل ، نېمىنىڭ نۇسخا ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنى ياساشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش ، ئاندىن ئايرىم - ئايرىم هالدا قول هۈنەر بۇيۇمى ياساشتا زۆرۈر بولغان ماتېرىيال ۋە ئەسۋابلارنى ، ياساش قەدەم باسقۇچلىرىنى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈش لازىم .

1 . ياسىغان نەرسىلەرنى ئاددىي هالدا تونۇشتۇرغاندا ئىمكان بار ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئالا-

ھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك .

2 . ئاددىي ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساپ ، بالىلار بايرىمىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ياكى ئىنى - سىڭىللىرىڭىزغا سوۋغا قىلىڭ ھەمدە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى ياساش جەريانى تونۇشتۇرۇلغان پارچە يېزىڭ .

* 3 . دەرستىن سىرتقى مەشىق : ئۆزۈڭلار تۇرىۋاتقان رايوننىڭ ھاۋا رايى ھادىسىلىرىنى كۆزىتىڭ ، كۈندىلىك خاتىرەڭلەرگە ھەر خىل تىپىك ھاۋا رايى ھادىسىلىرىنى خاتىرىلەڭ .

## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

# پەن - تېخنىكىغا ئائىت تەقلىدىي ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى

بۈگۈنكى دەۋر ئۇچۇر، پەن - تېخنىكا دەۋرى. ئۇنداقتا ئۇچۇر ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ يادروسى نېمە؟ بۇ يادرو دەل يېڭىلىق يارىتىش. 21 - ئەسىردىكى «يەر شارى كەنتى» نىڭ پۇقراسى بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن بىزدە يېڭى بايقاش، يېڭى كەشپىيات، يېڭى ئىجادىيەت بولۇشى كېرەك. بۇ بۆلەكتە بېرىلگەن تېكىستلەر، مەسىلەن، گالىلېينىڭ قىيسىق مۇناردىكى تەجرىبىسى، روگافى ئىنگىنىڭ «شەيئىنىڭ توغرا جاۋابى بىرلا ئەمەس»، ۋەلى كېرىم كۆكئالپنىڭ «تۇرپان كارىزلىرى»، ئەسئەت سۇلايماننىڭ «تەكلىماكاننى قۇچاقلاپ» دېگەن ئەسەرلىرى بىزنى ئىلىم - پەن، كەشپىيات، تەپەككۇر ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرىپ تونۇشىمىزنى يېڭىلاپ، ئىلىم - پەن ھەققىدىكى بىلىمىمىزنى كۆپەيتىدۇ. ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئىزدىنىش روھىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

بۇ بۆلەكتىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىلىم - پەنگە بولغان مۇھەببىتىمىز كۈچىيىپ، ئىلىم - پەننىڭ ھەقىقىتىگە بولغان تونۇشىمىز ئۆسىدۇ. ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش جەريانىدا ئېرىشكەن ھاسىلاتلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، بىر قېتىم «پەن - تېخنىكىغا ئائىت تەقلىدىي ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى» ئۆتكۈزۈپ، ئەتراپىڭلاردىكى ۋە خەلقئارادىكى ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۆزۈڭلار ئېلىپ بارغان بىرەر تەجرىبە، ئىجاد قىلغان بىرەر

كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتنى تونۇشتۇرۇڭلار.

## يىغىن تەييارلىقى

1. پەن - تېخنىكىغا دائىر تورلۇك گېزىت - ژۇرنال ۋە كىتاب - ماتېرىياللارنى ئوقۇپ، پەن - تېخنىكىغا ئائىت ئىنتېرنېت تورى بەتلىرىنى ئاختۇرۇپ، ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى توپلاڭلار.

2. بىرەر قول ھۈنەر بۇيۇمى ياسىغان ياكى بىرەر كەشپىيات يارىتىش تەسەۋۋۇرى بار ساۋاقداشلار ئۆزى ياسىغان بۇيۇم ياكى كەشپىيات ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى مۇۋاپىق سۆز - جۈملىلەر بىلەن يازمىچە تونۇشتۇرۇشى كېرەك.

3. خەۋەر يېزىقچىلىقىغا ئائىت ئاددىي بىلىملەرنى بىلىۋېلىڭلار. گېزىت - ژۇرناللاردىكى قىسقا خەۋەر، بىر جۈملىلىك خەۋەر ۋە سۈرەتلىك خەۋەرلەردىن پايدىلىنىڭلار.

4. سىنىپتىكى قارا دوسكىغا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنىڭ نامىنى يېزىڭلار. ئۇنىڭدىن باشقا تەقلىدىي يىغىننىڭ رىياسەتچىسى، باياناتچىسى ۋە مۇتەخەسسىس، مۇخبىر ھەمدە قاتناشقۇچىلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتىنى ئېنىق يېزىپ قويۇڭلار.

## پائالىيەت جەريانى

1. گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈش

ھەرقايسى گۇرۇپپىلار ئۆز ئالدىغا تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، گۇرۇپپىلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ باياناتچىدىن ئىككىنى سايلاپ چىقىڭلار. باياناتچى ئېلان قىلىنىدىغان ئاخبارات ئورگىنالىنى يېزىۋېلىشى كېرەك.

2. ئاخبارات ئېلان قىلىش

باياناتچىلار پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى تونۇشتۇرۇشى ياكى كەشپىياتچى ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئارىدا

مۇخبىر ۋە قاتناشقۇچىلار سوئال سورىسىمۇ بولىدۇ . بايانلاتچى سوئاللار-
غا ئاددىي جاۋاب بېرىشى كېرەك .

3 . «مۇتەخەسسىس» لەرنىڭ باھاسى

«مۇتەخەسسىس» لەرنى بۇ قېتىمقى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغى-
نىنىڭ مەزمۇنى ، قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە باھا بېرىشكە ياكى يىغىندا
ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەلۇم كەشپىياتنىڭ قوللىنىلىپ ، پايدىلىنىش ئىس-
تىقبالى ھەققىدىكى ئىلمىي قىياسىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش كې-
رەك .

## قوشۇمچە پائالىيەت

1 . رادىئو ، تېلېۋىزور ، تام گېزىتى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ
مەكتەپ ئىچىدە بىر قېتىملىق «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتە-
لىكى» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىڭلار .

2 . مەكتەپ ئىچىدىكى مەتبۇئاتتىن پايدىلىنىپ بۇ قېتىمقى «تەقلى-
دىي ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى» نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى خەۋەر
قىلىڭلار .

3 . بۇ قېتىمقى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى چۈرىدەپ كۆندى-
لىك خاتىرە يېزىڭ .



## مەخسۇس تېما

# بۆرە

### ئوقۇش ۋە پايدىلىنىش

ئەسەرلەردىن تاللانمىلار

## بۆرە

پۇ سۇڭلىن[①]

قاساپ كەچقۇرۇن ئۆيىگە قايتتى . سېۋىتىدىكى گۆش سېتىلىپ بولغان ، سۆڭەكلەر ئېشىپ قالغانىدى . يولدا ئىككى بۆرە ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى . قاساپ قورقۇپ ، ئۇلارغا سۆڭەك تاشلاپ بەردى . سۆڭەكنى كۆرۈپ بىر بۆرە توختاپ قالدى . يەنە بىر بۆرە ئەگىشىپ كېلىۋەردى . يەنە سۆڭەك تاشلاپ بېرىۋىدى . كېيىنكى بۆرە توختاپ قالسا ، بۇرۇنقى بۆرە ئەگىشىۋالدى . سۆڭەك تۈگىۋىدى ، ئىككى بۆرە بۇرۇنقىدەك ئەگىشىپ كېلىۋەردى . قاساپ جىددىيلىشىپ ، بۆرىلەرنىڭ ئۆزىگە ئېتىلىشىدىن ئەنسىرىدى . يان تەرەپكە قارىۋىدى ، خامانني كۆردى .

---

① پۇ سۇڭلىن — (1640 — 1715) تەخەللۇسى زى ليۇشيەن ، لەقىمى لۇ چۈەندىكى ئۇلىما . كىشىلەر ئارىسىدىكى نامى رىۋايەتچى خەلپەت ، شەندۇڭلۇق زىچۈەن (هازىرقى زىبو) لىك . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشهۇر ئەدىب .

خامان ئىگىسى مەڭگەن[1]نى تاغدەك دۆۋىلەپ قويغانىدى . قاساپ مەڭگەنىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ پىچىقىنى تۇتۇپ ئولتۇردى . بۆرىلەر يېقىن كېلىشكە پېتىنالماي ، قاساپقا تىكىلىپ قاراپ تۇردى . بىردەمدىن كېيىن بىر بۆرە كېتىپ قالدى . يەنە بىر بۆرە قاساپنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى . خېلىدىن كېيىن ، بۆرە كۆزىنى يۇمۇپ سوزۇلۇپ بەخىرامان ياتتى . قاساپ تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بېرىپ ، بۆرىنىڭ بېشىغا پىچاق ئۇردى . پىچاقنى يېنىشلاپ تىقىپ بۆرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ماڭمىدىغان چاغدا كەينىگە بۇرۇلۇپ مەڭگەن دۆۋىسىگە قارىۋىدى يەنە بىر بۆرىنىڭ مەڭگەن ئارىسىغا كىرىۋېلىپ ، كەينىدىن ئېتىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . بۆرىنىڭ سۆڭگۈچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . قاساپ ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىۋېتىپ ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئالدىنقى بۆرە ئەسلى بەخىرامان بولىۋېلىپ ، قاساپنى ئېزىقتۇرىدىغان ھىيلە ئىشلەتمەكچى بولغان . لېكىن ئىككى بۆرە بىردەمدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . يىرتقۇچلارنىڭ ئالدامچىلىق ۋاستىسى قانچىلىك بولاتتى . ئۇ ، كىشىلەرگە كۈلكە بولۇپ قالىدۇ ، خالاس .

# ئانا بۆرىنىڭ پاراستى

بى شۇمىن[2]

— ئادەمدىن قالسىلا بۆرە پاراسەتلىك مەخلۇق .

چوڭ ھىنگان تېغىدىكى گۈلخان يېنىدا قېرى ئوۋچى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم . ئوۋچىلىق تەدرىجىي يوقىلىۋاتقان كەسىپ . ئۇ ئەمدى ئوۋ ئوۋلىماي ، ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بولغانىدى .

— ياش چاغلىرىم ئىدى — ··· دېدى ئوۋچى مەيدىسىنى كېرىپ قويۇپ ، گويا ئەينى يىللاردىكى ئاجايىپ باتۇرلۇقىغا قايتقاندەك .

[1] بۇغدايىنىڭ دېنى ئايرىۋېلىنغان ، ئەمما يۇمشاق سامان قىلىنمىغان غول «مەڭگەن» دېيىلىدۇ . بەزى جايلاردا «مەڭگى» دېيىلىدۇ .

[2] بى شۇمىن — 1952 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان . ئايال يازغۇچى . ئىچكى كېسەللىكلەر بويىچە ھەربىي دوختۇر ، پسىخولوگىيە دوكتورى .

بۆرە كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ يالغۇز كۈچۈك بولغان بولسا ئۇنى چىشلىۋېلىپ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ كېتىدۇ . ئەگەر بىر نەچچە كۈچۈك بولسا ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈشتە خاتىرجەم بولالمايدۇ . دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا قىرغاقتا قالغان «باللىرى» غا خەۋپ يېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۆرە بىرەر ھايۋاننى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ قېرىنىنى پۈۋلەپ تۇلۇمدەك كۆپتۈرۈپ ، بېغىشىدىن چىشلەپ ، كۈچۈكلىرىنى ئۇنىڭ ئۈس- تىگە چىقىرىدۇ - دە ، ئۇنىڭ لەيلەش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ، ھەممىسى- نى دەريادىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈۋالىدۇ .

بىر قېتىم ئىككى كۈچۈكنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ئانا بۆرىنىڭ پېيىگە چۈشتۈم . ئۇ تېز يۈگۈرمىدى . چۈنكى كۈچۈكلەر تېمەن ئەمەس ئىدى . بۆرە بىلەن ئارىلىقىم قىسقىراشقا باشلىدى . ئانا بۆرە كەينىگە بۇرۇلۇپ قۇم دۆۋىسىگە چىقىشقا باشلىدى . ھەيران قالدىم ، ئادەتتە بۆرە خەۋپكە يولۇققاندا باراقسان ئۆسكەن ئوت - چۆپ ، دەل - دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىۋېلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ ، مۈرەككەپ يەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئېپىنى تېپىپ قېچىپ كېتەتتى . ئەگەر قۇم دۆۋىسىگە ياماشسا ، بۆرە تېز يۈگۈرۈپ ، ئادەمدىن چاققان كەلگەندەك قىلغان بىلەن ، قۇم دۆۋى- سىنىڭ چوققىسىغا چىققاندا يۈگۈرەلمەي قالاتتى .

بۇ غەلىتە بۆرىكەن ، بېشى تۆرەپ[1] قالغان ئوخشايدۇ . مەن مۇشۇن- داق خىيال قىلغاچ قەدەمدە بىر سېيرىلىپ ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم . ئېنىق كۆردۈمكى ، بۆرە ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىپ باراتتى . پەسكە چۈشۈپ قوغلاشتىم . بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ يوقاپ كەت- كەنلىكىنى بىلدىم . شۇ چاغدا كۆپ ئويلىنىشقا چولام يوق ئىدى . جېنىمنىڭ بارىچە قوغلاشتىم . ئۇنداق تېز يۈگۈرۈدىغان بۆرىنى ئۆمرۈم- دە تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى . ئۇنىڭغا بۇنداق كۈچ نەدىن كېلىۋىدى- كى يەر بېغىرلاپ ئېتىلغان يا ئوقتەك يۈگۈرەيتتى . كۈن پاتقاندا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ئېتىۋالدىم . شۇنداق ھېرىپ كېتىپتىمەنكى ، قان

---

① «تۆرەش» دېگەن سۆز دىئالېكتقا تەۋە بولۇپ ، قايمۇقۇش ، گاڭگىراش دېگەن مەنىدە .

قوسۇۋەتكىلى تاس قالدىم .

بۆرىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ مىلتىقىمنىڭ ئۇچىغا ئىلىۋېلىپ ئۆيگە قاراپ يول ئالدىم . كېتىۋېتىپ ئويلىنىپ قالدىم . ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۆرىكەنغۇ ، نېمىشقا باشقا بۆرىلەر قىلمايدىغان ئىشنى قىلىدىغاندۇ ؟ ھېلىقى ئىككى كۈچۈك نەگە كەتكەندۇ ؟ ئۆيۈمگە ئاز قالغاندا ، ھېلىقى قۇملۇقتا قايتىپ بېرىپ قاراپ باققۇم كەلدى . ئۇ يەرگە يېرىم كېچىدە يېتىپ كەلدىم . ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى . قۇم بارخانلىرى ئاينىڭ يورۇقىدا زومچەك ــ زومچەك قەبرىستانلىقتەك كۆرۈنەتتى . ئەتراپ جىمجىت . بىھۇدە ئىش قىلىپتىمەن . ئۇ سارالڭ بۆرىكەندە ، دەپ ئويلاندىم . كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا بىلىنەر ــ بىلىنمەس ئازگالغا كۆزۈم چۈشتى . ئۇ يەردىن شامنىڭ يورۇقىدەك ئىككى تۇتۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى .

يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسام ، بىر دۆۋە تۆگە مايىقى ئىكەن . تۇتۇندەك كۆرۈنگەن ھور ماياقلار ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋېتىپتۇ . ماياقلارنى ئىككى چەتكە ئاستا قايرىپ قارىسام ، كۈندۈزى يوقاپ كەتكەن ئىككى كۈچۈك ماياقلارنىڭ ئارىسىدا بىر خىل نەپەس ئېلىپ يېتىپتۇ . ئەتراپنى ئانا بۆرە قۇيرۇقى بىلەن يېنىك سۈپۈرۈپ قويغانىكەن . ئۇ ئىشنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن پۈتكۈزۈپتۇ . كۈندۈزى مەندەك قېرى ئوۋچىنىڭ كۆزىنى بوياپ كېتىپتۇ .

ھېلىقى ئانا بۆرە كۈچۈكلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن قۇم دۆۋىسىگە يامىشىپ مېنىڭ سۈرئىتىمنى ئاستىلىتىپ بالىلىرىنى يوشۇرۇدىغان ۋاقىتقا ئېرىشىپتۇ . ئىزنى قۇيرۇقى بىلەن سۈپۈرۈۋېتىپ ، قارشى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ھېسابىغا بالىلىرىنى ساقلاپ قالماقچى بوپتۇ .

## 1 . «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى . بىئولوگىيە» دىكى «بۆرە» سۆزلۈكى :

بۆرە (Canis lu pus; wolf) گۆشخور هايۋان بولۇپ، ئىت ئائىلىسىگە مەنسۇپ. سىرتقى شەكلى ئىتقا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن تۇمشۇقى سەل ئۇچلۇق، ئۇزۇن، ئېغىزى چوڭراق، قۇلىقى دىك، قۇيرۇقى تۈز بولۇپ، يانتۇ ساڭگىلاپ تۇرىدۇ؛ مويى قوڭۇر كۈلرەڭ؛ جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى بۆرىلەرنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى 1 — 1.5 مېتىر كېلىدۇ. بۆرە ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ۋە شىمالىي ئامېرىكىغا تارقالغان. ئۇنىڭ ياشاش دائىرىسى كەڭ، ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك. تاغلىق، ئورمانلىق رايونلاردا، يايلاقلاردا، چۆل ـ باياۋانلاردا، قۇملۇقلاردا، ھەتتا مۇزلۇقلاردا توپلىشىپ ياشايدۇ. جۇڭگونىڭ تەيۋەن، خەينەندىن باشقا ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلىرىدا بۆرە ئۇچرايدۇ.

بۆرە ئىسسىققا چىدايدۇ. سوغۇقتىن قورقمايدۇ. كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر، ئاڭلاش سېزىمى ياخشى، تەبىئىتى ۋەھشى، چېچەن، يۈگۈرۈشكە ماھىر. قوغلاش شەكلى بىلەن ئوۋ ئوۋلايدۇ. ئارىلاش ئوزۇقلىنىدۇ. ئاساسلىقى بۇغا، بۆكەن، توشقان قاتارلىقلارنى ئوۋلايدۇ. بەزىدە ھاشاراتلارنى، ياۋا مېۋىلەرنى يەيدۇ، ياكى چوشقا، قوي قوتانلىرىغىمۇ چۈشىدۇ. ئاچارچىلىققا چىدايدۇ. بىگەندە راسا تويغىچە يەيدۇ.

شىمالدىكى بۆرىلەر قىشتا توپلىشىپ چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ. ئوۋلىغاندىمۇ، كېسەل، ئاجىزلىرىنى يېۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتا مۇئەييەن رول ئوينايدۇ. بۆرىلەر ھەر يىلى 1 ـ ۋە 2 ـ ئايلاردا جۈپلىشىدۇ، ھۆۋلاپ يات جىنىستىكىسىنى چىللايدۇ. ئىككى ئاي قورساق كۆتۈرىدۇ. ھەر قېتىمدا تۆتتىن يەتتىگىچە كۈچۈك تۇغىدۇ. كۆپىيىش مەزگىلىدە ئەركەكلىرى بىلەن چىشىلىرى بىللە يۈرۈپ، كۈچۈكلىرىنى تەڭ باقىدۇ.

## 2 . ئىتنىڭ ئەجدادى بۆرە ئىدى . ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق

مۇددەت كۆندۇرۇشى ئارقىلىق ئىتقا ئايلانغان .




بۇ ئىككى رەسىم «يۇز مىڭلىغان نىمە ئۇچۇن» نىڭ «ھايۋانات» قىسمىدىن ئېلىندى

## 3 . بۆرە ۋە بۇغا

بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل ئىلگىرى كەيباب ئورمانلىقى يېشىللىققا پۈركەنگەن ئىدى. دەرەخ شاخلىرىدا قۇشلار نەغمە قىلاتتى. ئورمان ئىچىدە چىرايلىق بۇغىلار قېيغىتىپ ئوينايتتى. لېكىن ئاچكۆز، ۋەھشىي بۆرىلەر ھەمىشە بۇغىلارنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، پۇرسەت تېپىپ بۇغىلارغا زەھەرلىك قولىنى سالاتتى. ئۇ چاغلاردا ئورمان ئىچىدە 4000 دەك بۇغا بار ئىدى. كىشىلەر بۆرىنىڭ خەۋپىدىن ھەر قاچان ئېھتىيات قىلاتتى.

يەرلىك كىشىلەر بۆرىگە بەك ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئوۋچىلىق ئەترەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئورمان ئارىسىدا بۆرە ئۆلتۈردى. ئوق ئاۋازى ئورماننىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. مىلتىقنىڭ ئېتىلىشى بىلەن بۆرىلەر ئىڭراپ قان ئىچىگە دۈم چۈشۈپ تۇردى. كەيباب ئورمانلىقىدا 25 يىل مىلتىق ئېتىلدى. بۇغىنىڭ بۆرە ۋە باشقا كۈشەندىلىرىدىن 6000 دىن كۆپرەكى ئۆلتۈرۈلدى.

كەيباب ئورمانلىقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇغىلارنىڭ «ئەركىن پادىشاھلىقى» غا ئايلاندى. ئۇلار بۇ يەردە «باللىق» بولۇپ، سانى ناھايىتى تېزلا 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن بۇغىنىڭ كۆپلەپ ئاۋۇشىغا ئەگىشىپ، ئورمانلىقتا ئاچارچىلىق باشلاندى. چاتقال، كۆچەت، يۇمران شاخ، قوۋزاق ... قاتارلىق يېگىلى

بولىدىغانلىكى يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئاچ قالغان بۇغىلار يەپ بولدى. ئوت كەتكەندەك، پۈتكۈل ئورمانلىقنىڭ يېشىللىقى يوقىلىپ، قۇرىغان دائىرىسى كېڭىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭغا ئۇلىشىپ تېخىمۇ چوڭ ئاپەت يېتىپ كەلدى. بۇغىلار ئارىسىدا كېسەل ئالۋاستىسى قۇتراشقا باشلىدى: ئىككى قىشتا 60 مىڭ بۇغا ئۆلۈپ كەتتى.

1942 ـ يىل كەيياب ئورمانلىقىدا ئاران 8000 كېسەل بۇغا قالدى.

ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بۆرىلەرنىڭ بۇغا ۋە ئورماننى قوغدايدىغان «تۆھپىكارلار» ئىكەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى. بەزى بۇغىلارنى بۆرە يېۋەتسە، ئورماندىكى بۇغا ئۇنداق تېز كۆپىيىپ كەتمەيتتى. بۇغا ئورماننىمۇ ئۇنداق خاراب قىلىۋەتمەيتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۆرە كۆپىنچە كېسەللىك تەككەن بۇغىلارنى يەيتتى. بۇ ئىش بۇغىلارغا ياردەم بولۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ بۇغىلارغا سالىدىغان تەھدىتىنى تۈگىتەتتى. ۋاھالەنكى، كىشىلەر ئالاھىدە قوغدىغان بۇغا ئورماندا بەك كۆپىيىپ كېتىپ، ئورمانغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدىغان «چوڭ ئەبلەخ» بولۇپ قالدى.

## ئويلىنىش • گۇمانلىنىش

1. بۆرىگە مۇناسىۋەتلىك ماقال ـ تەمسىل ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى يېزىپ چىقىڭ. بۆرە ھەققىدە ئۆزىڭىز بىلىدىغان ھېكايىلەرنى تونۇشتۇرۇڭ.

2. ئىنگلىز تىلىدا

The death of wolves is the safety of the sheep.

(بۆرە ئۆلسە قوي ئامان بولىدۇ.)

The wolf may lose his teeth, but never his nature.

(بۆرىنىڭ چىشى چۈشۈپ كەتسىمۇ، پەيلى ئۆزگەرمەيدۇ)

دېگەندەك بۆرە توغرىسىدا نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەر بار. چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش ۋە دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش داۋامىدا بۆرە توغرىسىدا قانداق ھېكايە ۋە ئادەت سۆزلىرىنى بىلدىڭىز؟

3. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ماقال ـ تەمسىل، ھېكايىلىرىدە بۆرىنىڭ

ئوبرازى قايسى سۆزلەر (مەسىلەن، «پاراسەتلىك»، «قۇۋ»، «باتۇر»، «ۋەھشى» ......) بىلەن تەسۋىرلەنگەن؟ تۇراقلىق ئىبارىلەر، ماقال - تەمسىل، ھېكايىلەردىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ بۆرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى قايسى سۆزلەر (مەسىلەن، «ئۇلۇغلاش»، «قورقۇش» ......) بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولىدۇ.

4. پۇ سۇگلىن يازغان «بۆرە» دە قاسساپ بىلەن بۆرىنىڭ قايسىسى كۈچلۈك، قايسىسى ئاجىز؟ ئاخىرقى يېڭىش - يېڭىلىش قانداق بولدى؟ بۇ ھېكايىگە قانداق ئىدىيە ۋە ھېسسىيات سىڭدۈرۈلگەن؟

5. «ئانا بۆرىنىڭ پاراستى» دە ئادەمدىن قالسىلا بۆرە پاراسەتلىك مەخلۇق، دېيىلگەن. مۇئەللىپنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى ئاساسى نېمە؟ قوشۇلامسىز؟

6. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ھايۋانلارغا يازغۇچىلار ئادەم خاراكتېرىنى بېرىدۇ. مەسىلەن، بۆرىنى «پاراسەتلىك» ياكى «قۇۋ»، «باتۇر» ياكى «ۋەھشى» دەيدۇ. ئىشلىتىلگەن سۆزنىڭ باھا بېرىش پەرقىنى مۇئەللىپنىڭ مەيدان ۋە ھېسسىيات پوزىتسىيىسى بەلگىلەيدۇ. سىزنىڭچە، ئالىملار بۆرىنىڭ يىرتقۇچ ھايۋان ئىكەنلىكىنى قانداق سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ؟ ئۇلار يازغان ماقالىلەردىمۇ بەزىدە ھېسسىيات خاھىشى مەۋجۇت بولامدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

7. دۇنيادىكى بەزى مىللەتلەر يولۋاسقا، بەزى مىللەتلەر كالىغا، بەزى مىللەتلەر ئىلان ...... غا تىۋىنىدۇ (چوقۇنىدۇ). يەنە بەزى مىللەتلەر بۆرىگە ئىنتايىن تىۋىنىدۇ. موڭغۇللارنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ تۇراقلىق ئىبارىلىرىدە بۆرە قەھرىمانىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان، بەزىلەر ئادەمگە «بۆرە» دېگەن ئىسىمنى قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدە بۆرە ئىنساننى قوغدايدىغان ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. بۇلارنى باشقا بەزى مىللەتلەرنىڭ بۆرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قانداق ئىلھامغا ئىگە بولىشىڭىز مۇمكىن؟ مۇمكىن بولسا بۆرە ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ كۆرۈڭ.

8. «بۆرە ۋە بۇغا» دېگەن پايدىلىنىش ماتېرىيالىدا ھاياتلىق مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق باغلىنىشى تەسۋىرلەنگەن؟ بۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن چوڭقۇر ئىلمىي قائىدىنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

1. يۇقىرىدا ئۇتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىڭلار. سۆزنى مۇشۇ مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزۈپ بېرىلگەن ماتېرىياللار ۋە مەسىلىلەردىن باشلاپ، مۇنازىرە قىلىشاڭلارمۇ بولىدۇ.

2. بىر چىقىش نۇقتىسىنى تاللىۋېلىپ، ھەرخىل پايدىلىنىش كىتابلىرى ۋە ئىنتېرنېت تورىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماتېرىيال توپلاپ، بۆرە توغرىسىدا قىسقا ئىلمىي ماقالە ياكى ئاددىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىڭلار.

تۆۋەندىكى «تېما ئۈلگىلىرى» دىن پايدىلانساڭلارمۇ بولىدۇ. يازغان ئەسىرىڭ-لارنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئۆزۈڭلار قويساڭلارمۇ بولىدۇ:

بۆرە توغرىسىدا

x x رايوندىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ بۆرىگە بولغان تونۇشىنى تەكشۈرۈش

بۆرىگە نەپرەتلىنىش ۋە بۆرىگە چوقۇنۇش

ماقال – تەمسىل قاتارلىق تىل ماتېرىياللىرىدىن بۆرىگە بولغان تونۇشتىكى پەرقلەرگە نەزەر

بۆرە بىلەن باشقا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇناسىۋىتى ھەققىدە





## ئالتىنچى بۆلەك

# ئاجايىپ ـ غارايىپ خىياللار



تەسەۋۋۇر ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئۇ ئىنسانىيەتنى پەرۋاز قىلدۇرىدىغان قانات. بۇ بۆلەكتە بېرىلگەن ئەسەرلەردە زېمىندىن ئاسمانغىچە، شەيئىدىن ئادەمگىچە، خىيالدىن رېئاللىققىچە، ھازىردىن كەلگۈسىگىچە بولغان ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىپ، ئادەمنى تەسەۋۋۇر دۇلدۇلىدا پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. ئاجايىپ ـ غارايىپ خىياللارغا چۆمدۈرىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ يىلتىزى پەلسەپىۋى ھېكمەتكە تويۇنغان، كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. سىزمۇ تۇرمۇشتىن بىر تېما تاللاپ تەسەۋۋۇرىڭىزنى قاناتلاندۇرالامسىز؟



# 20 . يەتتە تال بىرىلىيانت

## لېۋ تولستوي[1]

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ، يەر يۈزىدە زور بىر قۇرغاقچىلىق بولۇپ ، بارلىق دەريا ئېقىنلىرى ۋە قۇدۇقلار ، ئوت ـ چۆپ ، دەل ـ دەرەخلەر قۇرۇپ كېتىپتۇ ، نۇرغۇن ئادەم ۋە ھايۋانلارمۇ تەشنالىقتىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ .

بىر كۈنى كېچىدە بىر قىزچاق ئاغرىق ياتقان ئانىسىغا سۇ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن كىچىك سوغىسىنى ئېلىپ ئۆيىدىن چىقىپتۇ . قىزچاق ھېچيەردىن سۇ تاپالماي ھالىدىن كېتىپ چۆپلىككە يىقىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ . قىزچاق ئويغىنىپ سوغىسىغا قارىسا سوغىسىدا لىققىدە سۈزۈك سۇ تۇرغۇدەك . قىزچاق بەكمۇ خۇشال بولۇپ ، سۇنى قانغۇدەك ئىچكۈسى كەپتۇ ، بىراق سۇنىڭ ئانىسىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، سوغىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ . قىزچاق ئالدىراشلىقىدا بىر كۈچۈكنى دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ، سوغىسىمۇ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ ، كۈچۈكمۇ نالىلىك ئىڭراپتۇ ، قىزچاق ئۆزىنى دەرھال سوغىسىغا ئېتىپتۇ .

قىزچاق سۇنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ كەتتى ، دەپ ئويلىغان ئىكەن ، نېمە ئۈچۈندۇر ، سوغا شۇ پېتى يەردە تۇرغان بولۇپ ، سۇيىمۇ تېخى لىق

---

[1] لېۋ تولستوينىڭ بۇ بالىلار چۆچىكى «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىلىدىكى 22 ـ سانىدىن ئېلىندى . لېۋ تولستوي (1828 — 1910) 19 ـ ئەسىردىكى رۇسىيىلىك ئۇلۇغ يازغۇچى . ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ، «ئاننا كارېنىنا» ، «تىرىلىش» ، «ھاجى مۇرات» قاتارلىق رومانلىرى بار ، ئۇ يەنە نۇرغۇن بالىلار چۆچەكلىرىنى يازغان .

ئىكەن . قىزچاق ئالىقىنىغا ئازراق سۇ قۇيۇپتۇ، كۈچۈك ئۇنىڭ ئالىقىنىنى يالاپ ئويناقشىپ كېتىپتۇ . قىزچاق سوغىسىنى قولىغا



ئېلىشىغا ياغاچ سوغاكۈمۈش سوغىغا ئايلىنىپتۇ . قىزچاق سۇنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ ئانىسىغا بېرىپتۇ . قىزچاقنىڭ ئانىسى : «ھامىنى ئۆلىدىغان بولدۇم ، سۇنى ئۆزۈڭ ئىچكىن» دەپ سوغىنى قىزچاققا سۇنۇپتۇ . ھەش — پەش دېگۈچە بولغان مۇشۇ ئارىلىقتا كۈمۈش سوغا ئالتۇن سوغىغا ئايلىنىپتۇ . قىزچاق ئەمدى تەشنالىققا چىدىماي سوغىنى ئېلىپ ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا سىرتتىن بىر يولۇچى كىرىپ ئۇسسۇزلۇق سوراپتۇ . قىزچاق تۆكۈرىكىنى يۇتقىنىچە سۇنى يولۇچىغا تەڭلەپتۇ . بۇ چاغدا تۇساتتىن سوغا ئىچىدىن ناھايىتى يوغان يەتتە تال برىلىيانت چاچراپ چىقىپتۇ ، ئارقىدىنلا سوغىدىن بۇلدۇقلاپ سۈزۈك سۇ ئېقىپ چىقىپتۇ .

يەتتە دانە برىلىيانت بولسا بارغانسېرى ئېگىز ئۆرلەپ ، كۆككە

چىقىپ يەتتە دانە يۇلتۇزغا ئايلىنىپتۇ ، مانا بۇ كىشىلەر دەۋاتقان چولپان يۇلتۇزلار تۈركۈمى ئىكەن .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . قىزچاقنىڭ سوغىسى خاسىيەتلىك ، ئۇنىڭ خاسىيىتى نەدە ؟ ئاپتور نېمە ئۈچۈن سوغىنى بۇنداق خاسىيەتلىك قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىنىڭ قانداق گۈزەل ئارزۇنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ بېقىڭلار .

يەتتە دانە برىلليانت بارغانسېرى ئېگىز ئۆرلەپ ، كۆككە چىقىپ يەتتە دانە يۇلتۇزغا ئايلىنىپتۇ ، مانا بۇ كىشىلەر دەۋاتقان چولپان يۇلتۇزلار تۈركۈمى ئىكەن .

3 . چۆچەكتە «قىزچاق ھېچيەردىن سۇ تاپالماي ھالىدىن كېتىپ چۆپلۈككە يىقىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ» دېيىلگەن . ئەگەر قىزچاق بۇ چاغدا چۈش كۆرگەن بولسا قانداق چۈش كۆرەتتى ؟ تەسەۋۋۇرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ چۈشتىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېقىڭ .

4 . تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار .

# 21 . زەڭگەر پادىشاھلىق

تۇرگېنېۋ[①]

ئاھ ! زەڭگەر پادىشاھلىق ، زەڭگەر رەڭگە ، يورۇقلۇققا ، ياشلىققا ، سائادەتكە تولغان پادىشاھلىق ! چۈشۈمدە سېنى كۆرگەنىدىم...

نەچچىمىز چىرايلىق بېزەلگەن كېمىگە چۈشتۇق . ئاق يەلكەن خۇددى ئاق قۇنىڭ كۆكرىكىدەك كۆپۈپ چىقتى ، يەلكەننىڭ ئۈستىگە سازجىلغان بىرنەچچە كىچىك توغ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى .

مەن ھەمراھلىرىمنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم ، بىراق مەن ئۇلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ياش ، شاد ، بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئىچ ـ ئىچىمدىن ھېس قىلىۋاتاتتىم !

يەنە كېلىپ ئۇلارغىمۇ تازا زەڭ سالمىغانىدىم . مەن پەقەت ئەتراپىمدىكىسىنىڭ چەكسىز كەتكەن زەڭگەر دېڭىز ئىكەنلىكىنى ، دېڭىز يۈزىدە كۈمۈش تەڭگىدەك دولقۇنلارنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى ، ئۈستۈمدىمۇ ئوخشاشلا چەكسىز كەتكەن زەڭگەر دېڭىز ئىكەنلىكىنى كۆردۈم — ئۇ يەردە ئىللىق قۇياش يېقىملىق تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى .

بىز گاھىدا جاراڭلىق ھەم شاد كۈلەتتۇق ، كۈلكىمىز خۇددى جەننەتتىكى پەرىشتىلەرنىڭ كۈلكىسىگە ئوخشايتتى !

بەزىدە ، توساتتىن بىرلىرى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان تەڭداشسىز گۈزەل شېئىرلارنى ئوقۇيتتى... بۇ چاغدا كۆكمۇ بىز بىلەن بىرگە مۇشائىرىدە بولاتتى ، ئەتراپتىكى دېڭىزمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي مەۋجلىنىپ كېتەتتى

---

① تۇرگېنېۋ — (1818 — 1883) رۇسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى . ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «ئاتا ۋە بالا» ، «ئوۋچى خاتىرىسى» ، «ھارپا» قاتارلىقلار بار .

... ئارقىدىنلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى .

كىچىك كېمىمىز ئاجىز دولقۇنلاردا چايقىلىپ ، گاھ كۆتىرىلىپ گاھ تـۆۋەنـلـەيتتى . ئۇنى ئىلگىرىلىتىۋاتقىنى شامال ئەمەس ئىدى ؛ ئۇنى بىزنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىز قەلبىمىز باشقۇرىۋاتاتتى . خىيالىمىزدا نەگە بېرىشنى ئويلىساق ، كېمە شۇ يەرگە باراتتى ، ئۇ خۇددى جېنى باردەك بۇيرۇقىمىزنى تولۇق بەجا كەلتۈرەتتى .

بىز بەزى ئاراللارنى — سۈيىنىڭ سۈزۈكلىكىدىن تېگى كۆرۈنىدىغان بېھىش كەبى ئاراللارنى كۆردۇق ، ئاراللاردىكى مەرۋايىتلار ئادەمنىڭ كـۆزىـنـى چاقنىتاتتى . بېھىش كەبى بۇ ئاراللارنىڭ بورتۇپ چىققان قىرغاقلىرىدىن ئادەمنى مەست قىلغۇدەك خۇشپۇراق كېلىپ تۇراتتى ؛ بەزى ئاراللاردىن ئۇچىمىزغا ئاق ئەتىرگۈل ۋە لاندىش گۈللىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى ؛ بەزى ئاراللاردىن تۈيۈقسىز رەڭگارەڭ ئۇزۇن قاناتلىق قۇشلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى .

قـۇشلار ئۈستىمىزدە پەرۋاز قىلاتتى ، لاندىش گۈللىرى ۋە ئەتىر گـۈلـلـەر كـېـمە قىرغىقىنى بويلاپ ئۈنچىدەك دۈمىلاپ ، بىر بىرىگە ئايرىۋالغۇسىز ئارىلىشىپ كېتەتتى .

گۈللەر ۋە قۇشلارنىڭ ئـۇچىشىغـا ئـەگىشىپ ھېلىدىـن ھېلىغا يېقىملىق ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى... بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى قىزلارنىڭ ئـاۋازىـغـا ئوخشايتتى... ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ، جۇملىدىن كۆك ، دېڭىز ، يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان يەلكەن ، كېمە قۇيرۇقىدىكى سۇ ئېقىمى ... مۇھەببەت ئىزھار قىلاتتى ، تەڭداشسىز بەختكە چۈلغانغان مۇھەببەت ئىزھار قىلاتتى !

ئۇ — ھەربىر ئادەم سۆيىدىغان ئاشۇ ئايال مانا مۇشۇ يەردە ئىدى ... ئۇنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ يېقىنلا جايدا ئىدى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقنايتتى ، يۈزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولاتتى... ئۇنىڭ قوللىرى قولىڭىزنى تۇتۇپ ، سىزنى مەڭگۈ سولماس جەننەتكە باشلايتتى !

ئاھ ! زەڭگەر پادىشاھلىق ، چۈشۈمدە سېنى كۆرگەنىدىم...

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1 . ئاپتورنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئەتراپىمدىكىسىنىڭ چەكسىز كەتكەن زەڭگەر دېڭىز ئىكەنلىكىنى» ، «ئۈستۈمدىمۇ ئوخشاشلا چەكسىز كەتكەن زەڭگەر دېڭىز ئىكەنلىكىنى» دەپ يازغانلىقىنى ، تېكىستتە ئىككى قېتىم «ئاھ ! زەڭگەر پادىشاھلىق سېنى چۈشۈمدە كۆرگەنىدىم··· » دەپ يازغانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار .

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، مەسىلىلەرنى ئويلاپ كۆرۈڭ .

1 ) ئۇنى ئىلگىرىلىتىۋاتقىنى شامال ئەمەس ئىدى ؛ ئۇنى بىزنىڭ غەم — ئەندىشىسىز قەلبىمىز باشقۇرۇۋاتاتتى — خىيالىمىزدا نەگە بېرىشنى ئويلىساق كېمە شۇ يەرگە باراتتى ، بۇيرۇقىمىزنى تولۇق بەجا كەلتۈرەتتى .

كېمىنى ئىلگىرىلىتىۋاتقىنى شامال بولماي ، قەلب بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ سىز بۇ ھادىسىنى قانداق چۈشەندىڭىز ؟

2 ) ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ، جۈملىدىن كۆك ، دېڭىز ، يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان يەلكەن ، كېمە قۇيرۇقىدىكى سۇ ئېقىمى··· مۇھەببەت ئىزھار قىلاتتى ، تەڭداشسىز بەختكە چۈلغانغان مۇھەببەت ئىزھار قىلاتتى !

كۆك ، دېڭىز ، يەلكەن ، سۇ ئېقىمى قاتارلىق جانسىز شەيئىلەرگە مۇھەببەت «ئىزھار قىلدۇرۇش» ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قېتىم «ئىزھار قىلدۇرۇش» شەكلىدە يېزىلغان ، بۇنداق يېزىشنىڭ قانداق رولى بار؟

3 . بۇ تېكىستتە زەڭگەر پادىشاھلىقنى تەسۋىرلەشتە نۇرغۇن سۈپەتلەر ئىشلىتىلگەن ، ئۇلارنىڭ ئاستىغا سىزىپ ، بۇ سۆزلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ياخشى ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈڭ .

# 22 . ئۆر توقماق

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن موماي ئۆزىنىڭ ئۈچ ـ تۆت يېتىم نەۋرىسىنى بېقىپ ، بىر دەريانىڭ بويىدا ياشايدىكەن ، ئۇلارنىڭ پەقەت بىر توپلا قاغا جىگدىسى بار بولۇپ ، ئۇلار ئاساسەن شۇ جىگدىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىكەن . ئەمما بۇ جىگدىگە قاغىلار ئۆگىنىۋاپتۇ . بىرى كەتسە بىرى كېلىپ ، جىگدىگە ئارام بەرمەيدىكەن . بوۋاي جىگدىنى قاغىلاردىن ساقلاشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ . ئويلا ـ ئويلا ئاخىر بىر چارە تېپىپتۇ : بىر كەپتەرنىڭ باچكىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، قېنىنى ئۆزىنىڭ پۇت-لىرىغا ، كىندىكلىرىگە ، باشلىرىغا سۈۋاپتۇ ـ دە ، جىگدىنىڭ ئاستىغا كېلىپ ، ئۆلۈپ قالغاندەك يېتىپتۇ . بىر چاغدا بىر قاغا جىگدىگە كېلىپ قونۇپ ، كانىيىنى سوزۇپ قاقىلداپتۇ . بوۋاينىڭ يۈزىگە جىگدىلەردىن بىر نەچچىنى چوقۇلاپ چۈشۈرۈپ سىناپ بېقىپتۇ ، قارىسا بوۋاي جىم ياتقۇدەك . «هە ، بۇ بىر تاپ ئوخشايدۇ» دەپ پەسكە چۈشۈپتۇ . ئاستا ئالچاڭلاپ كېلىپ ، بوۋاينىڭ تىرناقلىرىنى چوقۇپ بېقىپتۇ . يەنە جىم . قاغا بوۋاينىڭ قورسىقى ئۈستىگە چىقىپ ، كىندىكتىكى قېتىپ قالغان قانلارنى چوقۇپ يەپتۇ . شۇ يەردىن قاغا ئاۋۋال «ئۆلۈك» نىڭ كۆزىنى چوقۇپ يەي ، دەپ بىر سەكرەپ بوۋاينىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا قونۇپتۇ . قارىسا بارماقلىرى بوۋاينىڭ ئاغزىغا قىسىلىپ قاپتۇ . قاغا دەررۇ بىر هىيلە ئويلاپ : «مۇبارەك بولسۇن تىرىلىپ قالغانلىرىغا بوۋاي !» دەپتۇ . بوۋاي «هىم» دەپ ئاغزىنى شۇنداق ئېچىشىغا ، قاچ-ماقچى بولغان قاغا ئەمدى ئۆزىنى بوۋاينىڭ چاڭگىلىدا كۆرۈپتۇ . قاغا :

— باش ـ كۆزىڭىزنىڭ سەدىقىسى ئۈچۈن بولسىمۇ مېنى قويۇپ بەرسىڭىز ! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ .

— تاس قالدىم كۆزۈمنىمۇ ساڭا سەدىقە قىلغىلى ، ئەمدى سېنى قويۇپ بېرىش دېگەن يوق گەپ ، — دەپ ئۇنىماپتۇ بوۋاي .

— مەن سىزنى تۇگىمەس بايلىققا ئېرىشتۇرۇپ قويای — ......
دەپ يەنە يالۋۇرۇپتۇ قاغا .

— مەن چىرايلىق سۆزلەرگە تولا ئالدىنىپ ، قېرىغاندا مۇشۇ كۈنگە قالغان ، ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ساڭا ئالدىنىپ نەگە باراي ، —
دەپتۇ بوۋاي .

— مەن بولسام قاغىلارنىڭ ئەڭ قېرىسى ، مىڭ ياشتىن ئاشتىم .
ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ۋەدەمگە شۇنداق بىر ۋاپا قىلىپ ئۆتەيكى ، ئادەم بالىسى مېنى بىر بىلىپ قالسۇن — ...... دەپ كۆسا ئېڭەكلىرىنى بوۋاينىڭ ئوتتۇندەك بارماقلىرىغا سۈركەپ يىغلاپتۇ . «قېرى قېرىنىڭ قاياشى » دېگەندەك ، بوۋاينىڭ كۆڭلى ئېرىپ : «خەير ، بۇنىمۇ بىر كۆرۈپ باقاي » دەپ قاغىنى قويۇپ بېرىپتۇ . قاغا ئىنتايىن خۇش بو-
لۇپ ، تەزىم قىلىپ :

— قېنى مېنىڭ ئارقامغا چۈشۈپ مېڭىڭ ، — دەپتۇ .

قاغا بىردەم ئۇ دەرەخقە ، بىردەم بۇ دەرەخقە قونۇپ ، ئاخىر بىر جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ يوغان بىر قېرى توغراققا كېلىپ قونۇپتۇ . بوۋاي ھاسىسى بىلەن دوڭغاقلاپ كېلىپ ، ئەتراپقا شۇنداق قارىسا ، مال - چارۋا دېگەن مىغىلداپ يايلاپ يۈرگەن ، قويلارنىڭ ئۈستىدە تورغايلار ئۇۋۇلىغان ، سۈلۈق ، ئوتلۇق ...... شۇنداق چىرايلىق بىر جاڭگال ئىكەن . قاغا توغراقنىڭ تۇۋىدىكى كامارنىڭ يېنىغا چۈ-
شۈپ :

— خوش ، بوۋاي ، قېنى ئىلتىپات قىلسىلا ، — دەپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ . بوۋاي قاغىغا :

— بۇ كامارغا مەن قانداق پاتىمەن ؟ — دەپتۇ .

— قېنى قەدەملىرىنى قويسىلا ، بىر گەپ بولار ، — دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ قاغا . بوۋاي «خەير » دەپ شۇنداق قەدەم تاشلىغاننى بىلىپتۇ ، قالغىنىنى بىلمەپتۇ ، كۆزلىرىگە ھەرخىل يورۇقلۇق كۆرۈ-
نۇپ ، قۇلاقلىرىغا خىلمۇخىل يېقىملىق ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ ، ئالدىدا ئۈنچىلەر چېچىلىپ ، قۇلۇپلار جاراڭلاپ ، چوڭ ئىشىكلەر ئېچىلىپتۇ .
قارىسا بوۋاي بىر بوستانلىقتىكى سۇپىغا كېلىپ قاپتۇ ، قاغا بوۋاينى

سۈپىنىڭ ئۈستىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۆزى سۈپىنىڭ بىر چېتىدىكى پۆتلىرىغا رەڭمۇرەڭ گۈللەر يامىشىپ كەتكەن بىر كۇرسىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ:

— مەن بولسام قاغىلارنىڭ پادىشاھى، شۇنداق بولسىمۇ ئادىتىمىز-نىڭ ئارقىسىغا كىرىپ سىزگە يولۇقۇپ قالدىم ...... خەير، ۋەدىگە ۋاپا، قىرراق! — دەپتىكەن، سۈپىنىڭ ئالدىغان بىر قارا ئېشەك پەيدا بولۇپتۇ. قاغا:

— مانا بۇ ئېشەك سىزگە ۋاپالىق سوۋغىسى. سىز بۇ ئېشەككە شۇنداق مىنگەندە ئۆزىڭىزنى بىر يول ئۈستىدە كۆرىسىز؛ شۇ يول بىلەن مېڭىپ، كەچ قالسىڭىزمۇ يولدا ھېچكىمنىڭكىدە قونماي، ئۆيىڭىزگە بېرىڭ، ئالتۇن ـ كۈمۈش لازىم بولسا، مۇشۇ ئېشەكنى بىر كۆرپىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ: «ساڭقالڭ ئېشىكىم ساڭقالڭ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ساڭقالڭ!» دېسىڭىز، سىزگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ساڭقاپ بېرىدۇ، لېكىن بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي «خوپ» دەپ ئېشەككە شۇنداق مىنىشىگە، راست دېگەندەك، ئۆزىنى يول ئۈستىدە كۆرۈپتۇ. ماڭا ـ ماڭا كەچ بوپتۇ. ئالدىغا بىر توگمەن ئۇچراپتۇ. توگمەنچى چىقىپ: «ۋاي قونۇپ كەتسىلە ......» دەپ ئۆيىگە باشلاپتۇ. ئاخشىمى ياتارىدا بوۋاي توگمەنچىگە:

— ئېشىكىمگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ساڭقالڭ دېمەي، ئوبدان قاراپ قويسىلا، — دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

توگمەنچى كېچىدە ئاستا چىقىپ، ئېشەككە ھېلىقى گەپنى دەپتى-كەن، بىر مۇنچە تەڭگە تېزەكلەپ بېرىپتۇ. توگمەنچى ئېشەكنى تېگىشى-ۋېلىپ، چاندۇرماي ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلىۋاپتۇ. بوۋاي سەھەر تۇرۇپ، ئېشەكنىڭ ئالماشتۇرۇۋېلىنغانلىقىنى سەزمەي مىنىپ يولىغا راۋان بوپ-تۇ. ئۆيىگە بېرىپ بولغان ۋەقەنى مومىيىغا ۋە نەۋرىلىرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىراق ـ يېقىندىكى تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن زىلچە ـ گىلەم سوراپ كېلىپ ئۆيىگە ساپتۇ ۋە پادىشاھنىمۇ بۇ كارامەتنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئېشەكنى كۆرپىگە چىقىرىپ، قاغا ئۆگىتىپ قويغان ھېلىقى سۆزلەرنى دەپتۇ، ئېشەك جىم تۇرۇپتۇ، ئىككىنچى قېتىم

دەپتۇ، ئىشەك يەنە جىم تۇرۇپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم دەپتۇ، ئىشەك يەنە جىم، ئاخىر كالتەك بىلەن راسا بىرنى ئۇرۇپ، ۋارقىراپ دەپتۇ، ئىشەك تاياققا چىدىماي بىر ئىنجىقلاپتىكەن، ئالتۇن - كۈمۈشنى كۈتۈپ ئولتۇرغان پادىشاھ تېزەك ئاستىدا قاپتۇ.

پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ: «جاللات» دەپ ۋارقىراپتۇ، بىراق ئەتراپىغا قارىسا جاللات يوق، «كىمىڭنى ئەخمەق قىلىسەن!» دەپ بوۋاينى تازا ئۇرۇپ يەرگە چاپلىۋېتىپ كېتىپتۇ......

بىچارە بوۋاي ئەتىسى كۆزىنى ئاچسا، مومىيى ھەم يىغلاپ، ھەم تاپا - تەنە قىلىپ بېشىدا ئولتۇرغۇدەك. بوۋاي چىشىنى چىشلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشەككە مىنىپ جاڭگالغا يول ئاپتۇ. قاغىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ئىشلارنى بايان قىپتۇ. قاغا بوۋاينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن «قىرراق» دەپتىكەن، دەررۇ بىر داستىخان پەيدا بوپتۇ، قاغا:

— مانا بۇ داستىخاننى ئېلىڭ! قاچانكى غىزا - تاماق لازىم بولسا «ئېچىل داستىخىنىم، ئېچىل» دېسىڭىز، دەررۇ ئېچىلىپ، ئۈستىدە خىلمۇ خىل تائاملار ھازىر بولىدۇ. يولدا ھېچ يەردە قونماڭ، داستىخاننىڭ سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتماڭ، — دەپتۇ. بوۋاي خۇشال بولۇپ، داستىخاننى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ماڭا — ماڭا كۈن كەچ بوپتۇ، يەنە ھېلىقى تۈگمەنچىنىڭكىگە چۈشۈپتۇ. يېتىش ئالدىدا:

— ماۋۇ داستىخانغا «ئېچىل داستىخىنىم، ئېچىل!» دېمەي ئۆيدان قاراپ قويسىلا، — دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

تۈگمەنچى كېچىدە ئاستا قوپۇپ، خوتۇن - بالىلىرىنى ئويغۇتۇپ گەپنى بىر قىلىپ، «ئېچىل داستىخىنىم، ئېچىل!» دېگەنىكەن، داستىخان ئېچىلىپ، ئۈستىدە خىلمۇ خىل غىزالار تەييار بوپتۇ. تۈگمەنچى ئۇ غىزالارنى بالىلىرى بىلەن ھاپىلا - شاپىلا يېيىشىپ، قالغىنىنى جىمىقتۇرۇپ، داستىخاننىمۇ تېگىشىۋاپتۇ. بوۋاي ئەتىگىنى داستىخانغا زەن قويمايلا قوينىغا سېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۆيگە كىرە - كىرمەيلا مومىيىغا داستىخاننىڭ سىرىنى سۆزلەپ، مومىينىڭ ئۇنى-

مىغىنىغا قارىماي ئۆي راسلىتىپ پادىشاھقا خەۋەر بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ قېتىم ئۆزى كەلمەي ۋەزىرلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىرلەر سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ قالغان نەۋرىلىرىمۇ قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، ئىشىكتە تەلمۈرۈشۇپ تۇرۇپتۇ، ھەممە تەييار بولغاندىن كېيىن، بوۋاي: «ئېچىل داستىخىنىم، ئېچىل!» دەپتۇ. ئىككى قېتىم دەپتۇ، ئۈچ قېتىم دەپتۇ، داستىخاندىن ھېچ سادا چىقماپتۇ. ۋەزىرلەر كايىپ، بوۋاينى ئۇرۇپ يۇمۇلتىۋېتىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

موماي يىغلاپ بوۋاينى يەنە تاپا - تەنە ئاستىغا ئاپتۇ. بوۋاي قانداق قىلىشىنى بىلمەي، مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپ يەنە جاڭگالغا يول ئاپتۇ. بېرىپ قاغىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ۋەقەنى يەنە بايان ئەيلەپتۇ. قاغا:

— خەير، بۇ ئاخىرقىسى بولغاي، قىرراق ...... ! — دەپتۇ. بوۋاينىڭ ئالدىدا بىر تۇلۇم پەيدا بوپتۇ. قاغا:

— مانا بۇ تۇلۇم ئىچىدە بىر توقماق بار. قاچانكى بېشىڭىزغا كۈن چۈشىدىكەن، «ئۇر توقمىقىم، ئۇر!» دېسىڭىز، ھەر قانداق مۈشكۈل ئىشىڭىز ئاسان بولىدۇ، — دەپ يەنە باشتا ئېيتقان گەپلەرنى جېكىلەپ، بوۋاينى يولغا ساپتۇ. بوۋاي يەنە ھېلىقى تۈگمەن ئالدىغا كېلىشىگە تۈگمەنچى چىقىپ:

— ۋاي ئاكا، قونۇپ كەتسىلە ...... دەپ توسۇپتۇ. بوۋاي ماقۇل بولۇپ ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ. يېتىش ئالدىدا:

— ماۋۇ تۇلۇمنىڭ ئىچىدە بىر توقماق بار، «ئۇر توقمىقىم، ئۇر!» دېمەي، ئوبدان قاراپ قويسىلا، — دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ. تۈگمەنچى خوتۇنى بىلەن تۇلۇمنى ئاستا ئۆيگە ئوغرىلاپ چىقىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئۇر توقمىقىم، ئۇر!» دېگەنىكەن، تۇلۇمدىن توقماق چاچراپ چىقىپ، تۈگمەنچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى شۇنداق ئۇرغىلى تۇرۇپتۇكى، ئاللا - توۋىسىنىڭ دەستىدىن چىداپ تۇرغىلى بولماي قاپتۇ. بوۋاي يۈگۈرۈپ چىقسا ئىش باشقىچە ...... شۇ يەردىلا بوۋاي توقماققا قاتتىق ئۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. تۈگمەنچى: «ۋاي ئېشەكلى-

ـرنى قايتۇرۇپ بېرەي» دەپ ئېشەكنى تېپىپ كەپتۇ. توقماق توختىماي خوتۇننى دۇمبالاۋېرىپتۇ. تۈگمەنچىنىڭ خوتۇنى مىڭ بىر توۋا ئوقۇپ، داستىخاننى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. توقماق يەنە توختىماپتۇ. ئۇلار: بالى-مىزدىن بالىمىزغا پەندىيات، يۈز مىڭ توۋا، توقماقنى توختىتىڭ، بوۋا، — دەپ نالە قىپتۇ. بوۋاي:

— تۇر توقمىقىم، تۇر! — دەپتۇ، توقماق توختاپتۇ. بوۋاي ھەممە نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى ئېشىكىگە مىنىپ، ناخ-شىسىنى بولۇشىغا توۋلاپ يولغا راۋان بوپتۇ.

تەلەي كەلسە بېشىمغا،
يارىم كېلەر قېشىمغا.
توقماق يەيدۇ ئالدامچى،
توپا سالسا ئېشىمغا ......



بوۋاي ئۆيىگە كېلىپ ، موماينى قايىل قىلىپ ، تونۇش ـ بىلىشلە-
رىنى قىچقىرتىپ يەنە پادىشاھقا يوگورۇپتۇ ، پادىشاھ نىمە بالاغا قالدىم
بۇ ئەخمەق گادايدىن دەپ قوغلاپ چىقىرىپتۇ . ئارقىدىن پادىشاھنىڭ
تەمەگە ئۆگىنىپ قالغان كۆڭلى بېسىلماي ، يەنە «بېرىپ بېقىڭلار !»
دەپ بىرنەچچە ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپتۇ .

غىزادىن كېيىن ئېشەكنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ ، ياساۋۇللار-
دىن پادىشاھقا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى سوۋغا قىلىپتۇ .

پادىشاھ سوۋغىلارغا قانائەت قىلماي نىيىتىنى بۇزۇپتۇ ؛ بوۋاينىڭ
ئۆيىنى قوشقاچنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزغاندەك بۇزدۇرۇپ ھەممە نەرسىلەرنى
خەزىنىگە ئالماق بوپتۇ . بۇنى ئوردىدىكى قېرى باغۋەن ئاڭلاپ قېلىپ
بوۋايغا خەۋەر قىپتۇ ، بوۋاي ئۆگزىگە چىقىپ تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ .
قارىسا راست دېگەندەك بىر مۇنچە لەشكەرلەر كېلىۋاتقۇدەك ، لەشكەرلەر
يېقىنراق كەلگەندە بوۋاي توۋلاپتۇ :

— ھەي لەشكەرلەر ، ئارقىڭلارغا قايتىڭلار . ئالتۇن كېرەك بولسا
ئەۋەتىپ تۇراي ، بىزنى ئارامخۇدا كۈن كۆرگىلى قويۇڭلار ، — دەپتۇ .
لەشكەرلەر پىسەنت قىلماي باستۇرۇپ كەپتۇ ، بوۋاي شۇ ھامان توقماققا
ئەمىر بېرىپ :

— ئۇر توقمىقىم ، ئۇر ! — دەپتۇ .

توقماق لەشكەرلەرنى شۇنداق سالغىلى تۇرۇپتۇكى ، جاھان توپا ـ
چاڭغا ئايلىنىپ ، ئاران ئۈچ كىشى ئوردىغا قېچىپ بېرىشقا ئۈلگۈرەلە-
تۇ . پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ ، ھەممە لەشكەرلىرىنى چىقىرىپتۇ . توق-
ماقمۇ ھەممە كۈچىنى چىقىرىپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ . خالايىق توقماقنىڭ
ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ . لەشكەرلەر سايىنىڭ تېشىدەك قىرىلىپتۇ . ئوردا
ئېلىنىپ جەڭ تامام بوپتۇ ، ئەل ئامان بوپتۇ .

خەلق ئۆز ئىچىدىن ئادىل بىر كىشىنى تېپىپ پادىشاھ سايلاپتۇ .
بوۋاي بىلەن مومايمۇ مۇرادىغا يېتىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . مۇبادا سىزنىڭ «ئۇچار گىلەم» ، «ياغاچ ئات» ، «جاھاننەما ئەينەكى» ، «سۇلايمان قالپىقى» ، «ئېچىلىڭ داستىخىنىم» ، «ئۇر توقماق» قاتارلىقلارغا ئوخشاش خاسىيەتلىك نەرسىڭىز بولسا نېمە ئىشلارنى قىلغان بولاتتىڭىز ؟ تەسەۋۋۇرىڭىزنى ئەركىن قانات يايدۇرۇپ بايان قىلىپ بېقىڭ .

2 . بۇ خىيالىي چۆچەكتىكى بوۋاي ناھايىتى سەمىمىي ئادەم . ئۇ مۇشۇ تۇپەيلى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىققا ئۇچرايدۇ . سىزنىڭچە بۇنداق سەمىمىيلىك ھاماقەتلىكمۇ ياكى گۈزەل پەزىلەتمۇ ؟ قارشىڭلارنى سۆزلەپ مۇنازىرىلىشىپ بېقىڭلار .

3 . ئەگەر بوۋاي پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كەلگەندە ، توقماققا «ئۇر توقماق» دەپ بۇيرۇماي ئىككىلىنىپ تۇرغان بولسا ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار .

4 . ئىمكان بولسا سىنارىيىست ئۆمەر قادىر تەرىپىدىن سىنارىيىلەشتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن «ئۇر توقماق» ناملىق تېلېۋىزىيە ھېكايە فىلىمى (VCD) نى كۆرۈپ چىقىپ ، خىيالىي چۆچەكلەر ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېلىڭلار . ھەمدە ئەسلىي ئەسەر بىلەن سىنارىيىلەشتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەندىن كېيىنكى ئەسەردىكى پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار .

*5 . ئەگەر كۆڭلىڭىزدىكى راست گەپلىرىڭىزنى بوۋايغا ئېيتىش خىيالىدا بولسىڭىز ، بوۋايغا بىر پارچە سالام خەت يېزىڭ ھەم سىنىپتا ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ .

# 23 . پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

ئاندېرسون[1]

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن . ئۇ چىرايلىق كىيىمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن ، چىرايلىق كىيىنىش ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي قوشۇنىغىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن ، ئويۇن كۆرۈشنىمۇ ياقتۇرمايدىكەن ، يېڭى كىيىملىرىنى كۆرسىتىمەن دېمىسە ، شاھانە ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ باغ سەيلىسى قىلىشنىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەن . ئۇ ھەر سائەتتە دېگۈدەك كىيىم يۆتكەيدىكەن . پادىشاھلار تىلغا ئېلىنسا ، «ئۇ قوبۇلخانىسىدا» دېيىلگەندەك ، كىشىلەر ئۇنى تىلغا ئالسا «پادىشاھى ئالەم كىيىمخانىسىدا» دەيدىكەن .

پادىشاھ ياشايدىغان چوڭ شەھەردە تۇرمۇش كۆڭۈللۈك ۋە پاراۋان بولۇپ ، ھەر كۈنى نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر كېلىپ تۇرىدىكەن . بىر كۈنى ئىككى ئالدامچى كېلىپ ئۆزلىرىنى توقۇمىچى دەپ تونۇشتۇرۇپ ، ئىنسانلار ئارزۇ قىلغانلىكى ئەڭ ئېسىل رەختلەرنى توقۇيالايدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ . ئۇلار يەنە : رەختلەرنىڭ رەڭ ـ نۇسخىلىرى ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىملەرمۇ ئاجايىپ ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ داۋراڭ سېپتۇ . ئۇلار تېخىمۇ ئاشۇرۇپ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ياكى ئوڭشالماس دەرىجىدە ئەخمەق ئادەملەرنىڭلا بۇ كىيىملەرنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

«كۆڭلۈمدىكىدەك كىيىم ئىكەن ـ دە ! بۇنداق كىيىملەرنى كىيە-دىغان بولسام ، پادىشاھلىقىمدا قايسى كىشىلەرنىڭ قولىدىن ئىش كەل-

[1] ئاندېرسون — (1805 — 1875 ) دانىيىلىك مەشھۇر باللار يازغۇچىسى .

مەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمەن ، قايسى كىشىلەر ئەقىللىق ، قايسى كىشىلەر دۆت ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيمەن . خوپ ، مەن ئۇلارغا دەرھال بۇ رەختنى توقۇتايچۇ !» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ بۇ ئىككى ئالدامچىغا نۇرغۇن پۇل بېرىپ دەرھال ئىشنى باشلىتىپتۇ .

ئۇلار ئىككىسى دەستىگاھنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ ، ئىشلەۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ . لېكىن ئۇلارنىڭ دەستىگاھىدا بىرەر تال يىپنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدىكەن . ئۇلار ئەڭ ئىنچىكە يىپەك ۋە ئەڭ ياخشى ئالتۇنلاردىن بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلىپتۇ ۋە بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ تىقىپ قويۇپ ، قۇرۇق دەستىگاھتا ھەر كۈنى تۈن يېرىمغىچە ھەپىلەشىپ يۈرۈپتۇ .

«ئەجەبمۇ كۆرگۈم كەلدى ، ئۇلار كىيىملىكنى زادى قانچىلىك توقۇغاندۇ ؟ » دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ . بىراق ، ئۇ ئەخمەق ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ بۇ رەختلەرنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا دىلىغۇل بولىدىكەن . ئۇ بۇنىڭدىن قورقمايدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ ، يەنىلا ئالدى بىلەن باشقا بىر ئادەمنى ئەۋەتىپ ئىشنىڭ نەدىن نەگىچە بولىۋاتقانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ .

پۈتۈن شەھەردىكى كىشىلەر بۇ رەخت بىر خىل ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگىمىش ، دەپ ئاڭلاشقانىكەن . شۇڭا ھەممەيلەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئۆز يۇرتداشلىرىدىن زادى كىملەرنىڭ ئەخمەق ، يارامسىز ئىكەنلىكىنى سىناپ باقماقچى بولۇشۇپتۇ .

«سادىق ۋەزىرىمنى توقۇمىچىلارنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ باقاي ، ئۇ بۇ رەختنىڭ قانداقلىقىنى جەزمەن بىلەلەيدۇ ، چۈنكى ئۇ ناھايىتى دانىشمەن ، قولىدىن ئىش كېلىشتە ، ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭلەشمەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ .

بۇ ئاق كۆڭۈل ۋەزىر شۇ ۋەجىدىن ھېلىقى ئىككى ئالدامچىنىڭ تۇرغان ئۆيىگە بارسا ، ئۇلار قۇرۇق دەستىگاھتا پايپېتەك بولۇپ ئىشلەۋاتقىدەك .

«پەرۋەردىگاھ ئۆزۈڭ رەھىم قىلغايسەن ! — دەپ ئويلاپتۇ ۋەزىر كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ، — ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىمغۇ !» لېكىن

بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماپتۇ .
ھېلىقى ئىككى ئالدامچى ئۇنى يېقىنراق كېلىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە نۇسخىسى ئىنتايىن گۈزەلمىكەن ، رەڭگى ناھايىتى چىرايلىقمىكەن ، دەپ سوراپ قۇرۇق دەستىگاھلارنى كۆرسىتىۋېرىپتۇ . بىچارە ۋەزىرنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپتۇ ، لېكىن يەنىلا ھېچنەرسىنى كۆرەلمەپتۇ . چۈنكى ، ھەقىقەتەن ھېچنەرسە يوق ئىكەن .
«ۋاي خۇدايىم ! — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ، — مەن شۇنچە ئەخمەقمۇ ؟ مەن ھېچقاچان ئۆزۈمنى بۇنداق ئويلاپ باقماپتىكەنمەن . بۇنى ھېچكىم بىلمىسۇن . مەنزە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئادەمكەنمەندە ؟ ياق ، رەختنى كۆرەلمىگىنىمنى ھېچكىم بىلمىسۇن » .
— ۋەزىر ئەزەم پىكىرلىرى يوقمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى .
— ۋاي ، بەك چىرايلىقكەن ! ھەقىقەتەنمۇ بەك ئېسىل توقۇلۇپتۇ ! — ۋەزىر كۆز ئەينىكىنىڭ تېگىدىن سىنچىلاپ قاراپ ، — گۈللىرى نېمىدېگەن چىرايلىق ، رەڭگى نېمىدېگەن ئېسىل ! مەن بۇنى پادىشاھى ئالىمگە خەۋەر قىلىمەن . بۇ رەختتىن ئىنتايىن رازى بولدۇم ، — دەپتۇ .
— ئۆزلىرىگە يارىغان بولسىلا ، بىزمۇ ئىنتايىن مەمنۇن بولىمىز ، — دەپتۇ ئىككىسى تەڭلا . ئاندىن ئۇلار بۇ رەختلەرنىڭ رەڭ ـ نۇسخىلىـ ـرىنى تازا تەرىپلەپ بېرىپتۇ . ۋەزىر پادىشاھنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۆز پېتىچە يادلاپ بېرىش ئۈچۈن ، بۇ گەپلەرنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاپتۇ ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلىپتۇ .
ئالدامچىلار رەخت توقۇش ئۈچۈن ، يەنە نۇرغۇن پۇل ، يىپەك ۋە ئالتۇن تەلەپ قىلىپتۇ . ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى يانچۇقىغا سېلىپ ، يەنىلا قۇرۇق دەستىگاھتا ئادەتتىكىدەك ئىشلەۋېرىپتۇ .
ئۇزاق ئۆتمەي ، پادىشاھ يەنە بىر سادىق ئەمەلدارنى رەختنىڭ يەنە قانچىلىك ۋاقىتتا توقۇلۇپ بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ . ئۇمۇ ۋەزىرگە ئوخشاشلا دەستىگاھتا ھېچنەرسە كۆرەلمەپتۇ .
— قاراڭ ، بۇ رەخت چىرايلىقمىكەن ؟ — دەپ سوراپتۇ ئالدامچىلار بىرمۇنچە «گۈزەل نۇسخىلار» نى كۆرسىتىپتۇ ، چۈشەندۈرۈپتۇ ،

ئەمەلىيەتتە بۇ نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن.

«مەن ئەخمەق ئەمەستۇرمەن! — دەپ ئويلاپتۇ بۇ ئەمەلدار، — ئېھتىمال ئىقتىدارىم ئەمىلىمگە ماس كەلمىسە كېرەك. بۇمۇ قىزىق ئىش، لېكىن ھەرگىز باشقىلار ئۇقۇپ قالمىسۇن!» شۇڭا ئۇ ئۆزى پۈتۈنلەي كۆرمىگەن رەختلەرنى بىر قۇر مەدھىيىلەش بىلەن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بۇ ئېسىل رەڭ ۋە شوخ گۈللەردىن ئىنتايىن قانائەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ پادىشاھقا: — راست، ھەقىقەتەن بەك ئېسىل رەخت ئىكەن، — دەپتۇ.

بۇ ئېسىل رەخت توغرىسىدا، شەھەردىكى خالايىق ئىچىدە سۆز - چۆچەك تارقىلىپتۇ.

رەخت تېخى دەستىگاھتىكى ۋاقتىدىلا، پادىشاھنىڭ كۆرۈپ كەلگۈسى كېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان خادىملارنى ئالاھىدە بەلگىلەپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى كۆرۈپ كەلگەن ھېلىقى ئىككى سادىق ۋەزىرمۇ بار ئىكەن. ئاندىن ئۇ ھېلىقى ئىككى ھىيلىگەر تۇرغان جايغا بېرىپتۇ. بۇ ئىككى خۇمپەر پۈتۈن زېھنى بىلەن رەخت توقۇۋاتىسمۇ، لېكىن بىرەر تال يىپنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

— قارىسىلا، بۇ رەخت راست چىرايلىقمىكەن؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئىككى سادىق ئەمەلدار، — ئالىيلىرى، قارىسىلا، نېمىدېگەن نەپىس گۈللەر! نېمىدېگەن ئېسىل رەڭ! — ئۇلار ھېلىقى قۇرۇق دەستىگاھنى كۆرسىتىپتۇ. چۈنكى ئۇلار باشقىلارنى رەختنى جەزمەن كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئىشىنىدىكەن.

«بۇ قانداق ئىش؟ — پادىشاھ ئىچىدە ئويلاپتۇ، — مەن ھېچنېمىنى كۆرمەيۋاتىمەنغۇ! بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ، ئەجىبا، مەن شۇنچە ئەخمەقمۇ؟ ئەجىبا، مەن پادىشاھ بولۇشقا لايىق ئەمەسمۇ؟ بۇ مەن يولۇققان بىر قورقۇنچلۇق ئىش بولدى.»

— پاھ، ھەقىقەتەن ئىنتايىن گۈزەلكەن! — دەپتۇ پادىشاھ، — مەن ئىنتايىن رازى!

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۆزىنىڭ مەمنۇنىيىتىنى بىلدۈرۈپتۇ - يۇ، دەستىگاھقا سەپسېلىپ قاراپتۇ. چۈنكى ئۇ ھېچنېمە-

نى كۆرمىدىم ، دېيىشنى خالىمايدىكەن . ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ سەپسې-لىپ قارىشىپتۇ ، لېكىن ئۇلارمۇ پادىشاھقا ئوخشاشلا : «پاھ ، ھەقىقەتەن ئىنتايىن گۈزەلكەن !» دېيىشىپ ، پادىشاھقا : ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆر-غان نامايىش مۇراسىمىغا مۇشۇ ئېسىل رەختتىن كىيىم تىكتۈرۈپ كىيىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپتۇ .

— بۇ رەخت راست ئېسىل ! نەپىس ! تەڭدىشى يوق ئىكەن ! — ھەممەيلەن بىر - بىرىگە ئەگىشىپ سۆز قېتىشىپتۇ . ئۇلارنىڭ خۇشال-لىقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ . پادىشاھ ئالدامچىلارنىڭ ھەر بىرىگە تېگىش-لىك ئۇنۋان ۋە تۆگمىنىگە ئېسىۋالىدىغان بىردىن مېدال ھەدىيە قىلىپتۇ ھەمدە ئۇلارنى «پادىشاھنىڭ خاس توقۇمىچىلىرى» قىلىپ تەيىنلەپتۇ .

ئەتىسى ئەتىگەندە نامايىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ ، نامايىشنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ئىككى ئالدامچى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمىنى پۈتتۈرىمەن ، دەپ كېچىلەپ ئىشلىگەنلىكىنى كۆرسى-تىش ئۈچۈن ، كېچىچە كىرپىك قاقماي 16 دىن ئارتۇق شامنى يېقىپ قويۇپ ، رەختنى دەستىگاھتىن چۇشۇرۇۋاتقان ، ئىككى قايچا بىلەن قۇ-رۇقتىن قۇرۇق كېسىۋاتقان ۋە يىپسىز يىڭنە بىلەن تىكىۋاتقان ھەرىكەت-لەرنى قىلىپتۇ . ئاخىرىدا ئىككىسى تەڭلا : «قاراڭلار ! يېڭى كىيىم پۈتتى !» دېيىشىپتۇ .

پادىشاھ ئۆزى ئەڭ ئالىي چەۋەندازلىرىنى باشلاپ بېرىپتۇ . ئالدام-چىلار خۇددى قولىدا بىر نەرسە باردەك ، بىر قولىنى كۆتۈرۈپ :

— قارىسىلا پادىشاھى ئالەم ، بۇ شىملىرى ! بۇ يەكتەكلىرى ، بۇ بولسا چاپانلىرى ، بۇ كىيىملەر ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك يېنىك ، كىيگەن ئادەم ئۈچىسىدا ھېچنەرسە يوقتەك ھېس قىلىدۇ ، بۇ كىيىمنىڭ ئالاھى-دىلىكىمۇ دەل شۇ يەردە ، دېيىشىپتۇ .

— راست ئېيتىدۇ ، — دېيىشىپتۇ چەۋەندازلار . ئەمەلىيەتتە ئۇلار-مۇ ھېچنېمىنى كۆرمەپتۇ .

— پادىشاھى ئالەم ، ئەمدى كىيىملىرىنى يەشسىلە ، — دەپتۇ ئالدامچىلار ، — مانا بۇ تاش ئەينەك ئالدىدا ئۆزلىرىگە يېڭى كىيىملىرى-نى كىيگۈزۈپ قويايلى .

پادشاھ ئۆزىنىڭ ھەممە كىيىملىرىنى يېشىپتۇ . ئىككى ئالدامچى بايا تىكىپ بولغان يېڭى كىيىملەرنى بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىپتۇ ۋە خۇددى بىر نەرسە چېگىۋاتقاندەك ئۇنىڭ بېلى ئەتراپىدا بىردەم ھەپىلىشىپتۇ . ئۇلارنىڭ چىككىنى ئارقا پەشمىش . پادشاھ ئالىيلىرى ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ بەللىرىنى تولغاپ كۆرۈپتۇ .

پاھ ، پاھ ، بۇ كىيىم ئەجەب ياراشتى ! پىچىمى نېمىدېگەن چىراي-لىق ، — دېيىشىپتۇ ، ئەتراپتىكىلەر ، — گۈللىرىنى قاراڭلار ! رەڭگى-چۇ تېخى !

— ئاۋام پۇقرالار ئالىيلىرىنى كۈتۈپ قالدى ، سايىۋەنلەرمۇ ھازىر بولدى ، مۇراسىمغا مەرھەمەت قىلسىلا ! — دەپتۇ مۇراسىم باشلىقى .

— ھازىر ، مانا كىيىنىپ بولدۇم ، — دەپتۇ پادشاھ ، — كىيىمىم يارىشىپتىمۇ ؟ — ئۇ يەنە ئەينەك ئالدىدا چۆگىلەشكە باشلاپتۇ . ئۇ كۆپچىلىككە ئېسىل يېڭى كىيىملىرىنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ياققانلىقىنى بىلدۈرمەكچىكەن .

پادشاھنىڭ ئارقا پېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ۋەزىرلەر خۇددى پەشنى كۆتۈرۈپ ماڭغان قىياپەتتە قۇرۇق قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ پادى-شاھنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ . ئۇلارمۇ باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھېچ-نەرسە كۆرمىگەنلىكىنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن .

شۇنداق قىلىپ ، پادشاھ ھەشەمەتلىك سايىۋەن ئاستىدا نامايىشقا چىقىپتۇ . كوچىدا ۋە دېرىزىلەردە قارىشىپ تۇرغان كىشىلەر :

— پاھ ، پاھ ! پادشاھى ئالەمنىڭ يېڭى كىيىملىرى نېمىدېگەن ئېسىل ! قاراڭلار ، ئارقا پېشى نېمىدېگەن كۆركەم ! بۇ كىيىم ئۇنىڭغا تازا يارىشىپتۇ جۇمۇ ! — دېيىشىپ كېتىپتۇ .

ھېچكىم ئۆزىنىڭ ھېچنەرسە كۆرمىگىنىنى باشقىلارغا چاندۇرماپ-تۇ . چۈنكى ، چېنىپ قالسا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى قولىدىن ئىش كەلمەي-دىغان ئەخمەق دېيىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن . دەرۋەقە ، پادشاھنىڭ كى-يىملىرى ئەزەلدىن مۇنداق ماختاشقا سازاۋەر بولمىغانىكەن . تۇيۇقسىز بىر كىچىك بالا :

— بىراق ئۇ ھېچنېمە كىيمەپتۇغۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ .
— ۋاي خۇدايىمەي ، قاراڭلار ، بۇ بالىنىڭ گۆدەكلىكىنى ! — دەپتۇ دادىسى . لېكىن كۆپچىلىك بۇ بالىنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپنى قۇلاقتىن قۇلاققا تارقىتىۋېتىپتۇ :
— ئۇ ھېچنېمە كىيمەپتۇ ! بىر كىچىك بالا ئۇنىڭ كىيىم كىيمىگەنلىكىنى دەۋېتىپتۇ !
— ئۇ راست ھېچنېمە كىيمىگەنغۇ !
ئاخىر پۇقرالارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىپتۇ . پادىشاھنى سەل سۇر بېسىپتۇ . چۈنكى ئۇنىڭغا پۇقرالارنىڭ گېپى توغرىدەك تۇيۇلۇپتۇ . بىراق ئۇ ئىچىدە : «نامايىشنىڭ ئاخىرىغىچە تاقەت قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ . شۇڭا ئۇ تېخىمۇ مەغرۇر قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ . ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئارقا پەشنى كۆتۈرۈپ كەينىدىن مېڭىۋېرىپتۇ .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . چۆچەكتە ھېچقانداق مەۋجۇت بولمىغان «يېڭى كىيىم» نى پادىشاھتىن پۇقراغىچە ھېچكىم كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟
2 . چۆچەكنىڭ ئاخىرىدا بىر بالا توساتتىن راست گەپ قىلىپ تاشلايدۇ . ئارقىدىنلا پۇقرالارمۇ راست گەپ قىلىشىدۇ . بىراق پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى يەنىلا بىلمىگەنگە سېلىۋالىدۇ . ئاپتورنىڭ بۇنداق تەسۋىرلىشىنى سىز قانداق چۈشەندىڭىز ؟
3 . پادىشاھ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن ئەھۋال قانداق بولىدۇ ؟ كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىشىپ تەسەۋۋۇرۇڭلارنى قانات يايدۇرۇپ بېقىڭلار .
4 . راست گەپ قىلىش ئۈچۈن جاسارەتلىك بولۇش كېرەك . بەزىدە ھەتتا ئېغىر بەدەل تۆلەشكىمۇ توغرا كېلىدۇ . ئەگەر چۆچەكتىكى ئاشۇ سورۇندا بولغان بولسىڭىز ، سىز قانداق قىلاتتىڭىز ؟ تۇرمۇش

تەجرىبىلىرىڭىزگە بىرلەشتۈرۈپ راست گەپ قىلىشقا ئائىت مەسىلىلەر-
نى مۇلاھىزە قىلىڭلار .

5 . بەزىلەر تېكىستتە تەسۋىرلەنگەن ئالدامچىلارنىڭمۇ مۇئەييەنلەش-
تۈرۈشكە تېگىشلىك جايلىرى بار ، دەپ قارايدىكەن . بەزىلەر بولسا بۇ
خىل قاراشقا قوشۇلمايدىكەن . بۇ مەسىلىنى چۆرىدەپ بەس - مۇنازىرە
ئېلىپ بېرىڭلار .

چۆچەكتە كۆپرەك مۇبالىغە ۋە ئوخشىتىش ۋاسىتىسى قوللىنىل-
غان . سىز بۇلارنى ئوقۇپ مۇبالىغە ۋە ئوخشىتىشنىڭ قانداق شارائىتتا ،
قانداق ئىپادىلىنىش ئۈنۈمىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز ؟



# ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، تۆلكە ياساۋۇل ئىكەن، بۆرە ھاكاۋۇر ئىكەن، غاز كانايچى ئىكەن، ئۆردەك سۇنايچى ئىكەن، قاغا قاراقچى ئىكەن، سېغىزخان يالاقچى ئىكەن، پاقا پوستەكچى ئىكەن، ئىلان تۈگمەنچى ئىكەن؛ ئەنە شۇ زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. قىز بويىغا يەتكەندە ئەتراپتىكى پادىشاھلارنىڭ شاھزادىلىرى بەس - بەس بىلەن قىزغا ئەلچى ئەۋەتىشىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىسىمۇ، قىز زادىلا ئۇنىماپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن، قىزىنىڭ ئالدىغا ئىنىكئانىسىنى كىرگۈزۈپ، قىزنى ياتلىق بولۇشقا كۆندۈرمەكچى بوپتۇ. ئىنىكئانا پادىشاھنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، بەخت - پاراغەتتىن، زىبۇ - زىننەتتىن، نەغمە - ناۋادىن، تاجۇ — تەختتىن سۆز ئاچقانىكەن. قىز:

— مەن ھايۋاندىن پەرقلىنىمەن، مال - بايلىقتىن ئۈستۈنمەن. كىمكى شەرتىمنى ئادا قىلسا، شۇنىڭ گۈلى مەن، — دەپتۇ.

ئىنىكئانا قىزنىڭ سۆزىگە ئەجەپلىنىپ «خەير، نېمىكى بولسا قېنى بىر ئاڭلاپ باقاي» دەپ ئويلاپتۇ. ئاندىن:

— خوش، شەرتىڭنى سۆزلە قىزىم، مەن بىر ئۇقاي، مۇناسىپ كەلسە پۈتۈن ئالەمگە جاكار قىلاي، — دەپتۇ.

— ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان ئېيتالىغان يىگىتكە ياتلىق قىلىن-

سام رازىمەن ، مېنىڭ شەرتىم شۇ ، — دەپتۇ قىز .

پادىشاھ ئىنىكئانىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ۋەزىر ، ئۆلىمالىرىنى چاقىرىپ ، ئۇلارغا بارلىق شاھزادىلەرنىڭ ئەلچىلىرىگە قىزنىڭ شۇ شەرتىنى ۋە كىمكى راستىنى يالغان دېسە بېشى ئېلىنىدىغانلىقىنى جاكارلاپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ .

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەملىكەتلەرنىڭ شاھزادىلىرى ، چوڭ — كىچىك يۇرتنىڭ بەگزادىلىرى ۋە ھەرقايسى خانلىقنىڭ خانزادىلىرى كېلىشكە باشلاپتۇ . لېكىن بەزىلىرى بۇ شەرتنى ئادا قىلىشقا كۆزى يەتمەي ، قىزنىڭ مېھرىدىن كېچىپتۇ . بەزىلىرى بولسا قىزنىڭ ئوت - پىراقىدا شەرتنى ئادا قىلالماي باشلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپتۇ .

پادىشاھ ئاخىر ئىنىكئانا ئارقىلىق قىزىغا بۇ شەرتنى ئادا قىلىدىغان بىرەر ئەقىللىق شاھزادە ، خانزادە ۋە بەگزادىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ . قىزىنى ئەقىلسىزلىقتا ئەيىبلەپتۇ . لېكىن قىز بۇنىڭغا زادىلا كۆنمەپتۇ . قىز ئىشەنچ بىلەن «بۇنى ئېيتالايدىغان كىشى چىقىدۇ ، دادام سەۋر قىلسۇن ، ئەگەر چىقمىسا مەيلى» دەپتۇ .

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ . قىزنىڭ بۇ شەرتىنى نى - نى شاھزادىلەر ، خانزادىلەر ۋە بەگزادىلەرنىڭ ئادا قىلالمىغانلىقى چۆچەك بولۇپ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ تەرەپ - تەرەپكە تارقاپتۇ .

ئەمدى گەپنى مۇشۇ پادىشاھنىڭ مەملىكىتىگە قاراشلىق يىراق يېزىدىكى بىر يوقسۇل موماينىڭ ئوغلىدىن ئاڭلايلى .

چەت بىر يېزىدا ناھايىتى كەمبەغەل بىر موماي ياشايدىكەن ، ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن ، ئانا - بالا ئىككىسى ئەتىدىن كەچكىچە كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەپ ، كۈننى ئاران ئۆتكۈزىدىكەن . يىگىت ئىشنى شۇنچە تېز ئىشلىسىمۇ ، بايلار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ ، ئۆز ئىسمىنى ئاتىماي «گال» دەپ ئاتايدىكەن .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، گال شاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ رۇخسەت سوراپتۇ . موماي ئوغلىنىڭمۇ قىزنىڭ شەرتىنى ئورۇندىيالماي بېشىنىڭ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، جاۋاب بەرمەپتۇ . گال

ئانىسىنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى سەزگەندىن كېيىن ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ :

— خاتىرجەم بولسىلا ئانا ، قىزنىڭ شەرتىنى ئورۇندىماق ئاسان ، — دەپ ، ئۆزىنىڭ راسلىغان سۆزلىرىنى بىر ـ بىرلەپ دەپ بېرىپتۇ . ئانىسى ئىلاجىسىز دۇئا قىلىپ رۇخسەت بېرىپتۇ . گال پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ . ئاز ماڭدىمۇ كۆپ ماڭدىمۇ ، بۇنىسى نامەلۇم ، ئىش قىلىپ ، بىر كۈنى گال پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ . ياساۋۇللار بۇ يىگىتنى كۆرۈپ ، ئالدىنى توساپتۇ :

— سەن گاداي بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن !؟ دەپ قوغلاپتۇ . گال بۇلارنىڭ گۇمانلىرىنى سېزىپتۇ — دە ، مۇنداق دەپتۇ :

— مەن ئوغرىمۇ ئەمەس ، قاراقچىمۇ ئەمەس ، لېكىن بىر باينىڭ سادىق قۇلى . مەن شۇ باينىڭ پادىشاھتىن يوشۇرۇپ تىقىپ قويغان بورداق قويلىرى توغرىسىدا خەۋەر بېرىشكە كەلدىم . لېكىن قويلارنىڭ سانىنى شاھنىڭ ئۆزىگە ئېيتىمەن .

ياساۋۇللار شاھقا خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ئاچكۆز شاھ خۇشاللىقىدىن گالنى چاقىرىپ :

— قېنى ، قويلار ھەققىدە چاققانراق سۆزلىگىن ، — دەپتۇ . گال ھېچبىر ھودۇقماستىن ، تېتىكلىك بىلەن :

— مەن ئاۋۋال سىزگە راسلىغان سۆزلىرىمنى ئېيتاي ، قىزىڭىزمۇ كېلىپ ئاڭلىسۇن . سىز بۇنىڭ بىلەن قويلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلىسىز ، سىز بىلمىسىڭىز قىزىڭىز چۈشىنىدۇ ، — دەپتۇ . پادىشاھ قىزىنى چاقىرىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ . گال يالغانىنى باشلاپتۇ .

## بىرىنچى يالغان

— ئۇلۇغ شاھىم ، مېنىڭ ئېتىم گال ، ئۆزۈم بىر كەمبەغەل ، دادامدىن يالغۇز قالغان يېتىممەن . لېكىن ، مەن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرۈپ ، ئۆلە ـ ئۆلە ئاخىر ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ ئۇچىمىز قالدۇق . مەن بۇنىڭغا ھەيرانمەن ، لېكىن ئەجەبلەنمەيمەن ، بىز ئۈچ بولغاندىن كېيىن

ئارىمىزدا دوستلۇق ، بۇرادەرلىك پەيدا بولدى ، بىراق بىر - بىرىمىزنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتۇق ھەم تونۇشمايتتۇق . شۇ چاغدا ئۇچىمىزغا قارىساق كىيگەن كىيىملىرىمىزنىڭ گۈزەللىكىگە ئەقلىمىز ھەيران قالدى ، بىرىمىزنىڭ ياقىسى يوق ، بىرىمىزنىڭ ئېتىكى يوق ، يەنە بىرىمىزنىڭ غولى يوق ، بىز شۇنداق قىلىپ ، قارىغۇ قارىغۇنى قاراڭغۇدا تاپىدۇ ، دېگەندەك ، بىر چۆلدىكى سايدا بىر - بىرىمىز بىلەن مۇڭداشساقمۇ ئاڭلىماستىن ، بىللە ماڭساقمۇ كۆرمەستىن ، يولدا يۈرمەي ، چەتكە چىقماي ، ئوتتۇرىدا مېڭىپ كېتىۋەردۇق . خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن يول ئۈستىدە ئۈچ تەڭگە ئۇچراپ قالدى . كۆزىمىزنى يۇمۇپ قارىساق بىرىنىڭ تامغىسى يوق ، بىرىنىڭ رەڭگى يوق ، يەنە بىرىنىڭ ئېغىرلىقى يوق ئىكەن . بۇ ئۈچ تەڭگىنى مۇشتلاشساقمۇ ئەرز قىلىشماي ، تەڭ بولمىسىمۇ ياخشى - يامىنىنى سۈرۈشتۈرمەي ، ئادىل بۆلۈشۈپ ئالدۇق . يەنە مېڭىۋەردۇق . يول ماڭساقمۇ مىدىرلىماي ، سۈيى يوق كۆلى بار بىر سايغا چۈشتۇق . . .

سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، پادىشاھ شۇنداق غەزەبكە كەپتۇكى ، سۆز قىلالماي ھوشىدىن كېتىپتۇ . بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ، گالنى مىدىرلاتماي بېشىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ . گال ناھايىتى مەردلىك بىلەن تېتىك تۇرۇپ ، مېيىقىدا كۈلۈپتۇ :

— ئۇلۇغ شاھىم ، مەن ئېيتاي ، سىز ئاڭلاڭ ، كاللام چېپىلماس ، سۆزۈم توختىماس ، سۆزىدە تۇرمىغان ئادەم بولماس . ھازىرچە ئىختىيارنى قىزىڭىزغا بېرىڭ ، قىزىڭىز بۇيرۇق قىلسۇن ، — دەپتۇ .

تەختنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ «سۆزلەۋاتقان يىگىتنىڭ ئېتى گال بولسىمۇ ، سۆزى بار ئىكەن» دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زوق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان مەلىكە تەختنىڭ ئالدىغا چىقىپ :

كىشى جانانىدىن جانىن ئايارمۇ ؟
كۆرۈڭ ، پەرۋانىلار ئوتتىن يانارمۇ ؟
ھەقىقەت ئېزىز جاندىن ئۈستۈن دېگەن
قىلىچ ئالدىدا تەسلىم بولارمۇ ؟

ئەقىللىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاخىرغىچە سەۋر - تاقەت بىلەن

ئاڭلىيالايدۇ …… قېنى ، ئاڭلاپ باقايلى ! — دەپ يىگىتكە ئىشارەت قىلىپتۇ .

پادىشاھ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ . ئىختىيارلىقنى مەلىكىگە بېرىپتۇ . پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئوردا ئۆلىمالىرى ، ۋەزىرلە-رى قۇللۇق قىلىشىپ ، مەلىكىگە تەزىم قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ . گال يەنە سۆزلەپتۇ !— سۇيى يوق كۆلى بار بىر سايغا چۈشتۇق . سۇيى يوق كۆلدە ئۈچ بېلىق ئويناقلاپ ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ ، بۇ بېلىقلارنىڭ ئىككىسى ئۆلۈك ، بىرىنىڭ جېنى يوق ئىكەن . بىز ھېلىقى بېلىقلارنى ئېلىپ ، ئېتىكى يوقنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ ، سايدىن چىقىپ يولغا چۈشتۇق . يولدا ماڭماي ، يولدىن چىقماي كېتىۋەردۇق ، كېتىۋەردۇق . قارىساق ئالدىمىزدا ئۈچ ئۆي كۆرۈندى ، بىز شۇ ئۆيلەرگە كەلدۇق . ئىككى ئۆينىڭ تېمى يوق ، بىرىنىڭ ئورنى يوق . ئورنى يوق ئۆيگە كىرسەك ، ئۈچ قازان تۇرۇپتۇ . قازانلارنىڭ ئىككىسى تۆشۈك ، بىرىنىڭ تۈۋى يوق . ئېتىكى يوق ئاكام ئېتىكىدىكى جېنى يوق بېلىقنى ئېلىپ ، تۈۋى يوق قازانغا سالدى . بىز ئۇنى پىشۇرماقچى بولۇشتۇق . قارىساق ، ئوتۇن يوق ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوت ياقماي ، ئوتۇننى ئايىماي قالاۋەرسەك ، قازان قاينىماي گۆشى پىشىپ ، سۆڭىكى مىلىق - مىلىق بولۇپ كېتىپتۇ . يەپ باقساق ، ئىسسىقمۇ ئۆتمەپتۇ . نېمە بولسا بولسۇن دەپ ئۈچىمىز راسا يېدۇق . يېگەندىمۇ بىر - بىرىمىزگە تەكەللۇپ قىلىشماستىن يەۋەردۇق . بىراق يېگەن گۆش قورسىقىمىزنىڭ بىر بۇرجىكىگىمۇ كەل-مەپتۇ . ئويلىساق قورسىقىمىز راسا تويۇپ كېتىپتۇ . كەتمەكچى بول-دۇق . ئۆيدىن چىقايلى دېۋىدۇق ، ئىشىكتىن پاتمىدۇق . ئامالىنىڭ يوق-لۇقىدىن ، ئىلاجىنىڭ تولىلىقىدىن تام تۆشۈكىدىن چىقىپ كەتتۇق .

يەنە يول يۈردۇق ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈردۇق . يۈرۈۋېرىپ بىر ئېتىزغا چىقىپ قالدۇق . قارىساق ئۈنمىگەن چىغ تۈۋىدە ، تۆرەلمىگەن توشقان يېتىپتۇ . شېخى يوق دەرەختىن پۈتمىگەن چوماقنى ئېلىپ ، ھېلىقى توشقاننى راسا بىر ئۇرۇۋىدۇق ، توشقان جىم يېتىپ يۈگۈرگەن پېتى كولىمىغان ئورىغا چۈشۈپ جان بەردى . توشقانغا پىچاق سالماي ، قول تەككۈزمەي سويساق ، چىقتى ئون پاتمان گۆشى ، يىگىرمە پاتمان

چاۋىسى، ئالتى ئايدىن بېرى يەۋاتىمىز، ھېلىمۇ بار تەلىڭ ياتىسى. شۇنىڭدىن بۇيان بىز ئاچ قېلىپ ئاكام مەندىن خاپا بولۇپ، ئۆزى بىلگەن يەرگە كەتتى، يىگىرمە پاتمان چاۋا ياغ ماڭا قالدى. بۇ ياغنىڭ ھەممىسىدە چورۇقۇمنى ياغلىدىم، ياغ چورۇقۇمنىڭ بىرىگە يەتمىدى. خەير، شۇنداق بولدى. ھېرىپتىكەنمەن، ئۇخلاۋاتسام بىر چاغدا جاھان زىلزىلىگە چۈشۈپ غەۋغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئويغانسام چورۇقلىرىم «ساڭا ياغ تەگدى، ماڭا يوق» دەپ گالاشلىتىپ مۇشتلىشىپ، قاپاقلىرىنى يېرىشىپتۇ. سۆزۈمگە كۆنمىدى، مەسلىھەتكە كىرمىدى. ئىلاج يوق، ئاخىر چورۇقلىرىمنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇۋېلىپ ھەر بىرىنى ئۈچ شاپىلاقتىن ئۇرۇپ، «جىم تۇرۇش، ئەمدى ئۇرۇش»، دەپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم. بىر ۋاقتا ئويغىنىپ قارىسام، ياغلانغان چورۇقۇم غولى يوق چاپىنىمنى مېنىڭدىن سالدۇرۇۋېلىپ، ئۆزى يېپىنىپ راسا ئۇخلاۋېتىپتۇ. ياغ تەگمىگىنى خاپا بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ياغلىغان چورۇقۇمنى ئويغىتىپ، بىر كەسلەنچۈكنى ھارۋىغا قېتىپ يولغا راۋان بولدۇق، چورۇقۇم ھارۋىنى ھەيدىدى، مەن يول كۆرسەتتىم، شۇنداق قىلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆيگە ئاسانلا يېتىپ كەلدىم.

مەن ئۆيدىن چىقىش ۋاقتىدا ئۆيدە ئانام، بىر خوزار بار ئىدى. قايتىپ كەلسەم ئۆي يوق، ئۆي بولسىمۇ ئورنى يوق، تېمى بولسىمۇ لېيى يوق. ئەتراپقا قارىسام ھېچنېمە يوق. ماڭا بۇ تازا تارتقۇلۇق بولدى. ئەمدى ئۆينى، ئانامنى، خورازنى نەدىن تاپاي، پادىشاھىم؟! ئەرزىمنى بايان قىلاي دەپ ھۇزۇرىڭىزغا كەلدىم، — دەپ، گال ئېگىكىنى سىلاپ خاتىرجەم تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ گال ئېيتىۋاتقان ھېكايىنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەي، ئەتراپىدىكى ۋەزىر، ئۆلىمالىرىغا قاراپتۇ. ئۆلىمالىرىدىن بىرى پادىشاھقا:

— گالنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. يالغان ئېيتقان كىشى شاھ خەنجىرىنىڭ ئوزۇقىدۇر، — دەپتۇ.

قىز بۇ سۆزگە كايىپ:

— ھۆرمەتلىك ئاتا، گالغا ئىجازەت قىلسىڭىز، ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى يەنە ئېيتسا، — دەپتۇ.

پادىشاھ جاۋاب بەرگىچە ، گال :
— تەقسىر ...... — دەپ سۆزنى باشلاپتۇ .

## ئىككىنچى يالغان

— تەقسىر ، ئاڭلاۋاتىسىز ، ئانام يوق ، خورازمۇ يوق ، چورۇقۇمنىڭ بىرى تېخى يوق . بۇلارسىز ياشىماق تېخى تەس . شۇڭا دېمىم ئىچىمگە چۈشتى ، كۆڭلۈم بۇزۇلدى . خەير دېدىم . ئانام ، خوراز ، چورۇقنى يەنە بىر ئىزدىدىم . ماڭدىم ، مېڭىۋەردىم ، ئورنۇمدا قېلىۋەردىم . شۇنداق قىلىپ ، بىر قىشلاققا يەتتىم . خورىزىم شۇ قىشلاقتا بىر بايغا ئىشلەۋېتىپتۇ . باينىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى پەقەت شۇ خوراز بىلەن مېڭىۋېتىپتۇ . خورىزىم بىلەن كۆرۈشتۇم ، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتۇم . بىر - بىرىمىزنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كېتىپتۇقكى ، كۆرۈشە - كۆرۈشەي ، يىغلىشىپ كېتىپتۇق . خورىزىم بايغا ئالتە ئاي كېچە - كۈندۈز ئىشلەپتۇ . خورازنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن باي بىلەن سۆزلەشتىم ، بولمىدى ؛ سوقۇشتۇم بولمىدى . بايغا بۇ ئىشلار ئەرمەك بولدى ، ئاخىر ھەققىگە بىر جۇۋالدۇرۇز بەرمەك بولدى . باي بۇنىڭغىمۇ ئاسان كۆنمىدى . جۇۋالدۇرۇزنى ئالغىنىمغا خۇش بولدۇم . خۇش بولۇپ ، يەنە يولغا چىقماق بولدۇم ، لېكىن خورىزىم ئۇنىمىدى ، ئۇ يەنە ئۈچ ئاي ئىشلەپ ، ئاندىن ھەققىنى تولۇق ئېلىپ ، قايتماق بولدى . مەن جۇۋالدۇرۇزنى ئېلىپ ، خۇرجۇنۇمغا سېلىپ ، خورىزىمغا خەير دەپ ، ئارقامدىن تېز كەل دەپ ، يەنە يولغا راۋان بولدۇم . ئانام بىلەن بىر پاي چورۇقنى ئىزدەپ يېتىۋەردىم ، كېتىۋەردىم ، ھېچيەردىن تاپالمىدىم ؛ ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ، پۈتۈن ئالەمگە قارىدىم ، كۆرۈنمىدى . ئاخىر بىر قېلىن جاڭگالنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ قارىسام يەتتە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ، يەتتە دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە ، بىر كىچىك ئۆستەڭ بويىدا ئانام كىر يۇيۇپ ئولتۇرۇپتۇ . بېرىپ يىغلاپ كۆرۈشۈپ ، «كېتەيلى ئانا ، يۇرسىلە» دېسەم ، «بايغا ئىشلىگىلى ئالتە ئاي بولدى ، توققۇز ئاي بولغاندا ھەق بەرمەكچى ، ھەققىمنى ئالماي

كەتمەيمەن » دەپ ئۆنمىدى ، مەن قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىۋېدىم ، ئۇسـ ساپ كەتكىنىمگە ئۈچ كۈن بولغانلىقى ئېسىمگە چۈشتى . هاۋا ناهايىتى ئىسسىپ قايناپ تۇرغان بىر چاغ ئىدى . دەريا بويىغا بارسام سۇيى غاچچىدا توڭلاپ كېتىپتۇ . مۇزنى چېقىشقا تاش تاپالماي ، بېشىمنى قولىقىمدىن تۇتۇپ بىر قويغانىدىم ، مۇز يېرىلدى . سۇنى راسا ئىچتىم ، ئۇسسۇزلۇقۇم قېنىپ ، يەنە يولغا چۈشتۇم . بىر يەرلەرگە بارغاندىن كېيىن قارىسام ، بېشىمنىڭ تېخى يوق ، ئويلىسام دەريادا قاپتۇ . جۇۋال-دۇرۇزغا قارىسام ئۇنىڭ بىسى يوق . شۇنىڭ بىلەن ئاپلا دېدىم ـ دە ، بېشىمنى تېپىشنى ئۇنتۇپ ئانامنى ئالغىلى باردىم ، ۋاقىت ئۈچ ئايغا توشقانىدى . ئانام يوق ، سۈرۈشتۈرسەم ، ئىش ھەققىنى ئالماقچى بولغـ ىنىدا باي ئانامغا تۆهمەت توقۇپ ، ئۇنى دەسسەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ . مانا پادىشاهىم ، ئەهۋال شۇ ! ھەممە تارتقۇلۇق پېقىرلارغىمۇ ؟ ئويلاپ كۆرسىلە ، دەرگاهلىرىغا شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم ، — دەپ جاۋاب كۆتكەندەك تۇرۇپتۇ .

پادىشاه هودۇقۇپ ، ۋەزىر ـ ئۆلىمالىرىغا قاراپتۇ ، ئەقىل سوردـ غاندەك قىلىپ ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماراپتۇ . ۋەزىرلەردىن بىرى :

— يالغانچىنىڭ بۇ ئېيتقانلىرى پادىشاهنىڭ هۆرمىتىگە هاقارەت . پادىشاهىمىزنىڭ زامانىسىدا بۇنداق ئادالەتسىز ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇمـ كىن ئەمەس ! — دەپ تۇرۇشىغا گال :

— تەقسىر ، تېخى گەپ بۇ يەردە ! — دەپ سۆزىنى يەنە باشلاپتۇ .

## ئۈچىنچى يالغان

ئانامنىڭ خۇنىنى ئېلىش ئۈچۈن باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ياقىسىدىن سۆرەپ ، شەرىئەتكە ئېلىپ باردىم . شەرىئەت ئۇنداق دەپ ، مۇنداق دەپ ئانامنىڭ خۇنىغا بىر ئېشەك بۇيرۇپ ، «شەرىئەتنىڭ هۆكمى قەرز ، ئادا قىلىش پەرز» دەپ يولغا سالدى . ئانام ئۈچۈن يىغلاپ ، نائىلاج ئېشەكنى مىندىم ـ دە ، يولغا چىقتىم .

كەڭ دەشتى باياۋاندا كېتىۋاتسام ، قىرىق كارۋان ئۇچراشتى . ئۇلا-

رىنىڭ بىرى ماڭا قاراپ :
— ھەي گال ، ئېشىكىڭ يېغىر بولۇپ قاپتۇ ، باشقىدىن توقۇۋال ، — دېدى . ئېشەكتىن چۈشۈپ قارىسام ، راستىنلا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىنى يېغىر بېسىپ كېتىپتۇ . بۇنى قانداقمۇ ساقايتارمەن دەپ كارۋانلاردىن سورىسام ، كۆيدۈرۈپ باسقىن دەپ بىر دانە ياڭاق بەردى . ياڭاقنى كۆيدۈرۈپ بېسىۋىدىم ، بىردىنلا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدىن بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى ئۈنۈپ چىقتى . ھەش - پەش دېگۈچە كۆكلەپ ، چېچەكلەپ كەتتى ، ياڭاقلىرى پىشىپ قالدى . ئېشەك ياڭاقنى كۆتۈرەلمەي ، بېلى ئېگىلىپ ، قورسىقى يەرگە يەتتى . ياڭاقلارنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئېشەكنى يېتىلەپ ، شۈدىگەرلىككە ئېلىپ باردىم . كۈچۈمنىڭ بارىچە ياڭاققا چالما ئېتىشقا باشلىدىم ، لېكىن بىر تالمۇ ياڭاق چۈشمىدى . شۇنچىۋالا ياڭاقتىن بىرەرسى چۈشمىگىنىگە ئىچىم پۇشۇپ ، ئاستا ئاۋايلاپ ياڭاقنىڭ تۆپىسىگە چىقتىم . قارىسام ، ياڭاقنىڭ ھەممىسى شور باغلاپ كېتىپتۇ . شاختىن - شاخقا چىقىپ كۆزدىن كەچۈرسەم ، ياڭاق دەرىخىنىڭ ئۈستى ئېتىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ ، بىر تەرەپتە بىر ئۆستەڭ سۇ شارقىراپ ئېقىۋېتىپتۇ ، بىر تەرىپىدە تاۋۇز تېرىلغان ئېتىز تۇرۇپتۇ . مەن تاۋۇزنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈردۈم . پىلەكلەردىن ھەر يوغان تاۋۇزلار چۈشكىلى تۇردى . نېمىسىنى دەيسىز ، بىردەمدە ھەممىسى شولۇقلاپ پىشتى . بىر كۈنى پىچىپ يەي دەپ بىر تاۋۇزنى ئۈزدۈم . پىچاقنى شۇنداق سېلىشىمغا تاۋۇز تاراسلاپ يېرىلىپ ، پىچاق تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . پىچاقنى ئالاي دەپ تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشتۈم . قارىسام ، پىچاق ئاقتىمۇ يوق ، كۆكتىمۇ يوق . ئىزدەپ تاپالماي يۈرسەم بىر ئادەم ئۇچراشتى . ئۇنىڭدىن :
— ئاكا ، پىچاق كۆردىڭىزمۇ — دېسەم ، ئۇ ئادەم :
— ئاۋۋال سىز ماڭا جاۋاب بېرىڭ ، ئەسلىدە بىز قىرىق كارۋان ئىدۇق ، ھەر بىرىمىزدە قىرىقتىن ئۇلاغ بار ئىدى ، يوقىتىپ قويۇپ تاپالمايۋاتىمىز ، كۆردىڭىزمۇ ؟ — دەپ مېنىڭدىن سورىدى .
— پادىشاھ ئالەم ، ھۆزۈرلىرىغا شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم ، ئېيتىدىغىنىمنى ئېيتىپ بولدۇم . ئەمدى قولىقىم سىزدە — دەپتۇ .

پادىشاھ ۋەزىر ، ئۆلىمالىرىنىڭ مەسلىھەت بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ ، ئۇلار ھېچبىر مەسلىھەت بېرەلمەپتۇ . ئۆلىمالىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بۇنى خىزىرىدىن باشقىسى بىلمەس ، — دەپ تۇرۇشىغا ، پادىشاھ-نىڭ قىزى :

— بۇنى بىلمىگەن ھۆكۈم قىلالمايدۇ . يىگىت مېنىڭ شەرتىمنى ئادا قىلدى . دادا ، ئەمدى تويغا ئىجازەت قىلسىڭىز ، — دەپتۇ .

پادىشاھ رازىلىق بېرىپ ، ۋەزىر ۋە ئۆلىمالىرىنى تويغا ھازىرلىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ .

سىز بۇ چۆچەكنى ئوقۇغاندىن كېيىن تىلغا ئالغۇدەك تەربىيە-ۋى مەزمۇنىنىڭ، كىشىنى ئويلاندۇرغىدەك ئىدىيە ـ پىكىرىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىسىز. ئەمما ئانا تىلىڭىزنىڭ گۈزەللىكىدىن چەكسىز لەززەت ھېس قىلىسىز، گالىنىڭ كامالەتكە يەتكەن يالغان سۆزلەش سەنئىتى سىزگە ھوزۇر ئاتا قىلىدۇ. سىز بۇنىڭدىن تەبىئىي ھالدا سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى تونۇپ يېتىسىز. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا مول مەزمۇن، چوڭقۇر ئىدىيە بولۇۋەرمەيدۇ. بەزىلىرى سىزنى پەقەت ھوزۇرلاندۇرسىلا كۇپايە. بۇمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىشنىڭ، باھالاشنىڭ بىر يولى. سىز بۇ چۆچەكنى ئوقۇش جەريانىدا يەنە چېكىتلىك پەشلەرنىڭ قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا سەل قارىماڭ.

## يېزىقچىلىق

# تەسەۋۋۇر

سىز ئالەم ئۇچقۇچىسى بولۇشنى خالامسىز ؟ قىياس قىلىپ بېقىڭ :
سىز كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر كۈنى يەر شارىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە
ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ مارسقا ياكى قۇياش سىستېمىسى سىرتىدىكى
مەلۇم بىر پلانېتقا بېرىپ ، تاشقى پلانېت كىشىلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈ-
ۋېلىشىغا ئېرىشتىڭىز ، دەپ ئويلايلى . مانا مۇشۇنداق ئۆزىڭىزنىڭ تۇي-
غۇڭىزدىكى ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ يارىتىپ چىقىدىغان يېڭى ئوبراز
ۋە پسىخىك جەريان تەسەۋۋۇر ھېسابلىنىدۇ .

ئەسەرنى تەسىرلىك ، جانلىق يېزىشتا تەسەۋۋۇر قىلىشقا ماھىر
بولۇش كېرەك . «ئۇر توقماق» چۆچىكىدە تەسۋىرلەنگەن قاغىنىڭ سىر-
لىق ئوردىسى ، ئالتۇن ساڭقايدىغان ئېشەك ، ئېچىل داستىخان ، ئۇر
توقماق قاتارلىق ئاجايىپ ـ غارايىپ تەسەۋۋۇرلار بىزنى تىلسىمات
دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ . «گال» نىڭ تەسەۋۋۇرى تېخىمۇ قىزىقار-
لىق . ئۇنىڭ ئەقىلنى لال قىلىدىغان يالغان سۆزلەش ماھارىتى ، كىشىنى
مەپتۇن قىلىدىغان بايانلىرى شەكسىزكى تەسەۋۋۇر قىلىشتىكى ماھىر-
لىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

تەسەۋۋۇر چوقۇم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم . تەسەۋۋۇردا
ئەكس ئەتكەن تەپسىلاتلار رېئال تۇرمۇشتا ئىلگىرى بار بولغان ياكى
كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىش ـ ۋەقەلەردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ
چوقۇم تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇش كېرەك . «پادىشاھنىڭ
يېڭى كىيىمى» دە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر ھەرگىز ھەقىقىي تۇرمۇشتىكى

ئىشلار ئەمەس ، بىر قارىماققا ئۇ ئادەمگە يالغان ، ساختا تۇيۇلىدۇ . ئەمما كىشىلەر ئەتراپىدىن ئۇلارنىڭ ئىزنالىرىنى تاپالايدۇ . چۈنكى ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرى ئورۇنلۇق ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇن .

تەسەۋۋۇر يېڭى مەنىگە ئىگە بولغان بولۇشى ، ھېس ـ تۇيغۇ ئەركىن قاناتلاندۇرۇلغان بولۇشى ۋە ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئازادىلىك ئېلىپ كېلەلىگەن بولۇشى لازىم . ئۇ يەنە ئادەمگە ئاجايىپ خىياللارنى سوۋغا قىلالايدىغان ، كەلگۈسىنىڭ قۇچىقىغا ياكى ئۆتمۈشنىڭ جەزىرىلە-رىگە تاشلىيالايدىغان بولۇشى لازىم . ئۇ يېڭى ئوبرازلارنى يارىتالايدى-غان ، ئۆزگىچە ئىدىيىلەرنى ئاتا قىلالايدىغان ، ئادەمگە ھوزۇر ۋە ئىلھام بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم .

1 . تەسەۋۋۇرىڭلارنى قانات يايدۇرۇپ ، تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىل-لەرنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىڭلار ۋە قىزىقارلىق قىلىپ يېزىپ چىقىڭلار :

1 ) يول ئازابى ـ گۆر ئازابى .

2 ) ئۆچكە جاڭگال چۇشەپتۇ ، توخۇ داڭگال چۇشەپتۇ .

3 ) توشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە ، يولۋاستەك بىر يىل ياشا .

4 ) ئادەم بولاي دېسەڭ مەشرەپكە بار ،
ئالىم بولاي دېسەڭ مەكتەپكە بار .

5 ) پىتنە ـ پاساتنى مىڭ ئادەم سۆزلەيدۇ ،
ھەقىقەتنى بىر ئادەم سۆزلەيدۇ .

2 . بىر بالا ئاتا ـ ئانىسى ئۆيدە يوق چاغدا ئۆيدىكى سائەتنى بۇزۇپ قويۇپتۇ . كېيىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تازا ئەدەپلەپتۇ .

ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولغان بولسىڭىز ، بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلاتتىڭىز ؟ تەسەۋۋۇرىڭىزنى قاناتلاندۇرۇپ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىنى جانلىق يېزىپ چىقىڭ ھەم ماۋزۇ قويۇڭ .

3 . تۆۋەندە بېرىلگەن پارچىگە ئاساسەن ئوبدان تەسەۋۋۇر قىلىپ ، بىر پارچە بايان خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىڭ ، ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قو-يۇڭ .

قېتىملىق يولۇچىلار تېز پويىزىدا كىشىلەر قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. تۇيۇقسىز رادىئودىن جىددىي ئۇقتۇرۇش ئاڭلاندى: «يولۇچىلار، دىققەت!!! يولۇچىلار، دىققەت!!! 9 ـ نومۇرلۇق ۋاگوندا بىرەيلەننىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالدى. يولۇچىلار ئىچىدە دوختۇرلار بولسا 9 ـ نومۇرلۇق ۋاگونغا كەلسەڭلار...» دېگەن سۆزلەر قايتا ـ قايتا ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى.

4 . كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى «قوشۇمچە Ⅳ » دىكى هۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن هۆزۈر ئېلىڭ ۋە تەقلىد قىلىپ مەشىق قىلىڭ .

## ئەگىتىپ رەت قىلىش

باشقىلار نامۇۋاپىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ياكى ئۆزىمىز باشقىلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز قالغاندا، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەن ھالدا رەت قىلىش كېرەك. مانا مۇشۇنداق ئىككى مەقسەتكە يېتىش ئۇسۇلى ئەگىتىپ رەت قىلىش دېيىلىدۇ، بۇنى چىرايلىق رەت قىلىش، سىپايە رەت قىلىش دەپ ئاتىساقمۇ ئوخشاش.

ئۇنداقتا، ئەگىتىپ رەت قىلىش قانداق بولىدۇ؟ بىز تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

روزۋېلت ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بولۇشتىن ئىلگىرى دېڭىز ئارمىيىسىدە مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىگەنىدى. بىر كۈنى دوستى ئۇنىڭدىن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كارىب دېڭىزىدىكى بىر كىچىك ئارالدا سۇ ئاستى كېمىسى بازىسى قۇرۇشقا ئائىت پىلانىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. روزۋېلت ئەتراپقا نەزەر سېلىۋەتكەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا «سىر ساقلىيالامسىز؟» دەپتۇ. دوستى «ئەلۋەتتە» دەپتۇ. روزۋېلت ئارقىدىنلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا «مەنمۇ شۇنداق» دەپتۇ.

بۇ مىسالدا روزۋېلت قارشى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپنى رەت قىلغان. بىراق ئەگىتىپ رەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويماسلىقتەك مەقسەتكىمۇ يەتكەن. روزۋېلتنىڭ جاۋابى: «سەن سىر ساقلىيالايدىكەنسەنۇ، نېمىشقا مېنى سىر ساقلىغىلى قويمايسەن؟ بۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟» دېگەندىن بىشارەت بېرىدۇ. روزۋېلتنىڭ دوستى بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەزى نەرسىلەرنى ھېس قىلىپ ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولغان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، باشقىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندا ئوخشىمىغان سورۇن ۋە ئوبيېكتنى نەزەرگە ئېلىش ، مۇناسىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تاللاش لازىم . تىلنىڭ ئەگىتىپ رەت قىلىش ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلغاندا ، قارشى تەرەپنىڭ سەمىمىي قايىللىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ .

1 . بۈگۈن كەچتە ئۆيىڭىزدە دادىڭىزنىڭ 50 ياشقا توشقان تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزمەكچى . بۇ ۋاقىتتا بىر ساۋاقدىشىڭىز سىزنى پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلسا ، سىز ئۇنىڭ تەكلىپىنى كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەن ھالدا قانداق رەت قىلىسىز ؟

2 . بىر ئوقۇغۇچى دادىسى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ساياھەتكە چىقىدىغان پۇرسەتتە دادىسىغا ئەگىشىپ بۇغدا كۆلىگە ساياھەتكە چىقماقچى بولۇپ سىنىپ مۇدىرىدىن رۇخسەت سوراپتۇ . ناۋادا سىز شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپ مۇدىرى بولغان بولسىڭىز ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەن ھەمدە ئۇنى قايىل قىلغان ھالدا قانداق رەت قىلغان بولاتتىڭىز ؟

# ئۇيغۇر تىلى

سىز ئانا تىلىڭىزنى قەدىرلەمسىز ؟ بۇگۈن سىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپلا «تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە پىكىر قىلىش قورالى . يېزىقمۇ ئالاقە قورالى ھېسابلىنىدۇ ، ئۇ تىلنى مەلۇم شەرتلىك بەلگىلەر (ھەرپلەر ) ئارقىلىق خاتىرىلەيدىغان ھەم ئۇنى يازما شەكىلدە ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى ۋاستىدىن ئىبارەت .» دېگەن سۆز — جۈملىلەرنى ئوقۇۋېتىپ تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇرلار تارىختا قانداق يېزىقلارنى ئىشلەتكەن ؟ ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى باشقا مىللەت تىللىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزىگە خاس قانداق قانۇنىيەتلەرگە ئىگە ؟ دېگەندەك سوئاللارغا دۇچ كېلىسىز . بۇ سوئاللارغا چوقۇم مۇۋاپىق جاۋاب تاپالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز . چۈنكى ، سىز ئانا تىلىڭىزنى سۆيىسىز ، شۇنداقمۇ ؟

دەرۋەقە ، تىل — تىل تاۋۇشى ، سۆزلۈك ۋە گرامماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ . سۆزلۈك بىلەن گرامماتىكا پەقەت تىل تاۋۇشى ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ . سۆزلۈك تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ . خۇددى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولمىسا ، ئىمارەت سېلىش مۇمكىن بولمىغاندەك سۆزلۈك بولمىسا ، تىلنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئەلۋەتتە ، سۆزلۈكنىڭ ئۆزى تىلغا تەڭ ئەمەس . يەككە - يېگانە سۆزلەر بىلەن سۆزلەرنىڭ تەرتىپسىز بىر يەرگە يىغىپ قويۇلۇشى بىلەن ئېنىق بىر پىكىرنى ئىپادىلەپ ، نورمال نۇتۇق ئالاقىسى قىلغىلى بولمايدۇ .

ئالايلى ، ئۇيغۇر تىلىدا «بەخت» ، «ھالال» ، «مېھنەت» ، «ئادەم» ، «كەل» دېگەندەك سۆزلەر پەقەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق

قائىدىسى بويىچە «ئادەمنىڭ بەختى هالال مېھنەتتىن كېلىدۇ .» شەكلىدە تەشكىللەنگەندىلا ، ئاندىن تولۇق بىر پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ .

«پۇختا ، چىڭ ، مۇستەھكەم ، مەھكەم» قاتارلىق سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن تامامەن ئوخشايدۇ ، ئەمما جۈملىدىكى ئورنى ، رولى ، مەنىسى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ . «قۇياشتىن ، بۈيۈك دۇنيا ، جاۋاھىراتقا ، ئىلتىجا قىلىپ» دېگەن سۆزلەر جۈملە ئىچىدە كەلگەندە ھەم لېكسىكىلىق مەنە ھەم گراماتىكىلىق مەنە جەھەتتىنمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ .

ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ ، سىز ئۇيغۇر تىلىدىكى بايلىقنى يەنى سانسىز سۆز دۇردانىلىرىنى يىغىپ ـ توپلاپ ، ئېھتىياجىڭىزغا ئاڭلىق بويسۇندۇرۇپ ، ئۆز مەقسىدىڭىزنى بىمالال ، جانلىق ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىنى ياراتسىڭىزلا بولدى . شۇ چاغدىلا سىز ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز تەپەككۇرىڭىزنىڭ ھەقىقىي قورالىغا ئايلاندۇرغان بولىسىز . ئۇنداقتا ، سىز بۇ قورالغا ئېرىشىش ئۇچۇن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى بىلمىسىڭىز بولمايدۇ . قېنى ، سىز ئۇنى قانچىلىك ئۆگىنەلەيسىز ؟

> تىل خەلقنىڭ ئۆتمۈشى ، ھازىرى ھەم كېلەچەك ئەۋلادىنى مۇستەھكەم بىر پۈتۈنلۈككە ، تارىخىلىق ۋە جانلىقلىق جەھەتتە جىپسىلىققا ئىگە قىلغۇچى ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ، ئەڭ باي ، ئەڭ مۇستەھكەم ۋاستىدۇر .
>
> —— ك .د .ئۇشىنسكىي

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى

پىششىقلىنىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر مىللىتى ئۇچۇن ئورتاق ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان تىل هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى هېسابلىنىدۇ.

| ئەدەبىي تىلنىڭ قوللىنىش شەكلىگە ئاساسەن تۈرگە بۆلۈنىشى | مەنىسى |
|---|---|
| ئەدەبىي جانلىق تىل | بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرى ئاساسىدا تىل تاۋۇشلىرىنى ۋاستە قىلىپ، ئۆزئارا ئالاقىلىشىدىغان تىل شەكلىدۇر. |
| ئەدەبىي يېزىق تىل | بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىملا قائىدىسى ئاساسىدا مەلۇم بىر يېزىقنى ئۆزىگە ۋاستە قىلىپ، ئۆزئارا ئالاقىلىشىدىغان تىل شەكلىدۇر. |

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى

| تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى | تەتقىق قىلىش دائىرىسى | ئىزاھ |
|---|---|---|
| فونېتىكا تىل ئاۋۇشلىرى | تىل ئاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ | «ژ ، ف» ئاۋۇشلىرى تىلىمىزدىكى تەقلىد سۆزلەرنى ، ئىملىق سۆزلەرنى ھەم باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى توغرا يېزىش ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان . م : تېلېفون گاژ-گۇژ ، سۈف ، ژۇرنال |
| لېكسىكا سۆزلۈكشۇناسلىق | تىلدىكى سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ، سۆز مەنىسى ، تۈرلىرى ۋە سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشىنى تەتقىق قىلىدۇ | ① بىز جەڭدە غالىب كەلدۇق . ② باھار غالىب ، جۇدۇن بولسا ئۆتكۈنچى . ③غالىب ، سەن زادى نېمە قىلالايسەن ؟ («غالىب» دېگەن سۆز قانداق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن ؟ ) |
| گىرامماتىكا — مورفولوگىيە | سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش ، تۈركۈملەرگە بۆلۈش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ | ئوقۇ ، ئوقۇما ، ئوقۇيمەن ، ئوقۇيسەن ، ئوقۇۋاتىدۇ ، ئوقۇدى ، ئوقۇسا ، ئوقۇش ، ئوقۇشنىڭ ، ئوقۇغۇچى (سۆزلەر قانداق تۈرلىنىدىكەن ؟ قانداق ياسىلىدىكەن؟ ) |
| گىرامماتىكا — سىنتاكسىس | سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ | ①ئادەم پىكىر يۈرگۈزگەندە سەۋرچان بولۇشى كېرەكمۇ ؟ ②سەۋرچان ئادەم پىكىر يۈرگۈزسە بۇ مەسىلىدىكى خاتالىقنى بايقىۋالالايدۇ . ③سەۋرچانلىق پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ بىر شەرتى بولسۇن ! (يۇقىرىدىكى جۈملىلەردە مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە قانداق ئوخشىماسلىقلار بار؟ ) |

## تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا دائىم ئۇچرايدىغان بەزى ئەھۋاللىرى ۋە ئۇنى ئىملادا ئىپادىلەشتىن قىسقىچە كۆرسەتمە :

| ئەسلىسى | يېزىلىشى | تەلەپپۇزى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|
| ئاتا + سى<br>ئەت + ىپ<br>دە + مەك<br>ئات + ى. | ئاتىسى<br>ئېتىپ<br>دېمەك<br>ئېتى | ئاتىسى<br>ئېتىپ<br>دېمەك<br>ئېتى | بەزى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا «ئا ، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې ، ئى» تاۋۇشلىرىغا ئاجىزلىشىدۇ ھەم شۇنداق يېزىلىدۇ |
| قارا + ماي<br>ئاچا ـ سىڭىل<br>قورۇما كاۋاپ | قاراماي<br>ئاچا ـ سىڭىل<br>قورۇما كاۋاپ | قارىماي<br>ئاچىسىڭىل<br>قورۇمىكاۋاپ | بەزى سۆزلەردىكى «ئا ، ئە» تاۋۇشلىرى يازغاندا ئاجىزلاشتۇرماي يېزىلسىمۇ ، تەلەپپۇزدا «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ . |
| سىڭىل + ىم<br>ئۆمۈر + ۈم<br>ھۆكۈم + ى<br>زېھىن + ى<br>ئورۇن + ۇڭ | سىڭلىم<br>ئۆمرۈم<br>ھۆكمى<br>زېھنى<br>ئورنۇڭ | سىڭلىم<br>ئۆمرۈم<br>ھۆكمى<br>زېھنى<br>ئورنۇڭ | بەزى ئىككى بوغۇملۇق ئىسىملارنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدا كەلگەن «ئى ، ئۇ ، ئۈ» تاۋۇشلىرى بەزىدە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا چۈشۈپ قالىدۇ . يېزىقتا چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ . |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئارا ئۆستەڭ<br>قارا ئۆرۈك<br>توختى ئاخۇن | ئارا ئۆستەڭ<br>قارا ئۆرۈك<br>توختى ئاخۇن | ئارۆستەڭ<br>قارۆرۈك<br>توختا :خۇن | بىرىككەن سۆز شەكلىدە كەلگەن كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر، جاي نامىلىرىدا ئالدىنقى تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ، ئەمما يازغاندا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. |
| ياتاق + ىم<br>يۈرەك + ىم<br>تەلەپ + لىك | ياتقىم<br>يۈرىكىم<br>تەلىپىڭ | ياتقىم يۈرىكىم<br>يۈرىكى تەلىپىڭ | بەزى شىۋىلەردە سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، گەرچە «ق» «غ» غا، «ك»، «گ» گە، «پ» «ۋ» غا نۆۋەتلەشسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تىلدا ئۆز پېتى يېزىلىدۇ ھەم تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. |
| ۋىجدان<br>ئەجداد | ۋىجدان<br>ئەجداد | ۋىژدان<br>ئەژدات | تەلەپپۇزدابوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ج» «ژ» غا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ، يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ |
| كىتاب + لار<br>ئىقتىساد + تا | كىتاب كىتابلار<br>ئىقتىساد<br>ئىقتىسادتا | كىتاپ كىتاپلار<br>ئىقتىسات<br>ئىقتىساتتا | بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ب» بىلەن «د» «پ» بىلەن «ت» قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، يېزىقتا ئۆز پېتى يېزىلىدۇ. |
| باغ + قا<br>تۇغ + قان<br>تاغ + قىچ | باغقا تۇغقان<br>تاغقىچە | باغقا تۇغقان<br>تاغقىچە | سۆزلەردە «غ» «ق» بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، يېزىقتا «غ» ساقلىنىدۇ. |
| تۆگ + كەن<br>تەگ + كەن | تۆگكەن تەگكەن | تۆككەن تەككەن | قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، بوغۇم ئاخىردا كەلگەن «گ» «ك» غا نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئېيتىلسىمۇ، يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ. |
| تۇراق + سىز<br>ئاق + ساقا | تۇراقسىز<br>ئاقساقال | تۇراخسىز<br>ئاخساقال | بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ق» تەلەپپۇزدا «خ» غا نۆۋەتلەشسىمۇ، يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ. |

| | | | |
|---|---|---|---|
| دوست<br>مۇشت<br>قەنت | دوست.دوستۇم<br>مۇشت.مۇشتىك<br>قەنت.قەنتى | دوس<br>مۇش<br>قەن | بىر قىسىم سۆزلەردە (قوش ئۈزۈك تاۋۋشلار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەردە ) بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ت» تاۋۇشى تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالسىمۇ ، يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . |
| ئىملا+ىم<br>ئارزۇ+يۇك<br>توخۇ+ۇم<br>بىنا+ىم<br>پولۇ+ى | ئىملايىم ئارزۇيۇك توخۇيۇك توخۇسى پولۇسى | ئىملايىم ئارزۇيۇك<br>توخۇيۇم توخۇسى<br>پولۇسى | ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى سۆزلەرگە 1 ـ ، 2 ـ شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا «ي»تاۋۇشى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . 3 ـ شەخس قوشۇمچىسى ئۇچۇن ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ قوشۇمچىسى «سى» قوشۇلىدۇ . |
| مەن+ىۇ<br>سەن+ىۇ<br>ئامان+لىق<br>پىش+سۇن | مەنمۇ<br>سەنمۇ<br>ئامانلىق<br>پىشسۇن | مەممۇ<br>سەممۇ<br>ئامالىق<br>پىسسۇن | نۇتۇقتا بىر تاۋۇشنىڭ يەنە بىر تاۋۇشنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىشى تەلەپپۇزدا ئىپادىلەنسىمۇ ، يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ . |
| بار+ دى<br>كەر+ گەن<br>بەر+ مەك<br>كۆر+ سۇن<br>تۆر | باردى<br>كەرگەن<br>بەرمەك<br>كۆرسۇن | با :دى<br>كە :گەن<br>بە :مەك<br>كۆ :سۇن<br>تۆ : | «ر» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى تۈپ پېئىللارغا قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ياكى ئۇلانمىغاندىمۇ ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ . يېزىقتا چۈشۈرۈلمەيدۇ . |
| دۇتار<br>ئانار<br>خۇمار | دۇتار چالدى<br>ئانار يېدى ،<br>خۇمار تۇتتى | دۇتا :چالدى<br>ئانا : يېدى<br>خۇما : تۇتتى | ئاخىرقى تاۋۇشى «ر» بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى سۆزلەردىكى «ر» تاۋۇشى تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالسىمۇ ، يېزىلىشتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئال+غان<br>كەل+گەن<br>بول+غان<br>قىل+غان | ئالغان<br>كەلگەن<br>بولغان<br>قىلغان | ئا :غان<br>كە :گەن<br>بو :غان<br>قىـ :غان | «ل» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى توپ پېئىللارغا بەزى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا «ل» تاۋۇشى تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ . يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . |

ئەسكەرتىش :

(1) « : » بەلگىسى سوزۇق تاۋۇشنى سوزۇپراق ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ .

(2) ئەگەر ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالىسا ، كۇتۇپخانىلاردىن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» دىن ياكى نۇتۇق مەشقىگە دائىر باشقا سەرخىل كىتابلار- دىن كەڭ دائىرىلىك پايدىلانسا بولىدۇ .

## ياردەمچى سۆز ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئايرىم تۈرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدىغان ، ئۆز ئالدىغا جۈمـلە بۆلىكى بولالمايدىغان ، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان ، سۆز ۋە جۈملىلەرنى باغلاش رولىنىلا ئوينايدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ .

| تۈرى | مەنىسى | مىساللار |
| --- | --- | --- |
| تىركەلمىلەر | ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېلىدۇ | ھەققىدە ، ئارقىلىق ، دائىر ، قارىتا ، ئاساسەن ، كۆرە ، قەتئىينەزەر ، توغرۇلۇق ، توغرىسىدا |
| باغلىغۇچىلار | سۆزلەرنى ياكى جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينايدۇ . | ۋە ، ھەم ، ھەمدە ، يەنە ، بىلەن ، ئەمما ، ئەكسىچە ، ئەپسۇسكى ، ھەتتا ، بەلكى ، بولۇپمۇ ، ياكى ، گاھى ، چۈنكى |
| يۈكلىمىلەر | سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىگە ، جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بېرىدۇ . | ـغۇ ، ـما ـمۇ ، ـچۇ ، ـقۇ ، ـلا ، ـزە ، دۇ ، ـئا ، ـئە ، ـدە ، ـھە |

## ئاھاڭداش سۆزلەر

يېزىلىشى ۋە تەلەپپۇزى ئوخشاش ، ئەمما مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ .

مەسىلەن : چاقماق (ئىسىم) — ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى .

چاقماق (سۈپەت) — چاقماق كۆينەك كەيگەن بىرى يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى .

چۈش (ئىسىم) — خەير ـ خوش ، ياخشى چۈش كۆرۈڭ .

چۈش (ئىسىم) — چىڭقى چۈش ئاپتىپىدا پۈتۈن ئەزايىمدىن تەر شۇرقىراپ ئاقاتتى .

چۈش (پېئىل) — بىر ئۆرلەشنىڭ بىر چۈشىشى بولىدۇ .

## شەكىلداش سۆزلەر

يېزىلىشى ئوخشاش ، ئەمما تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر دېيىلىدۇ .

مەسىلەن : ئاچا : (ئىسىم) — ئاچام بازاردىن كۆكتات سېتىۋالدى .

ئاچا (سۈپەت) — ئالدىدىكى ئاچا يولدىن قايرىلسىڭىز ، دۆڭكۆۋرۈككە يېتىپ بارىسىز .

بالا : (ئىسىم) — بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس ، پۇت ـ قولنى ساڭگىلىتىپ (كەلمەس)

بالا (ئىسىم) — ئاياغ مايلايدىغان بۇ بالا ئاخىرىدا ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئادەمگە ئايلاندى .

## تىنىش بەلگىلەر

1 . چېكىتلىك پەش ( ؛ )

ئاددىي تەڭداش تەركىبلەر بىلەن كەلگەن مۇرەككەپ تەڭداش تەر-كىبلەرنىڭ ئارىسىغا چېكىتلىك پەش قويۇلىدۇ .

مەسىلەن : كېمكى مېنى چېلىشىپ يېڭەلىسە ، شۇ كىشىگە مىڭ تىللا بېرىمەن ؛ ئەگەر يېڭەلمىسە جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن .

2 . قوش چېكىت ( : )

① ئۇمۇملاشتۇرغۇچى سۆز ۋە ئۇمۇملاشتۇرغۇچى جۈملىلەردىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ .

مەسىلەن : تىببىي ئىلىم ئىككى نەرسىنى مەقسەت قىلىدۇ : بىرى ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش . يەنە بىرى ، كېسەللىكنى داۋالاش .

② كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ .

مەسىلەن : ئەلىشىر ناۋائى مۇنداق دەيدۇ : «كىمكى يالغانچى بول-سا ، ئۇ قورقاندىن دەلىل كەلتۈرۈپ سۆزلىسىمۇ ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ» .

③ هۆرمەت تەرىقىسىدە ئىيتىلغان قاراتما سۆزدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ .

مەسىلەن : ئاۋات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا :

هۆرمەتلىك زۇلپىقار ئەپەندى :

سىزنى ئەتە مەكتىپىمىزدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىلمىي مۇهاكىمە يىغى-نىغا قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز .

هۆرمەت بىلەن : (XX) (چېسلا)

④ سائەت بىلەن مىنۇت تەڭ كۆرسىتىلگەندە ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ .

مەسىلەن : 7:30 دە (يەتتىدىن ئوتتۇز مىنۇت ئۆتكەندە) بەلگىلەن-گەن جايدا كۆرۈشەيلى .

3 . قوش تىرناق ( « » )

① ئاپتور سۆزىنىڭ ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە جۈملە ۋە كۆچۈرمە سۆزلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .

مەسىلەن : ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق دېگەن : «قەدەم ئىزى بىرىۋۇنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . »

② بىرەر سۆزنى ئاتاپ كۆرسەتكەندە ياكى بىرەر سۆز ئەسلى مەنىسىدە ئىشلىتىلمەي كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەندە بۇنداق سۆزلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .

مەسىلەن : پەقەت «سۇ» سۆزىگىلا 3 - شەخستە «سى» قوشۇلماي ، «يى» قوشۇلىدۇ .

قادىر بەزىدە ئوغرىلىق قىلىپ قوياتتى ، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئوۋچى» دېگەن لەقەمنى قويغانىدى .

③ جۈملە ئىچىدە كەلگەن كىتاب ، گېزىت ، ژۇرنال ۋە ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .

مەسىلەن : بىز ئوقۇغۇچىلارغا «ئەقىل - پاراسەت دەستۇرى» دېگەن كىتابنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز .

4 . يالاڭ تىرناق ( ‹ › )

① قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان كۆچۈرمە جۈملىلەرنىڭ ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە تەركىپلەر يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .

مەسىلەن : باي : « ‹پىيازنىڭ پوستى تولا ، ئەخمەقنىڭ دوستى› دېگەندەك ، بۇ كاساپەتنىڭ ئەۋلادى ئىتنىڭ قۇرتىدەك كۆپ ئىكەن» دەپ ھېچكىمنى قوغلىيالماپتۇ ، ساقىلىنى چىشلەپ ئۇخلىيالماپتۇ .

(«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»دىن )

② قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان كىتاب ، گېزىت ، ژۇرنال ، ماقالە ، ئەسەر ناملىرى ئىچىدە يەنە شۇلارنىڭ ناملىرى كەلسە يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .

مەسىلەن : دىيانەت ئېزىزنىڭ « ‹ئانا يۇرت› نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم» دېگەن ماقالىسى تولىمۇ قايىل قىلارلىق يېزىلغان .

# ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلەر

| مىسال | تىنىش بەلگىلەر | نامى |
| --- | --- | --- |
| چېكىت | . | ياخشى ئادەت ئۆمۈرلۈك بايلىق |
| پەش | ، | ياخشىلىق قىلالمىساڭ ، يامانلىق قىلما ، ياخشىلىقنى بىلمىسەڭ ، ياخشىلارغا قو- شۇل . |
| سوئال بەلگىسى | ؟ | — بۇنداق سۆزنى قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ ؟ قايسى ئاتا ئوغلىنى يىرگىنچلىك يولغا باشلايدۇ ؟ — دەپ كايىپتۇ پادىشاھ . |
| ئۈندەش بەلگىسى | ! | — بالام ، قەيسەرلىك بىلەن ئورنۇڭدىن تۇر ! |
| چېكىتلىك پەش | ؛ | بۇرادىرىم دەيدۇكى ، ئىككى ئۆينىڭ قورغىنىنى قوشسا ، بىر قازان ئاش بولىدۇ ؛ قىسمەت ئاكام مەسۇمخان ئايلام بىلەن باش قوشسا ، كارامەت بەلەن توي بولىدۇ . |
| قوش چېكىت | : | ئالگىرى دانتى : «دوزاخنىڭ ئەڭ دەھ- شەتلىك جايلىرى ھالقىلىق پەيتلەردە بىتە- رەپ ئورۇندا تۇرىۋالىدىغانلارغا قالدۇرۇل- غان» دېگەن ئىدى . |
| قوش تىرناق | « » | سىز ئۇچۇن ئەڭ ياخشى مەكتەپ «تا- رىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدۇر . |
| يالاڭ تىرناق | < > | مەن ئۇنىڭ «ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ‹يىپەك يولىدىكى توققۇز ھىكمەت› ، خېلى ياخشى كىتاب» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم . |

| | | |
|---|---|---|
| تىرناق | ( ) | ئىنساپمۇ (قانائەتمۇ ) ئەدەب ـ ئەخلاق گۈلىستانىنىڭ بىر تال خۇش پۇراق گۈلىدۇر . |
| سىزىق | — | كېيىپ ـ ساپاغا بېرىلمەسلىك ئادەم بولۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي شەرتلىرىدىن بىرى . |
| سىزىقچە | — | — ھەي گاداي ، سەن نەدىن پەيدا بولدۇڭ ، ئۆت بۇياققا ! |
| كۆپ چېكىت | ... | ئامانقۇل تۆمۈر خەلپىگە قاراپ : «را ... زى ... بول ... ئاكا !» دېدى ـ دە ، كۆزىنى يۇمدى . |

## قوشۇمچە I

# ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ساۋات

| تۈرى | مەنىسى | | تۈزۈلىشى | ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى جانلىق ئىشلىتەلەمسىز؟ |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| ئوخشىتىش | ماھىيىتى ئوخشايدىغان بىر شەيئى ئارقىلىق، يەنە بىر شەيئىنى ئىپادىلەش ئوخشىتىش دېيىلىدۇ. | ئېنىق ئوخشىتىش | ئوخشالغۇچى، ئوخشاتقۇچى، ئوخشىتىش قوشۇمچىسى ياكى ئوخشىتىش سۆزى (دەك، تەك، خۇددى، گويا)دىن ئىبارەت ئۈچ ئېلېمېنتتىن تۈزۈلىدۇ. | يەر يۈزىنى دەپتەر بېتىدەك ۋاراقلىرىدەك ئاپئاق قار قاپلىغانىدى. |
| | | يوشۇرۇن ئوخشىتىش | ئوخشالغۇچى ۋە ئوخشاتقۇچىلا بولىدۇ. ئوخشىتىش قوشۇمچىسى كۆرۈلمەيدۇ. | كىتاب ئىنسانىيەت ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان ھەقىقىي ئەلئېھرامدۇر. |
| | | ۋەكىللىك ئوخشىتىش | ئوخشاتقۇچىلا كۆرۈلىدۇ. | ئۆزىدە بىر ئېقىن سۇ بولمىغاندىلا، باشقىلارغا قانغۇدەك سۇ بەرگىلى بولىدۇ. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| جانلاندۇرۇش | ئادەمنى نەرسە ئورنىدا ، نەرسىنى ئادەم ئورنىدا ، بىر شەيئىنى باشقا بىر شەيئى ئورنىدا تەسۋىرلەش . | ئادەملەشتۈرۈش | ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەت ، ھېسسىيات ، ھەرىكەت ۋە ھالەتلەر جانسىز نەرسىلەرگە كۆچۈرۈپ تەسۋىرلىنىدۇ . | ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئاستا مارىلاشقا باشلىدى . لەرزان شامالدا دەرەخلەرنىڭ ئىنچىكە شاخلىرى ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى . |
| | | نەرسىلەشتۈرۈش | نەرسىلەرنىڭ ھالەت ، ھەرىكەتلىرى ئادەملەرگە كۆچۈرۈپ تەسۋىرلىنىدۇ . | ھەسەن ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئېرىپ كەتتى ۋە جىم بولۇپ قالدى . ئەمما ھۆسەن تېخىچە ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ دىۋەيلەپ تۇراتتى . |
| مۇبالىغە | شەيئى ياكى ھادىسىلەرنى ، ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كىچىكلىتىپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ . | | ئا ھ، ئۇرارمەن، ئا ھ ئۇرارمەن،<br>ئاھلىرىم ئوتقاي سېنى.<br>كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،<br>بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.<br>(خەلق قوشقى) | ئالتاي دېگەن بۇ يۇرت ئەنە شۇنداق، بىر قار ياغدىمۇ بولدى، ئەرشىنىڭ ئوردىسىمۇ قارغا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. |

## قوشۇمچە Ⅱ

# خەت ـ چەكلەردىن كۆرسەتمە

**ھۆججەت**

### ئارىيەت ئېلىش خېتى

مەن بۈگۈن مەكتەپ ماتېرىيال بۆلۈمىدىن «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق توپلىمىنى بىر ئايلىق ئارىيەتكە ئالدىم . ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىمەن .

ھۆرمەت بىلەن: زۇلپىقار بارات
2002 ـ يىل 12 ـ نويابىر

ئارىيەت ئېلىش خېتى يازغاندا ئالدى بىلەن ماۋزۇسى «ئارىيەت ئېلىش خېتى» دەپ يېزىلىدۇ. ئاندىن كىمدىن، قايسى ئورۇندىن، نېمىنى ئارىيەت ئالغانلىقى ئېنىق يېزىلىدۇ.

ئادەتتە، ئىشلىتىدىغان پۇل ياكى نەرسىنىڭ سانى ئەسكەرتىلىدۇ. ئاخىرىغا ئارىيەت ئالغۇچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە يىل، ئاي، كۈن يېزىلىدۇ.

تاپشۇرۇۋېلىش خېتى (ھۆججىتى)

بۈگۈن 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كىتاب پۇلىدىن 160 (بىر يۈز ئاتمىش) يۈەن تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ پۇلنى تولۇقسىز 1 ـ يىللىقنىڭ دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلىقىغا ئىشلەتمەكچىمەن. (ھەربىر كىتاب 20 يۈەن)

ھۆرمەت بىلەن سىنىپ مۇدىرى: گۈلباھار
2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

تاپشۇرۇۋېلىش خېتىنىڭ شەكلى، تەلىپى ئارىيەت ئېلىش خېتىگە ئوخشايدۇ.

## ھاۋالە خېتى (باغاقچە)

ھۆرمەتلىك ئەركىن ئەپەندى:
مەن ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن «ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە سۆزلۈكلەر لۇغىتى» گە مۇھتاج بولۇۋاتىمەن. ماڭا ۋاكالىتەن شەھەرلىك كۇتۇپخانىدىن بۇ لۇغەتنى ئارىيەت ئېلىپ دىلدارغا بېرىپ قويسىڭىز، ئۇ ماڭا ئەۋەتىپ بەرمەكچى.

ھۆرمەت بىلەن: پاتىگۈل ئەخمەت
2003 ـ يىلى 3 ـ ماي

بۇنداق خەت ئادەتتە پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلمەيدۇ بەلكى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىنىدۇ. ئاۋۋال ھاۋالە قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى، ئاندىن ھاۋالە قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ نامى، سانى ئېنىق يېزىلىدۇ. ئاخىرىدا ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، يىل، ئاي، كۈن يېزىلىدۇ.

## سۆز قالدۇرۇش خېتى

دوستۇم ئۆچقۇن :

بۈگۈن سېنى ئىزدەپ ئۆيۈڭگە بارسام ، سەن يوق ئىكەنسەن . مەن سېنىڭ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ناملىق كىتابىڭنى كۆرۈپ تۇرماقچى ئىدىم . كەچ سائەت 8:00 دە يەنە كېلىمەن ، ئۆيدە مېنى كۈتۈپ تۇرغىن .

دوستۇڭ : پەخىردىن

2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

سۆز قالدۇرۇش خېتى يازغاندا ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ. ئاندىن ئاساسىي مەزمۇن يېزىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىدىن كېيىن چېسلا يېزىلىدۇ.

## رۇخسەت سوراش خېتى

ھۆرمەتلىك كامىل مۇئەللىم :

تۈنۈگۈن كەچتىن باشلاپ بەدىنىم تۇيۇقسىز قىزىپ ، بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ . بۈگۈن مەكتەپكە بارالمايدىغان ئوخشايمەن . شۇڭا بىر كۈن رۇخسەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن .

ھۆرمەت بىلەن ئوقۇغۇچىڭىز : ماھىرە ئابلىز

2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

رۇخسەت سوراش خېتى يازغاندا ئاۋۋال قارشى تەرەپنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ. ئاندىن رۇخسەت سوراشتىكى سەۋەب ۋە ۋاقتى ئېنىق يېزىلىدۇ. ئاخىرىدا رۇخسەت سورىغۇچىنىڭ ئىسمى - فامىلىسى، يىل، ئاي، كۈن يېزىلىدۇ.

ئۇقتۇرۇش

X X شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى
ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى
كۆرگەزمىسىگە تەشكىللەش ھەققىدىكى
ئۇقتۇرۇشى

ھەر قايسى ئوتتۇرا مەكتەپلەر، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە:

رايونىمىز 8 ـ قېتىملىق ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنى يېرىم ئاي ئىچىدە تەييارلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلغانىدى. ھازىر بارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى پۈتتى، 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن باشلاپ شەھىرىمىزدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر سارىيىدا رەسمىي سىرتقا ئېچىلماقچى.

كۆرگەزمىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ھەم ئۇنى كۆرگۈچىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان ۋاقىت جەدۋىلىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتتۇق.

سىلەرنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى بۇ پائالىيەتكە پائال تەشكىللىشىڭلارنى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغا كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەسەرلەرنى ئاسراش ۋە ئىنتىزامچان بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

X X شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى (تامغا)
2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

بۇ خىل ئۇقتۇرۇشلاردا ماۋزۇ تېكىستنىڭ ئۈستى ئوتتۇرىغا يېزىلىدۇ. خېتى كۆپرەك بولسا قۇر ئايرىپ يېزىلىدۇ. ئۇقتۇرۇش ئوبيېكتىنىڭ نامى تېكىستنىڭ باش قۇرىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يېزىلىدۇ ھەم قوش چېكىت قويۇلىدۇ. ئاندىن ئۇقتۇرۇشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى، ( نېمە پائالىيەت، يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئادەم سانى، ئورۇن، ۋاقىتلار ... ) يېزىلىدۇ. ئاخىرىدا، ئىدارىنىڭ ياكى مەكتەپنىڭ نامى ئەسكەرتىلىدۇ. كېيىنكى قۇرغا يىل، ئاي، كۈن يېزىلىدۇ. بەزى ئۇقتۇرۇشلارغا تامغا بېسىلىدۇ.

### ئۇقتۇرۇش

مەكتەپ «بۇلبۇل» خور ئۆمىكى مۇشۇ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4:00 تە (ئورۇمچى ۋاقتى) مەكتەپلەرنىڭ بىرلەشمە يىغىن زالىدا سەنئەت نومۇرلىرىنى رەپىتىس قىلماقچى.

خور ئۆمىكىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەكتەپ سەنئەت ئوقۇتۇش گورۇپپىسى
2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئادەتتىكى قىسقا ئۇقتۇرۇشلارنىڭ مەزمۇنىغا ئۇقتۇرۇش قىلىنىدىغان ئوبيېكتلار ئېنىق يېزىلىدۇ. ۋاقىت ئەسكەرتىلىدۇ.

## خەت ـ چەك

### سالام خەت

ساۋاقداش پاكزات ، ئايتېكىن :

سىلەرنىڭ مېنى ئەسلەپ ، يازغان خېتىڭلارغا رەھمەت!

تۇمەن چاقىرىملىق مۇساپە ھامان تۇنجى قەدەمدىن باشلىنىدۇ. چوڭقۇر ئىزدىنىپ ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىسەڭلارلا ، مۇۋاپپەقىيەت ئىشىكىنىڭ سىلەرگە داغدام ئېچىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. سىلەر مەندەك ئاقباش پروفېسسوردىنمۇ ئېشىپ زور مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسىلەر . بۇ بىر تارىخىي قانۇنىيەت ! ؟

مۇۋاپپەقىيەت قازىنىشتىن ئاۋۋال خۇددى ئىلگىرىكى ئىزدەنگۈچىلەرگە ئوخشاش ، ھەممىشە ئوقۇشتىن ئىلىقىنچىلىقتا ، ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان گەپ . بۇ نورمال ئەھۋال . مەن ئاۋۋال سىلەرنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە توختىماي ئىزدىنىشىڭلارنى ھەم ئۇنىڭغا چىن ئەقىدە باغلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن . بۇ يولدا ئىشەنچ ۋە ئىرادەڭلارنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىڭلار كېرەك . ئەستايىدىل ئىزدەنسەڭلارلا مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشىشىڭلاردا ئۈمىد بولىدۇ .

باشقىلار سىلەرنى چۈشەنمىگەن چاغدا ئاغرىنماسلىقىڭلار كېرەك . ھامان بىر كۈنى ئۇلارنىڭ چۈشىنىدىغانلىقىغا ھەتتا سىلەرگە ئادىل باھا بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭلار ......

ئېسىڭلاردا بولسۇن ئەدەبىياتنى ئۆگىنىش ناھايىتى مۇھىم . ئەدەبىيات سىلەرنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىڭلارنى ئۆستۈرۈپلا قالماي ، بەلكى سىلەرنىڭ مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈشىڭلارغىمۇ ياردەم بولىدۇ . بۈگۈنكى دەۋردە ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇغا ئىگە مەدەنىي ئادەم بولۇشتىمۇ تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ غايەت زور رولى بار ، ئەلۋەتتە .

سىلەرگە سالامەتلىك ۋە مۇۋاپپەقىيەت تىلەپ
ئۇستازىڭلار : مىرسۇلتان قاسىموپ
2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

سالام خەت يازغاندا، ئادەتتە خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسمى يېزىلىپ، قوش چېكىت قويۇلىدۇ. سالام خەتنىڭ تېكىستى ئابزاسلارغا ئايرىلغان بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا، بىر ئىش ياكى مەسىلە تەبىئىي بىر ئابزاسنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر بىر ئابزاس باش قۇردىن باشلىنىدۇ.

تېكىست يېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، ئامەت تىلەش ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئىبارىلىرى، يەنى «بەخت تىلەپ» ياكى «دوستلارچە قولۇڭنى قىسىپ» ، «ھۆرمەت بىلەن» دېگەندەك سۆزلەر يېزىلىدۇ. خەتنىڭ ئاخىرىدا خەت يازغۇچىنىڭ ئىسمى ياكى ئىدارە، ئورۇن نامى ۋە يىل، ئاي، كۈن يېزىلىدۇ.

## تەبرىكنامە

سالام جون ئەپەندى:

سىز بەش يىلدىن بۇيان كۆيۈپ - پىشىپ تىل فاكۇلتېتىدىكى ستۇدېنتلارغا ئىنگلىز تىلى دەرسى بېرىپ كەلدىڭىز . سىزنىڭ 50 ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈنىڭىز مۇناسىۋىتى بىلەن سىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز ، ھەم سىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز . بەش يىلدىن بۇيان سىز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئىنگلىز تىلى دەرسى بېرىش جەريانىدا ئۆزىڭىزنىڭ چىقىشقاق ، كەمتەر ، ئىلىم سۆيەر خاراكتېرىڭىز بىلەن ئېسىل ئۈلگە تىكلەپ بەردىڭىز ، ھەم ئالدىراشلىقىڭىزغا قارىماي «ئۇيغۇرچە - ئىنگلىزچە دائىم ئىشلىتىدىغان سۆزلۈكلەر لۇغىتى»نىڭ سۈپەتلىك نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتىڭىز .

سىز ھەقىقەتەنمۇ بىز تەگرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ
ياخشى دوستى !

سىزگە ساغلاملىق ، ئۇزاق ئۆمۈر تىلەپ
قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلىرىڭىز :
تاھىر ، مەردان قاتارلىقلار
1998 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

تەبرىكنامە ئادەتتە سالام خەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. تەبرىكنامىدە، كىمنى، نېمىنى، نېمە ئۈچۈن تەبرىكلەش قاتارلىق ئۈچ نۇقتا ئېنىق يېزىلىشى لازىم. تەبرىكنامىنىڭ يەنە «تەبرىك تېلېگراممىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە شەكلىمۇ بار. شەكلى تەبرىكنامىگە ئوخشايدۇ. بۇ خىل تەبرىكنامە پەقەت دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ چەت ئەل باشلىقلىرى (پرېزدېنتلىرى) غا يوللايدىغان خەت شەكلى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە مىسال كەلتۈرمىدۇق.

## تەبرىك كارتىسى

مۇئەللىم ، سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىز نەتىجىسىدە ، بىز باھار مايسىلىرىدەك ھاياتىي كۈچكە تولدۇق . چەكسىز يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇق .

ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن !
سىزگە بەخت تىلەپ
ئوقۇغۇچىڭىز : مەختۇمسۇلا سادىر
2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

تەبرىك كارتىسىنىڭ شەكىللىرى كۆپ. ئۇ ئادەتتە مۇقاۋا ھەم ئىچ بەتتىن تۈزۈلىدۇ.

مۇقاۋىغا «تەبرىك كارتىسى» ياكى باشقا بەخت تىلەش مۇزمۇنلىرىدىكى سۆز، ھۆسنخەت، رەسىم قاتارلىقلار قوشۇلسىمۇ بولىدۇ. ئىچ بەتكە تەبرىكلىگۈچىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى ۋە ئارزۇ ـ تىلىكى يېزىلىدۇ. ئاخىرىدا، ئۆزىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، يىل، ئاي، كۈن يېزىلىدۇ.

III قوشۇمچە

# خەتتاتلىق

خەتتاتلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە ئۇزاق تارىخقا ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ، مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مول يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى سەنئەت تۈرى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا ئىلىم - پەن، ھۈنەر - سەنئەت ساھەسىدە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئىجادچان خەلقىمىز خەتتاتلىق سەنئىتىگىمۇ ئەزەلدىن ئەھمىيەت بىلەن قارىغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانىدى. مەتبەئە كەشىپ قىلىنمىغان ۋە كىتاب بېسىش ئانچە راۋاج تاپمىغان دەۋرلەردە خەتتاتلىقنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلەلىشىدە خەتتاتلىرىمىز كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئۆتىگەن بولسا، مەتبۇئات تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە خەتتاتلىق ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كىشىلەرگە مول گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلماقتا.

خەتتاتلىق يېزىق سەنئىتى بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى يېزىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. يېزىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخ جەريانىدا بىراخمى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى، ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى، (دولبارچىن يېزىقى) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، قارا خانىيلار دەۋرىدىكى ئەرەب يېزىقى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقى ھەمدە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى ۋە لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىشتىن باشقا، يەنە

بەزى ئوخشىمىغان رايون ۋە شارائىتلاردا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق نۇرغۇن يېزىقلارنى قوللىنىپ، ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت جەھەتتە ئىزدەنگەن. ئۇلار بۇ يېزىقلاردىن پايدىلىنىپ تارىخ، ئىقتىساد، ئەدەبىيات، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ۋە تىلشۇناسلىققا ئائىت كۆپلىگەن يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان. بۇ يازما يادىكارلىقلار مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، پەلسەپىۋى پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تارىخىي قىممىتىنىڭ ئۇستۇنلۇكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خەتتاتلىق جەھەتتىكى سالمىقى بىلەنمۇ بىباھا سەنئەت بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ھۆسنخەت — يېزىقتىن ئىشلەنگەن كەشتە. تەبىئىيكى ھۆسنخەتنىڭ كەشتىگە ئوخشاش چىرايلىق ئىشلەنگەن خىلمۇ خىل نۇسخىلىرى بار. بۇ ھەر خىل نۇسخىلار ئۆزگىچە ئېچىلغان گۈلدەك خەتتاتلىق گۈلزارىغا زىننەت، تاماشىبىنلىرىغا لەززەت بېرىدۇ. ئىجادچان خەلقىمىز ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى يارىتىش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىزدەنگەن. خىلمۇ خىل ئۇسۇللاردا يېزىلغان نۇسخىلارنى ۋە شۇ نۇسخىنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتىكى ۋارىيانتلىرىنى ياراتقان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان.

ھازىر كۆپرەك قوللىنىلىدىغانلىرى: تۈز خەت نۇسخىسى، رۇقئى خەت نۇسخىسى، تەئلىق خەت نۇسخىسى، ئەسلىيە خەت نۇسخىسى، سۇلۇس خەت نۇسخىسى بولۇپ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھەرپ شەكىللىرىگە ئىگە خەت نۇسخىلىرى بار. سىز قولىڭىزدىكى دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن ماھىر خەتتات نىياز كېرىم شەرقى[1] نىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالايسىز.

---

① خەتتات نىياز كېرىم شەرقى 1948 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىدە تۇغۇلغان. «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «ھۆسنخەت نۇسخىلىرى»، «خەت يېزىش مەشقى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.


بىلىم بولغۇسى دەرياغا تۇشۇرۇڭ،
قەلەم بولغۇسى ئاسمانغا تۇشۇرۇڭ.
1982.3.10
(دوۋەت)
(قەغەز)


قوتادغۇبىلىك

ئەگەر بولسا خان، قاپچە ئالىم ئۆزى،

كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.

پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق،

خېتى ئۆز بالاغەتتە بەك يېقىملىق.

خېتى ئۆز يېزىلسا كۆڭۈل ئېچىلۇر،

ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋۇنۇر.

پۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر،

پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۇنتۇلماي قالۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تىن. شەرقىي يازغان





«سالامەت بولۇڭ»، «ئەخلاق ئادەم زىننىتى» شەرقى يازغان


نىياز كېرىم شەرقى يازغان

封面设计: 古丽叶

ISBN 978-7-5370-5233-7
9 787537 052337 >
باھاسى : 6.05 يۈەن